TANGRITAG

2003.3

天尔塔格

# تەڭرىتاغ

«سارس»قا قارشى ئۇرۇش

ياشاپ باقە، بەرنا



«دەريا بويى»نىڭ سىرى

ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرى ھەققىدە

غالجىر بۇقا ۋە شېرىپ تەلۋە

ISSN 1004-1745

9 771004 174028



شائىر ئوسمانجان ساۋۇت

نەشرىيات باشلىقى: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

## 2003.3



ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشرىياتى تۈزۈپ نەشر قىلدى

# مۇندەرىجە

## مەخسۇس ئەسەر


ئىس - تۈتەكسىز جەڭ - «سارس» قا قارشى ئۇرۇش ........................ (4)


## پوۋېست، ھېكايىلەر


ياشاپ باقە، بەرنا (پوۋېست) ........................ **مۇھەممەد سالىھ مەتروزى (9)**
ياۋا كەپتەر (ھېكايە) ........................ **ۋەلى داۋۇت (71)**


## شېئىرلار


ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرى........................ **ئوسمانجان ساۋۇت (40)**
غەزەللەر ........................ **ئەكبەر نىياز پەتتارى (41)**
ئىشقنامە ........................ **غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت (65)**
باغرىمدا چېچەكلەر ھىجران........................ **ئۆمەرجان سىدىق (مىسكىن) (66)**
ئۈچ شېئىر ........................ **غېنى قۇربان (قوغۇنچى) (67)**
كۆزلەر بالاسى........................ **ئەخەت كەلپىن ئىنسانى (67)**


## نەسرلەر


تاش ساداق........................ **قۇربان ئەمەت (68)**



**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر**
**بۇ سانىنىڭ مۇھەررىرلىرى: ئەزىزى (تەكلىپلىك)،**
**ئەكبەر سالىھ، ئىمىرھەسەن مەخمۇت**
**مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت**
**ئىشخانا خادىمى: سەنەۋەر ئۆمەر**
**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ**
**تارقىتىش خادىمى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت**
**ئېلان خادىمى، فوتوگراف: ئالىم خالىدىن**

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال) ئومۇمىي 98 - سان

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

يارىلانغان سوقرات .................................... ب. بىرشت (98)

## مۇھاكىمە سالونى

ئوسمانجان ساۋۇت ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە سۆھبەت .................................... (44)
شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنى چۈشىنىش .................................... ئادىل تۇنىياز(56)
باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلىگىلى بولامدۇ؟ .................................... ئەزىزى (112)

## ئانا يۇرت تەسۋىرلىرى

ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى .................................... ۋاڭ مېڭ (77)
تارىمنىڭ يۇرىكىدىكى ئوت.................................... ئۆمەرجان ئىمىن (80)

## ئەسلىمىلەر

غالجىر بۇقا ۋە شېرىپ تەلۋە .................................... ئېزىز ساۋۇت (94)

## تۇرمۇشتا نەزەر

مۇھەببەت - بىر خىل راھەت ۋە ھۇزۇر دېمەكتۇر .................................... ئوشۇ (110)

ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تور ئادرېس: http://www.tangritagh.net
E—mail:editor@tangritagh.net
polat@tangritagh.net
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدۇ
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
(782 - خەت ساندۇقى)
خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: ISSN1004—I745
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65—1012/I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 58
پارچە سېتىلىشى: 5.00 يۈەن



# ئىس - تۈتەكسىز جەڭ - «سارس»قا قارشى ئۇرۇش

تەھرىر بۆلۈمىمىز تەييارلىغان

## «سارس»نىڭ خىرىسى

ئىنسانىيەت بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ ئىنسانلارغا ھازىرغىچە زور ئاپەتلەر ئىچىدە كېسەللىكلەر يەنىلا ئەڭ چوڭ تەھدىت بولۇپ كەلدى. يېقىنقى زامان تارىخىدا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن زىيىنى باشقا ھەرقانداق زىياندىن ئېشىپ كەتتى. مەسىلەن، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ئۇرۇش بىلەن ئۆلگەنلەرگە قارىغاندا، ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سانى كۆپ بولغان. 2002 - يىلىلا دۇنيا بويىچە ئۆپكە تۇبېركۇليوز بىلەن يۇقۇملانغان 9 مىليون كىشى ئىچىدە 2 مىليون كىشى ئۆلۈپ كەتكەن. ئەيدىز كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ، ئەلۋەتتە.

ئەمما، ئىنسانىيەت بۇ قورقۇنچلۇق كېسەللىكلەر ئالدىدا ھېچقاچان بەل قويۇۋەتمىدى. 1885 - يىلى غالجىرلىق كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى كەشىپ قىلىندى. 1890 - يىلى بوغما ئانتىتوكسىن بارلىققا كەلدى، 1921 - يىلى بولسا تۇبېركۇليوزنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان كالمېت گۆيرىن ۋاكسىنىسى ياسىلىپ چىقىلدى. 1928 - يىلىغا كەلگەندە پېنىسىلىن كلىنىكىلىق داۋالاشقا ئىشلىتىلدى. . .

دەرۋەقە، ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى خىلمۇ خىل قورقۇنچلۇق كېسەللەرنى بىر - بىرلەپ باش ئەگدۈرۈشكە ئەگىشىپلا، يېڭى - يېڭى يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ تىپلىرى يەنە مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ياشاش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى نەتىجىسىدە ساياھەتچىلىك يوللىرىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى، مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي ئالاقىلارنىڭ چەك - چېگرىلارنى بۇزۇپ تاشلىشى بىلەن ئادەم ئېقىمىنىڭ تېزلىشى ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقلارنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق يېڭى شارائىتتا پەيدا بولغان يېڭى تىپتىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىدى.

«سارس» كېسىلىنىڭ تۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇشى جۇڭگولۇقلارنىلا ئەمەس، دۇنيانىمۇ چۆچۈتتى. كېسەللىك خەلقنىڭ ھاياتىغا بىۋاسىتە تەھدىت ئېلىپ كېلىپلا قالماي، دۇنيا جۇملىدىن دۆلىتىمىز ئىقتىسادىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

«سارس» - بىر خىل تېز يۇقىدىغان، جىددىي خاراكتېرلىك نەپەس يولى ياللۇغى كېسەللىكى بولۇپ، يېقىنقى مەزگىلدە دۆلىتىمىزنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا كۆرۈلگەن. نۆۋەتتە تېخى كېسەلنىڭ سەۋەبى ئېنىقلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق كلىنىكىلىق ئىپادىسى تېز سۈرئەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ كېسەلدە ئادەم قىزىيدۇ، توڭلاپ تىترەيدۇ، بېشى ئاغرىيدۇ، پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىيدۇ، ماغدۇرسىزلىنىدۇ، قۇرۇق يۆتىلىدۇ. كېسەللەرنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىدۇ. ھەتتا نەپەسلەنگەندە زورۇقۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. ئۆپكىسىنى رېنتىگىندە تەكشۈرگەندە ئوخشىمىغان دەرىجىدە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ يېقىندا ئاشكارىلىشىچە، ھازىر نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايون «سارس» كېسىلىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان بولۇپ، يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى بىرنەچچە مىڭ ئادەمدىن ئاشىدىكەن.

ھەر كۈندىكى خەۋەر ۋە ستاتىستىكىلاردىن قارىغاندا تاكى ھازىرغىچە، (بىز بۇ ئەسەرگە قەلەم تەۋرىتىۋاتقان 5 - مايغىچە) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز، شۇنداقلا شىزاڭ، چىڭخەي قاتارلىق رايونلار سارستىن مۇستەسنا رايونلار بولۇپ سانالماقتا. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن بىز ھوشيارلىقىمىزنى ۋە پۇتكۇل مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئالدىنى ئېلىش جېڭىدىن ئۆزىمىزنى سىرتتا قالدۇرساق بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

دېمەك، «سارس» نىڭ تەھدىتى ئالدىدىكى سەزگۈرلۈك، ئۇنى چۈشىنىش، رايونىمىزغا تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە بىز ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

يېقىنقى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، جۇڭگو، ئامېرىكا، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بايقاش، ھەقىقىي رېتسىپىنى تېزدىن دۇنياغا جاكارلاش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ زادى قاچان روياپقا چىقىشىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى گۇاڭجۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «سارس» كېسىلى ئۈستىدىكى تەتقىقات يىغىنىدا مۇتەخەسسىسلەر ھازىر «سارس» ئۈستىدە دەسلەپكى نەتىجىلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، تېخى ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنىڭ يەنىلا ئىزدىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەلكىم ھازىرقى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدا ئۇزۇنغا بارماي ئۈنۈملۈك داۋاسى تېپىلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ھازىرقى

رېئاللىقتا بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم چارە كېسەللىكنىڭ باشقا رايونلارغا، شۇنداقلا كەڭ دائىرىدە تارقىلىشىنى توسۇش بولماقتا.

## «پىدائىي»لار

«سارس» كېسىلى ئىنسانىيەتكە، بولۇپمۇ جۇڭگو خەلقىگە چوڭ تەھدىت بولدى. بۇ ئاپەت ئالدىدا پۈتكۈل جۇڭگونى ۋەتەنپەرۋەرلىك جەڭگىۋارلىقى قاپلىدى. بارلىق ئورگان، ساھە، تارماقلار بىرلىكتە ئالدىنى ئېلىش كۆرىشىگە ئاتلاندى. ئۇرۇشتا ئالدىنقى سەپتە جەڭچىلەر ھاياتىنىڭ خېيىمخەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي ئاتلىنىدۇ، لېكىن بۇ قېتىملىق «جەڭ»دە بولسا ئالدىنقى سەپكە ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر ئاتلاندى. بەزىلەر بۇ جەڭدە ئىسسىق جېنىدىن ئايرىلدى. شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن دوختۇر، سېستىرالار ئۆزلىرىنى «پىدائىي» بولۇپ كېسەلنىڭ ئالدىنقى سېپىگە بېرىشقا تىزىملاتتى. دوختۇر، سېستىرالار ئۆز كەسپىگە مۇجەسسەملىگەن ئۇلۇغۋارلىقنى ھېچقاچان ھازىرقى دەۋردىكىدەك نامايان قىلمىغان. ئۇلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، مىللەت ۋە خەلققە بولغان چەكسىز مەسئۇلىيەت روھى بىلەن «سارس»نىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلدى. پېنسىيىگە چىققان مۇتەخەسسىسلەرمۇ قايتىدىن داۋالاش بۆلۈمىدە تەييار بولدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرما ھالدا بەزىلەر قايناق شەھەرلەردە ھەممە يەرگە پىتنە - پاسات تېرىدى، ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيۇپ خەلقنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى. بەزىلەر توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ بېيىش ئۈچۈن ساختا مەھسۇلاتلارنى تۆكمە قىلىپ ۋە زۆرۈر ماتېرىياللارنىڭ باھاسىنى ئاشۇرۇپ سېتىپ ھارامدىن پۇل تاپماقچى بولدى. مۇناسىۋەتلىك فۇنكسىيىلىك تارماقلار «سارس»قا قارشى كۈرەشتە جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىنى قوغداش سېپى بويىچە جەڭنى قانات يايدۇرۇپ، بۇلارنىڭ خىيالىنى بىتچىت قىلماقتا. دەرۋەقە «سارس» بىزگە ئەمەلىيەتتىكى ساداقەتمەنلىك بىلەن پەسكەشلىك، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن رەزىللىكنى ھەقىقىي تونۇتتى.

«سارس» كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان بىمارلارنى داۋالاش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان دوختۇر ۋە سېستىرالار يۇقۇملاندى. ئاشۇ باتۇر ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر ئۆزلىرىنىڭ يۇقۇملىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەي ئۆزىنى بېغىشلىغان تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى ئادەتتىكى روھ ئەمەس، بەلكى ھازىرقى ۋاقىتتا، بۈگۈنكى دەۋردە ياڭراۋاتقان قەھرىمانلىق مېلودىيىسى!

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، بېيجىڭ شەھىرى پىڭتەي رايونىدىكى دوختۇرخانا «سارس» كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغانلارنى داۋالايدىغان مەركىزىي دوختۇرخانا قىلىنىپ بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمە ئوقتۇرۇلۇشى بىلەنلا ئىشچى - خىزمەتچىلەر جىددىي، كەسكىن ئېلىپ بېرىلىدىغان «سارس ئۇرۇشى»غا تاقابىل تۇرۇش ۋە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىقلارغا كىرىشىپ كەتتى. شىنخۇاشې مۇخبىرى بۇ دوختۇرخانىنى زىيارەت قىلىۋاتقىنىدا، بۇ دوختۇرخانا پارتكومىسى مەلۇم بىر سېستىرانىڭ مۇنداق «ئىلتىماس»نى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ «پىدائىيلىق ئىلتىماسى»دا مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«خەلق ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، مەن ئۆزۈمنىڭ ئەسلىدىكى ئازادە، بىخەتەر خىزمىتىمنى ئۆزلۈكىمدىن تاشلاپ ئۆزۈمنى «سارس» ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتاش نىيىتىگە كەلدىم.

مەن بىر سېستىرا، شۇنداقلا ئامما ئارىسىدىكى ئىلغار ياش بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن بۇ «ئۇرۇش»تا قاچاق ئەسكەر بولۇشنى ئەمەس، ئالدىنقى سەپكە قاتنىشىدىغان «پىدائىي» بولۇش ئىرادىسىگە كەلدىم. مەن ئۆز ئەمەلىيىتىم ئارقىلىق پارتىيە ۋە خەلقىمنىڭ سىناقلىرىنى قوبۇل قىلىشنى ئاكتىپلىق بىلەن تەلەپ قىلىمەن. ئەگەر مەن قۇربان بولۇپ كەتسەم، مېنى كوممۇنىست دەپ بىلىشىڭلارنى ھەمدە قىزىمغا ئېتىبار بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

ھۆرمەت بىلەن:

خاۋ يەنمېي»

بۇنداق «پىدائىيلار»نى ئېلىمىزدە يەنە ئۇچرىتالايمىز.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى جېڭ شىن ئون نەچچە ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، بېيجىڭ شەھەرلىك «120» قۇتقۇزۇش مەركىزىگە ياردەملىشىشكە باردى. ئۇلار بۇ يەردە ئاممىدىن «سارس» ھەققىدە سورالغان مەسىلىلەرگە ئۆزلىرى مەكتەپتە ئۆگەنگەن ئىلمىي بىلىملىرىگە ئاساسەن جاۋاب بېرەتتى. ئۆزلىرى كۆرۈپمۇ باقمىغان، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغان ناتونۇش كىشىلەرنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بېرىشكە، ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلىپ، نەچچە سائەتلەپ ئۇزمەي سۆزلىشىشكە توغرا كېلەتتى.

بېيجىڭ شەھىرىدىكى كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىرلاشقانسېرى ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ئالدىنقى سەپتە «پىدائىي» بولۇشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئىشلەۋاتقانلار كۈنسايىن كۆپىيىپ، ھازىر ئۇلار 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار سىر ساھە، ھەر كەسىپلەردىن ئۆزلۈكىدىن ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغان «پىدائىي»لاردۇر.

## شىنجاڭلىق ھەربىي دوختۇرلار بېيجىڭغا ئىللىقلىق يەتكۈزدى

شىنجاڭ ھەربىي رايوندىن بېيجىڭغا ئەۋەتىلگەن 34 نەپەر دوختۇر - سېستىرالار بېيجىڭ «سارس»نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش نۇقتىلىق دوختۇرخانىسى - شياۋتاڭشەنگە كەلگەن بىرنەچچە ھەپتىدىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ خاتىرجەم ئۇخلاپ باقمىدى.

سىڭدۈرۈلگەن ئەجىر بىكارغا كەتمىدى. شىنجاڭ

ھەربىي رايون دوختۇرخانىسى بېيجىڭغا ئالاھىدە ئەۋەتكەن دوختۇر - سېستىرالارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشىغا ئەگىشىپ 7 - ماي كۈنى «سارس» بىلەن يۇقۇملانغان 42 بىمارنىڭ ھەممىسى خەتەردىن قۇتۇلدى. كېسەللىك ئەھۋالىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى.

يۇقۇملىنىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن دوختۇر - سېستىرالار دېجورنىلىق قىلغان ئالتە سائەت ئىچىدە سۇ ئىچىشى ۋە ھاجەتخانىغا بېرىشى مەنئىي قىلىناتتى. بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇلار چوقۇم ئىشقا چۈشۈشتىن بەش سائەت بۇرۇن سۇ ئىچمەسلىككە توغرا كېلەتتى.

ئۈچ قەۋەت ناھايىتى قېلىن بولغان مۇداپىئەلىنىش كىيىمى ئادەمنىڭ دىمىنى سىقىپلا قالماي، بەلكى يەنە نەپەسلىنىشنىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. بىر ھەپتىدىن بۇيان بېيجىڭنىڭ تېمپېراتۇرىسى 20 گرادۇستىن يۇقىرى بولۇپ كەلگەچكە، ئىشقا چۈشۈشتىن ئىككى سائەت ئاۋۋال پۈتكۈل ئەزايى تەرلەشكە باشلىسا، ئىككى سائەتتىن كېيىن ئاران قۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا بىرئاز ئازادىلىك ھېس قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي بەدىنى توڭلاشقا باشلايتتى.

ھازىر كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈپمۇ قالدى.

بارلىق كېسەللەرنى ھەر بىر سائەتتە بىر قېتىم، ئېغىرراق كېسەللەرنى ئون نەچچە مىنۇتتا بىر قېتىم تەكشۈرىدىغان بولغاچقا، ئۇلار كېسەلخانىدا گويا پىرقىرىغۇچتەك توختىماستىن ئايلىناتتى. چۈنكى كېسەللەرنىڭ بىرىگە سۇ ئىچكۈزسە، شۇ ۋاقىتنى خاتىرىلەشكە، يەنە بىرىنىڭ قىزىتمىسىنى ئۆلچەشكە توغرا كېلەتتى. مانا مۇشۇنداق تۈگىمەس ئىشلار تۈپەيلى ئۇلار قاتتىق چارچىغانلىقتىن بەزىدە ئۇخلىيالمايمۇ قالاتتى. مەلۇم بىر كېسەل ئايال گې شيۇپىنغا مۇنداق دېدى: «مۇشۇ كۈنلەردە پەقەت سىلەرنىڭ بىر جۈپ كۆزۈڭلارنىلا كۆرۈپ كەلدىم. مېنىڭ بىر ئارزۇيۇم بار. يەنى كەلگۈسىدە سىلەرنى كۆرگىلى بارغان چېغىمدا چىرايىڭلارنى ئېنىق بىر كۆرۈپ باقسام».

## مەركىزىي كومىتېت ۋە ھۆكۈمەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى «سارس» كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا بىرقاتار جىددىي تەدبىر - چارىلەرنى تۈزۈپ چىقتى

«سارس» كېسىلى - ئاپەت خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىك سۈپىتىدە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئېغىر سىناققا دۇچ كەلدى. دەل مۇشۇنداق ھەل قىلغۇچ ۋاقىتتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە ھەرقايسى تەشكىلاتلار، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى، شۇنداقلا ھەر بىر پۇقرانىڭ ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، جەمئىيەتكە، دۆلەتكە مەسئۇل بولۇش پرىنسىپى ئاساسىدا بىرقاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دۆلەت رەئىسى خۇ جىنتاۋ تەكىتلەپ: «‹سارس› نىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنىڭ غەلىبىسى پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى يېتەكلەش ئىقتىدارى ھەم پۈتكۈل پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسى ۋە جاسارىتىگە قويۇلغان سىناق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مۇستەھكەم رەھبەرلىكىدە پۈتكۈل پارتىيە، پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن ئامىمىغا ۋە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ئىرادە سېپىلىنى بەرپا قىلىپ بىز چوقۇم ‹سارس› كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىمىز» دەپ جاكارلىدى.

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بېيجىڭدا مەملىكەتلىك «سارس» كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى ۋېن جىاباۋ ھەرقايسى تارماقلاردىن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلىق خىزمەتنى ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى:

«1. كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ تارقىلىشىنى تىزگىنلەش كېرەك. . . يۇقۇملۇق كېسەلنى تىزگىنلەشتە ئاچقۇچ - «تۆت بالدۇر» نى، يەنى بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىۋېتىش، بالدۇر داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

تۆمۈر يول، تاشيول، سۇ قاتنىشى، چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى شەھەرلەر ۋە مۇھىم ئاۋىئاتسىيە ئورۇنلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردا بىمارلارنى تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇش. زۆرۈر ئەسلىھەلەرنى ۋە خادىملارنى سەپلەش، تەكشۈرۈش، بىر تەرەپ قىلىش لايىھىسى تۈزۈپ كېسەل ۋە ئوخشىشىپ كېتىدىغان كېسەلنى ۋاقتىدا ئايرىپ كۆزىتىش كېرەك.

2. تۈرگە ئايرىپ يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش كېرەك. جايلارنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇپ، قاراتمىلىقى بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىشى كېرەك.

3. كۈچ تەشكىللەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇلىنى بالدۇرراق تېپىپ چىقىش كېرەك.

4. قۇتقۇزۇش، داۋالاش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، داۋالاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

5. مەملىكەت مىقياسىدا ئامما سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش بويىچە جىددىي بىر تەرەپ قىلىش مېخانىزمى بەرپا قىلىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

6. خەلقئارا ۋە رايونلار ئارا ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى بويىچە ھەمكارلىق ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىش كېرەك».

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى ۋېن

جىياۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە گوۋۇيۈەن دائىمىي ئىشلار يىغىنى ئېچىپ، «سارس» كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، «سارس» كېسەللىكىگە مۇناسىۋەتلىك تەدبىر، بەلگىلىمىلەرنى ئۈنۈملۈك ماسلاشتۇرۇپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەتراپلىق يەكۈنلەپ، كېسەلنى ئىمكانقەدەر تېز تىزگىنلەش ئۈچۈن گوۋۇيۈەندە «سارس» كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇرۇلدى. يىغىندا يەنە «سارس» كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش فوندى تەسىس قىلىش، فوند ئۈچۈن 2 مىليارد يۈەن ئاجرىتىش قارار قىلىندى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «سارس» كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ھەققىدىكى جىددىي كۆرسەتمىلىرىنى چىقىش قىلغان ھالدا دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى ساھە ۋە كەسىپلەر بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ، «سارس» كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش جەھەتتە خەلقنىڭ سالامەتلىكى ۋە بەختەرلىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزىگە خاس مۇھىم تەدبىر ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردە مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ مەخسۇس «سارس» كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلدى. ھەرقايسى ئورۇنلاردا «سارس» كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە مەسلىھەت بېرىش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلدى. پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە «سارس» كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسەت قىلىنغان ئاممىۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ھەر خىل تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، پۈتكۈل جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ «سارس» كېسەللىكىگە بولغان تونۇشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ھەققىدىكى سەۋىيىسى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز «سارس» كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش جەھەتتە بىر يۈرۈش ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن كېيىن تېلېۋىزور، تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، «سارس» كېسەللىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمايىل تىلىۋالدى يىغىندا سۆز قىلىپ: «ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقى ھەم ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، خەلققە قەتئىي مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىمىز بىلەن ‹سارس› كېسەللىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلىشىمىز لازىم» دەپ كۆرسەتتى.

ئىسمايىل تىلىۋالدى ئۆز سۆزىدە مۇنداق تۆت ئىشنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى: «بىرىنچى، ‹سارس› كېسەللىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى داۋالايدىغان ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، خىزمەتلەرنىڭ تەرتىپلىك ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ئىككىنچى، ئالدىنى ئېلىش ۋە كۆزىتىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، كېسەللىكنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا تارقىلىپ كىرىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك؛ ئۈچىنچى، تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللەرنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش تەييارلىق لايىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ تۆتىنچى، تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكتىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى داۋالاشقا دائىر تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش كېرەك».

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «سارس» كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش بويىچە نۆۋەتچىلىك تېلېفون نۇقتىلىرى تەسىس قىلىپ خەلق ئاممىسىنىڭ «سارس» كېسەللىكىنى چۈشىنىش، ئالدىنى ئېلىش ۋە قوغدىنىش بويىچە ھەر ۋاقىت مەسلىھەت بېرىش شارائىتى يارىتىپ بېرىلدى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز يەرلىكنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ھالدا ھەرقايسى سەپلەرنى ئورتاق سەپەرۋەر قىلىش، «سارس» كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىنى قاراتمىلىق بولغان ھالدا قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ بۇ ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

پارتىيىمىزنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەنئەنىسى بار. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خەلقنى دەرھال سەپەرۋەر قىلىشتەك ئەنئەنىسى بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ياخشى ئۈنۈم بەردى. پۈتكۈل خەلق، پۈتكۈل ساھە تېزلا ئۇرۇش تەييارلىقىغا ئۆتتى. بۇ ئۇرۇش نوقۇل داۋالاش جېڭى بولۇپلا قالماستىن، ئالدىنى ئېلىش، ئالاھىدە شارائىتتا ماس تازىلىق، تۇرمۇش ئادىتىنى ماسلاشتۇرۇش جېڭى. بۇ ئۇرۇش يەنە بارلىق ئاۋام خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش جېڭى ۋە ئاۋام خەلقنىڭ ئۆزئارا مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈش جېڭى ئىدى.

## بىز «سارس»تىن قانداق مۇداپىئەلىنىمىز؟

1. «سارس» ئىنتايىن كۈچلۈك يۇقۇملىنىش خاراكتېرىدىكى كېسەللىك بولۇپ، كىشىلەر توپلىشىپ تۇرغان جايدا ئۇنىڭ تارقىلىشىمۇ تېز بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق چاغدا ئامالنىڭ بارىچە يۈز تۇرانە ئالاقىنى ئازايتىش كېرەك. ھازىر دوستلار ئارا كومپيۇتېر تورى، تېلېفون، خەت - ئالاقە... ئارقىلىقمۇ بىخەتەر، ئۈنۈملۈك ئالاقىلاشقىلى بولىدۇ.

2. زىيادە قورقۇپ، ئۆيدىن تالاغا چىقماسلىق

بەزى كىشىلەر يېمەك - ئىچمىكىنى ئۆيگە ئەكىلىۋېلىپ، سىرت بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈش ئارقىلىق كېسەللىكتىن مۇداپىئەلىنىشنى مۇۋاپىق كۆرۈۋاتىدۇ.

بۇنچىۋالا ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىشنىڭ ئۇنۇمى زادى قانداق بولار؟ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، زىيادە ئېھتىياتچان بولۇشمۇ كېسەلگە بولغان ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدىكەن. مۇۋاپىق مىقداردا سىرتلاردا پائالىيەت قىلىش، يەنى ھاۋاسى ساپ، مۇھىتى ياخشى بولغان جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇپ تۇرۇشنىڭ سالامەتلىككە ۋە كېسەللىككە بولغان ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇشتا پايدىسى بار ئىكەن.

3. «سارس» تىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ھەممىلا يەردە قېچىپ يۈرۈش

يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىۋاتقان مەزگىلدە سەپەرگە چىقىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. نۆۋەتتە بىز دېزىنفېكسىيىلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن ئادەملەر زىچ جايلاشقان مۇھىتتا «سارس» بىلەن يۇقۇملانغان كىشى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت بىرگە بولۇش ھەر ۋاقىت «سارس» تىن يۇقۇملىنىش خەۋپىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن شەھەر بىلەن شەھەر، شەھەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدىكى بېرىپ كېلىشنى ئامال بار ئازايتىش كېرەك.

4. كېسەل تۇرۇپمۇ دوختۇرغا بارماسلىق

بەزى كىشىلەر دوختۇرخانىنى ناھايىتى خەتەرلىك دەپ قاراپ كېسەل كۆرسىتىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغان. كېسەلنى ۋاقتىدا داۋالىمىسا كېيىنكى ئەھۋال تېخىمۇ خەتەرلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەمما دوختۇرخانىغا كىرىشتىن ئاۋۋال ماسكا تاقىشىڭىز، قايتىپ چىققاندا قولىڭىزنى پاكىز يۇيۇشىڭىز، دېزىنفېكسىيىلىشىڭىز كېرەك. پۇل تۇتقاندا، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا، سىرتتا ئويناپ كىرگەندە، نەرسە - كېرەك سېتىۋالغاندا ۋە شۇنىڭدەك باشقا ئەھۋاللاردا چوقۇم قولنى پاكىز يۇيۇش تولىمۇ مۇھىم.

5. قالايمىقان دورا يېيىش

بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش «سارس» تىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن، نۇرغۇن كىشىلەر ئوزۇقلۇق تولۇقلىغۇچى دورىلار ۋە ۋىتامىن دورىلىرىنى سېتىۋېلىشتى. مۇتەخەسسىسلەر شۇنى ئاگاھلاندۇرىدۇكى، ئوزۇقلۇق تولۇقلىغۇچى دورىلارنى دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېيىش كېرەك. بولمىسا ئۇ خىلدىكى دورىلارنىڭ ئەكس تەسىر پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

6. ماسكا تاقاش

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، كىشىلەر ئاممىۋى ئاپتوبۇس، پويىز ۋە شۇنىڭدەك قاتناش ۋاسىتىلىرىغا ئولتۇرغاندا، دوختۇرخانا ياكى كىشىلەر بىرقەدەر زىچ بولغان جايلاردا ياخشىسى ماسكا تاقىۋېلىش كېرەك. لېكىن ماسكا تاقاشتىمۇ ئىلمىيلىك بولۇشى كېرەك.

7. تازىلىققا ئەھمىيەت بەردۇق دەپ دېزىنفېكسىيە سۈيۇقلۇقىنى زىيادە كۆپ ئىشلىتىش

«سارس» باكتېرىيىلىرىنىڭ ئۇزۇن مەزگىل كىيىم - كېچەك ياكى باشقا نەرسىلەرگە چاپلىشىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق ئىسپات يوق. شۇڭا ئەتراپىتىكى ھەممە نەرسىنى يۇقۇملىنىش ئوبيېكتى دەپ بىلىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت ئىلمىي ئۇسۇلدا تازىلىق ئادىتى يېتىلدۈرسىڭىز، يەنى قولنى دائىم يۇيۇپ تۇرۇش، كىيىمنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۇنۇملۈك ھالدا «سارس» نىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## خاتىمە

كىشىلەرگە ۋەھىمىلىك بىلىنىدىغىنى «سارس» نىڭ ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش نىسبىتىنىڭ ئۈچ - تۆت پىرسەنت بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ «يېڭى كېسەللىك باكتېرىيىسى» ئىكەنلىكى ۋە يۇقۇشچانلىقىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقى.

نۇرغۇن كىشىلەر تاسادىپىي ھادىسىلەر مېڭىگە قان چۈشۈشتىنمۇ خەتەرلىك، قەستكە ئۇچراش دىئابېت كېسىلىدىنمۇ خەتەرلىك دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەزرائىلنىڭ «ھۆزۈرى» غا كەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە مېڭىسىگە قان چۈشكەنلەر تاسادىپىي ھادىسىگە ئۇچرىغانلاردىن كۆپ، دىئابېت كېسىلى بىلەن قازا قىلغانلار قەستكە ئۇچرىغانلارنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار تارىخىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىچىدە «سارس» ئانچە چوڭ كېسەل ھېسابلانمايدۇ. بۇ كېسەلنىڭ ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش نىسبىتى پەقەت ئۈچ - تۆت پىرسەنتلا، خالاس.

پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار چوقۇم خەتەرلىك كېسەللىكلەرنى بويسۇندۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى تېخنىكىغا ئېرىشىدۇ. پەن - تېخنىكىدىكى ھەربىر قېتىملىق يېڭى بايقاشنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىككە ئالغان يېڭى بىر قەدىمى ھېسابلىنىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ ئىزچىل تەرەققىي قىلىشى ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلار چەكلىمىلەرگە ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىكلەرگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا بىز ئەتراپىمىزدىكى كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن بىخودلۇق ياكى زىيادە قورقۇش پوزىتسىيىدە بولماستىن، ئاكتىپ مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، ئىنسانلار بىلەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئارىسىدىكى جەڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ!



# ياشاپ باقە، بەرنا

(پوۋېست)

مۇھەممەد سالىھ مەترۇزى

بۇ تراگېدىيە ئاخىر يۈز بەردى.

بۇ تراگېدىيە يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى.

ئەمما ئۇ ئاخىر يۈز بەردى.

نورمال تۇرمۇشۇم، ئۆز قىممىتى ۋە چەك - چېگرىسى بىلەن يېنىك شامالدا بىر خىللا ئايلىنىۋاتقان شامالدۇرغۇچتەك ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان كۈنلىرىم، ئۆز رىزقى، تەمىناتى بىلەن بىر ئۆيدان ياشاۋاتقان ھەرقانداق بىر ئادەم باشتىن ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان كەچمىش - كەچۈرمىشلىرىم، ئىشقىلىپ مەن ياشاۋاتقان بوشلۇق ۋە دائىرىدىكى ھەممە نەرسە بىردىنلا داۋالغۇپ كەتتى. يۈرىكىم ئۆرتەندى. ۋۇجۇدۇم ئاچچىق سىقىلدى. گويا قىزىتىلغان تۆمۈر ئۈستىگە تاشلانغان بىر تال مويدەكلا.

بۇ شەرمەندىچىلىكنىڭ سۈس يامغۇرلۇق ئاخشىمىدا كۆز ئالدىمدىلا يۈز بەرگىنىنى ئويلىسام، تېنىم شۈركىنىدۇ. بىرەيلەن مۇسكۇللىرىمغا ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ چوغىنى ياققاندەكلا ئىچ - ئىچىمدىن ئازابلىنىپ كېتىمەن، پۇچۇلىنىمەن.

مەن يامغۇرنى ئاجايىپ ياخشى كۆرەتتىم. يامغۇرلۇق پەسىلنىڭ كائىناتتىكى تۈرلۈك - تۈمەن تەبىئەت ھادىسىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ مۇكەممەل پەسىل ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەنگىنىم ئىشەنگەنىدى.

نەزىرىمدە يامغۇر پەسلى پەسىللەر ئەركىنى، مۇھەببەت پەسلى، رومانتىك قىز - يىگىتلەرنىڭ ئوتلۇق ھاياجان ئىلكىدىكى بىر تۇتام ئەتىرگۈل پەسلى ئىدى. ئىنسان ھۇزۇرلىنىشقا تېگىشلىك بارلىق گۈزەللىك ۋە جىمى تاتلىق ئەسلىمىلەر يامغۇر پەسلىدىلا، بولۇپمۇ يامغۇرلۇق ئاخشامدىلا ئۆز لاتاپىتىنى كۆرسىتەتتى، مەن شۇنداق قارايتتىم.

ئەمما، ئۇنىڭ ئەكسىچە يامغۇر پەسلىدە ھەتتا بىرىپ بىر گۈزەل يامغۇرلۇق ئاخشامدا كۆڭۈلنى ۋەيران قىلىدىغان شەرمەندىچىلىكنىڭ يۈز بېرىشى...

ئۇ جىمىپلا قالدى. سۆزىنىڭ داۋامىنى يۇتۇۋەتتى. شام يورۇقىدا ئۇنىڭ قىزارغان چىرايلىرى بارغانسېرى قىزىرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئالدىدىكى پىۋا رومكىسىنى ئالدى ۋە گۈپ قىلىپ كۆتۈرۈۋەتتى. مۇزىكا يېنىك ياڭراپ تۇراتتى. تاملاردىن چۈشۈۋاتقاندەك بىلىنىدىغان نۇر شولىلىرى، كۆزلىرىدىن، مەڭزلىرىدىن ۋە لەۋلىرىدىن مۇھەببەت ھەم سۆيگۈ تەپچىپ تۇرغان قىز - يىگىتلەرنىڭ تاتلىق پاراڭلىرى، پاكىز كىيىنگەن مۇلازىملارنىڭ ئەدەپ ۋە سىپايە بىلەن خىزمەت سوراپ تۇرۇشلىرى، ھەر بىر ئۈستەلدە ئاجىز نۇر چېچىپ يېنىۋاتقان خرۇستال شامدانىدىكى شاملار، بۇلۇڭ - بۇلۇڭلاردىن، تورۇس، تۈۋرۈك، پوللاردىن رومانتىك شەكىللەر كۆرۈنۈپ

تۇرىدىغان قەھۋەخانا ئىچى كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرىدىغان ئۆزگىچە بىر مۇھىت پەيدا قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى رومكا كەينى - كەينىدىن قۇرۇقدالدى. ئۆزۈم پات - پات رومكىغا لېۋىمنى تەگكۈزۈپ قويىدۇمىيۇ، ئىچمىدىم. پۈتكۈل ئەس - يادىم ئۇنىڭ دەپ بېرىۋاتقان كەچۈرمىشلىرىدە ئىدى.

شۇ كۈنى يامغۇر تولىمۇ ئۇزۇن ياغدى. توختىماي ياغدى. ئىشخانا دېرىزىسىدىن خېلى ۋاقىتلارغىچە يامغۇر تاماشىسى قىلدىم. خىزمەتداشلىرىم يامغۇرلۇقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بالدۇرلا ئۆيلىرىگە ئالدىراپ كېتىشىپ قېلىشتى. يامغۇر ياغقاندا دېرىزىدىن سىرتقا قارىسىڭىز، ئاجايىپ خۇشاللىنىدىكەنسىز، روھىڭىز كۆتۈرۈلۈپلا قالىدىكەن. ئىشخانا دېرىزىسىنىڭ يېنىدىلا بىر تۈپ ئاق تېرەكنىڭ قويۇق يېشىل يوپۇرماقلىق شاخلىرى يانتۇ بوي سوزغانىدى. مەن مۇشۇ ئىشخانىغا كۆچۈپ كىرگەندىن بېرى، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا بۇ يېشىل يوپۇرماقلارغا خىيالەن باغلىنىپ قالغانىدىم. باھارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن شاخلاردىن يۇمران بىخلار كۆكلەيدۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى شاخلارغا بارا - بارا قويۇق يېشىللىق ئېلىپ كېلىدۇ. يېشىللىقنىڭ ئاۋۇپ بېرىشى قەلبىمنى ھاياجانغا سالىدۇ، ئۆزۈم ئاشۇ يېشىللىق ئىچىدە كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك، ئاشۇ يېشىللىق ئىچىدە تۇرمۇشۇم يېڭى - يېڭى مەنىلەر بىلەن تولۇۋاتقاندەك، ئۆزۈممۇ ئاشۇ يېشىللىق بىلەن تەڭلا كۆكلەۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن.

ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئىشخانامغا بالدۇرلا كېلىپ، دېرىزىدىن مەن ياخشى كۆرگەن كۆز ئالدىمدىكى بۇ گۈزەل يېشىللىقتىن ھۇزۇرلىنىش ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئادىتىمگە ئايلىنىپ قالغان. يېشىللىقتىن ھۇزۇرلىنىشتا بەلكىم دېرىزىدىن قاراپ ھۇزۇرلىنىشقا ھېچنېمە يەتمىسە كېرەك. يامغۇر ياغقان يامغۇرلۇق كۈنلەردىكى يېشىللىقتىن ھۇزۇرلىنىش ئادەمنى يەنە بىر خىيالەن گۈزەل دۇنياغا باشلاپ كىرىدىكەن. يوپۇرماقلار ئۈستىدىكى چاڭ - توزانلار يۇيۇلۇپ، تولىمۇ يېڭى بىر پاكىز يېشىللىق كۆز ئالدىڭىزدا پەيدا بولىدىكەن. مەن ھەر قېتىم يامغۇر ياغقاندا يامغۇر تامچىلىرى چۈشۈپ تەۋرىنىۋاتقان يوپۇرماقلارغا قارىغىنىمچە تەگسىز خىياللارغا چۆككىنىم چۆككەن. ھەر خىل - ھەر خىل خىياللارغا غەرق بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىمدا سېزىدىغىنىم - يوپۇرماقلارغا چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى يۈرىكىمگە چۈشۈۋاتقاندەكلا، قەلبىمنى داۋالغۇتماقچى بولغاندەكلا. ئۆزۈمنىڭ يوپۇرماق بولۇپ تۆرىلىپ قالمىغىنىمغا، يامغۇر تامچىلىرى ئاستىدا قالمىغىنىمغا خۇشاللىنىمەن. خۇشاللىنىۋېتىپ يەنە ئازابلىنىمەن. بۇ ئازاب يامغۇرنىڭ يېشىللىقنى يۇيۇپ ئۆتكىنىگە ئوخشاش يەنە تېزلا يۈرىكىمدىن تاراپ كېتىدۇ.

ئادەم دېگەندە ئاجايىپ خىياللار، غەلىتە - غەلىتە تۇيغۇلار بولىدىكەن. مېنىڭ خىياللىرىم ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىم يامغۇردىن باشلىنىپ يەنە يامغۇردا ئاخىرلىشىدۇ. يامغۇر بىلەن يېشىللىق، يېشىللىق بىلەن يامغۇر گويا ئۆزۈم بىلەن يامغۇر ۋە يامغۇر بىلەن ئۆزۈم ئوتتۇرىسىدىكى چېتىشما باغلىنىشقا ئوخشاش مەڭگۈ داۋاملىشىپ بارىدىغاندەكلا، ھاياتىمنىڭ پۈتكۈل بىر قانۇنىيىتىدەكلا مەۋجۇتلۇقى مەۋجۇت.

ئەمما، بۇ قانۇنىيەتنى مەن ياخشى كۆرگەن ئاشۇ يامغۇرلۇق ئاخشىمى بۇزۇۋەتتى. ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن يامغۇرلۇق پەسىلنىڭ قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشاش يۈرىكىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى خالىمايتتىم. ئەمما ئۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. مەڭگۈلۈككە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

شۇ تاپتا ئۇ ئەتراپىتىكى ھەرقانداق بىر ئۆزگىرىشكە پەرۋا قىلمىغاندەكلا پات - پات ماڭا تىكىلىپ قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىققان ياكى قىزىقمىغانلىقىمنى بىلمەكچى بولغاندەك، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. قىزىل ھاراقنى ئۇنىڭ رومكىسىغا تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ قويىمەن. ھەر ئىچكىنىدە بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىدۇ. راسا ھۇزۇر بىلەن كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

ئازابلاندىم، ئۈنسىز ياش تۆكتۈم. بىر ئەركەك، ھەقىقىي بىر ئەركەك تۇرۇپ بۇ چۈشكە - قاباھەتلىك بۇ چۈشكە بەرداشلىق بېرەلمىدىم. ئاشۇ يامغۇرلۇق ئاخشامدىكى شۇنچە قىسقا پۇرسەتتە يۈز بەرگەن پوستى - پوستىغا، قات - قېتىغا رەھىمسىز رېئاللىق سىڭگەن، قايتا تەكرارلىنىش مەۋجۇتلۇقىنى ئادەم ئەسلا خالىمايدىغان بۇ چۈش ھەممىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئويلىسام - ئويلىسام ساراڭدەكلا بولۇپ قالىمەن. بۇ چۈشنىڭ تەكتى، سىرىنى ھېس قىلالمايمەن، يېشەلمەيمەن.

شۇ كۈنى ئىشخانامنىڭ دېرىزىسىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە يامغۇرلارنى، يوپۇرماقلارنى، يامغۇرلار بىلەن يوپۇرماقلار ئوتتۇرىسىدىكى دەقىق ئارىلىقىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان سانسىز قېتىملىق كەچۈرمىشلەرنى كۆزىتىپ تۇردۇم. يامغۇر تامچىلىرىنىڭ يوپۇرماقلار ئۈستىگە تاراسلاپ چۈشۈشىدىن ھەر خىل خىياللارغا، ئويلارغا چۆكتۈم. خىياللار بىلەن

بولۇۋېتىپ، يامغۇر تامچىلىرىنىڭ ئازىيىپ قالغانلىقىنى، كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇرلىرى پاكىز يۇيۇلغان يوپۇرماقلارغا شولا چۈشۈرۈپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بىردىنلا روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. دېرىزە ئەينىكىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىمۇ ئازىيىپ قالغان. كوچا چىراغلىرىنىڭ شولىلىرى يوپۇرماقلارغا، دېرىزە ئەينەكلىرىگە سۇس تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. قايتىپ كەتمەكچى بولدۇم. ئۈستىلىمدىكى ماتېرىياللارنى چىرايلىق رەتلەپ قويۇپ، كومپيۇتېرنى ۋە توكنى ئۆچۈرۈۋەتتىم. ئىشخانىغا كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇرى خېلى كۈچلۈك كىرگەندەك بولدى. دېمەك، بۇ شەھەردە بۈگۈنكى كەچ باشلانغانىدى. ئىشىكتىن چىقتىم. قەدەملىرىم يېنىكلا، ئىشىكنى قۇلۇپلىۋەتتىم. ئىشىكنىڭ قۇلۇپلىنىشى خىياللىرىمنىڭ قۇلۇپلىنىپ قېلىشىدەكلا بىلىندى. ئۇزۇن كارىدوردىن ئۆتۈپ پەلەمپەي بىلەن چۈشۈپ كەتتىم.

پۈتكۈل دۇنيا يۇيۇلۇپ پاكىزلانغان. ئاندا - ساندا يامغۇر تامچىلىرى چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. كوچىلار، يوللار باشقىچە گۈزەل تۈسكە كىرىپ قاپتۇ. ئەتراپقا قارىسا كۆڭۈل سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. روھىم بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈپلا قالدى. مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يامغۇر پەسلىنىڭ بىر ئاخشىمى. ئۇياق - بۇياققا ئالدىراش كېتىۋاتقان كىشىلەر. ئادەتتىكىدىن خېلى كەچ ئىشتىن چۈشۈپ ماڭغاندىكى قەدەملىرىم. ئېغىر ساپان سۆرىگەن ھارغىن كالىدەك بىر توختاپ - بىر مېڭىپ، يىراق - يىراقلارغا سوزۇلغان قىستا - قىستاڭ كوچا ئاپتوبۇسلىرى. كوچا چىراغلىرىنىڭ شولىلىرىدا يالتىراپ مېڭىۋاتقان تاكسى، پىكاپلار. رەڭگارەڭ ۋالىلداپ تۇرغان بىر-بىرىدىن ئۆزگىچە ئېلان تاختايلىرى، كوچا - كوچىلارنى كۈندۈزدەك چاقنىتىپ يورۇتۇۋەتكەن رەڭدار چىراغلار. پىيادىلەر يولى بويىدىكى ياپيېشىل چىملىقلار، چىرايلىق شەكىل چىقىرىپ تىزىلغان تەشتەكلىك گۈللەر. يوپۇرماقلىرىدىن پات - پات سىرغىپ - سىرغىپ يامغۇر تامچىلىرى چۈشۈپ تۇرغان ئىرەن دەرەخلىرى. ھەممىسى تېخى ھېلىلا يامغۇر قويىنىدا يۇيۇلۇپ چىققان. ھەممە ئەتراپقا نەزەر سالغىنىمچە پىيادە كېتىۋاتىمەن. كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرمىدىم. يامغۇردىن كېيىنكى شەھەر كوچىلىرىنىڭ گۈزەللىكى مەن بۇ شەھەردىكى ئەڭ ياقتۇرىدىغان گۈزەللىك كارتىنىلىرىدىن ئىدى.

كېتىۋاتىمەن. كۆز ئالدىمدىكى ھەممە نەرسە شۇ قەدەر گۈزەل، شۇ قەدەر يېقىملىق ۋە شۇ قەدەر تونۇش. بىردىنلا ئايالىم بىلەن سەيلە قىلغۇم كېلىپ قالدى. ئىككىمىز تۇرمۇش قۇرغاندىن بېرى بەزى - بەزىدە ئالاھىدە ئەھۋالدا كوچىلاردا بىرگە ماڭمىساق، ئۆز خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئالدىراشلىقى ۋە باشقا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى سەيلە قىلىشقىنىمۇ ۋاقىت چىقىرالماي كېلىۋاتاتتۇق. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، تويدىن كېيىنكى رومانتىكلىق بىزگە ناھايىتى ئاز نېسىپ بولدى.

بۈگۈنكى بۇ يامغۇرلۇق ئاخشامنىڭ قەلبىمدىكى رومانتىكلىق ھېسسىياتىنى ئويغىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئايالىمغا تېلېفون بەرمەكچى بولدۇم. يول بويىدىكى ماگنىت كارتىلىق تېلېفوندىن ئۆينىڭ قول تېلېفونىغا تېلېفون قىلسام، تېلېفونى ئېتىكلىك. ئۆيگە تېلېفون ئالدىم. تېلېفون ئالىدىغان ئادەم يوق. دېمەك، ئايالىم تېخى ئۆيگە قايتىپ كەلمەپتۇ. ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتتىن ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا، ئىشخانىسىغا تېلېفون ئۇرمىدىم، چۈنكى ئۇ بۈگۈن كەچلىك ئىسمېنا ئىشلىمەيتتى. بىردەم كوچا ئايلانغاچ ساقلىماقچى بولدۇم. كوچىلارنى مەقسەتسىز ئايلىنىشقا باشلىدىم، بىرنەچچە نۆۋەت ئۆيگە تېلېفون ئالدىم. قايتا - قايتا ئالدىم. تۇرۇپكا يەنىلا جاۋابسىز. قول تېلېفونى ئېتىكلىكلا. ئىچىم سىقىلىپ كەتتى. كوچا ئايلىنىۋېرىپ كۆپ مېڭىپ كەتتىم. ئەمما ھارغىنلىق ھېس قىلمىدىم. چۈنكى ئەتراپ ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. تۇيۇقسىز چاقىرغۇم تىترەپ، چۆچۈپ كەتتىم. چاقىرغۇمنى سىگنال كەلسە تىترەيدىغان قىلىپ قويغانىدىم. چاقىرغۇ ئېكرانىغا قارىسام، «بۈگۈن كەچرەك قايتىمەن، ماڭا قارىماي تاماق يەۋېرىڭ» دېگەن ئۇچۇر ئىكەن. بوشىشىپلا كەتتىم. ۋۇجۇدۇمنى ھارغىنلىق قاپلاشقا باشلىدى. ئەمما يولۇمنى داۋام قىلىۋەردىم.

«مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئايالىم بىلەن بىرگە كوچا ئايلىنىپ سەيلە قىلغان بولسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. . . » دېگەنلەرنى ئويلىدىم ئىچىمدە. قەدەملىرىم بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىۋاتاتتى. قورسىقىمنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۈگۈنكىدەك يامغۇرلۇق گۈزەل ئاخشامدا كوچا ئاپتوبۇسى ياكى تاكسىدا ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەخمەقلىق ئىدى. خېلى مېڭىپ ئۆزۈم ئادەتتە كۆپرەك تاماق يەيدىغان بىر تاماقخانىغا كىردىم. بۇ تاماقخانا ھەشەمەتلىك بېزەلگەن بولۇپ، تاماقخانىدا تاماق يەۋاتقانلار كۆپ، كۆپىنچىسى قىز - يىگىتلەر ئىدى. ئىشىك ئالدىدا تۇرغان خۇشچىراي مۇلازىم قىزنىڭ باشلىشى

بىلەن بىر چەتتىكى قوش كىشىلىك تاماق ئۈستىلىگە بېرىپ ئورۇنلاشتىم. ئالدىمدىكى ئۈستەلدە نازۇك بىر رەڭدار لوڭقىغا سېلىنغان بىر تال قىزىل ئەتىرگۈل تۇرۇپتۇ. ئەتىرگۈل كۆزۈمگە باشقىچە ئۇز كۆرۈندى. ناۋادا ئايالىم بىلەن بىرگە سەيلە قىلالىغان بولسام، ئۇنىڭغا چوقۇم ئەتىرگۈل سوۋغا قىلىشىم مۇمكىن ئىدى. چۈنكى مەن بۈگۈن ناھايىتى خۇشال. كۈتكۈچى قىز قېنىق دەملەنگەن قىزىق چاي قويدى.

تاماق بۇيرۇتۇپ بولۇپ، چايدىن ئوتلىغاچ باشقا ئۈستەللەرگە دىققەت قىلدىم، تاماققا كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى شۇ قەدەر خۇشال، چىرايلىرىدىن تەبەسسۇم يېغىپلا تۇرىدۇ، گويا ئالدىمدىكى ئەتىرگۈلدەكلا. ئىلگىرى دىققەت قىلمىدىممۇ ياكى يوقمىكىن بىلمىدىم، بۈگۈن ھەممە تاماق ئۈستەللىرىدە بىر تال قىزىل ئەتىرگۈل سېلىنغان رەڭدار لوڭقا تۇرۇپتۇ. ئەتىرگۈل قىزلارنىڭ سىمۋولى، قىزىل ئەتىرگۈل بولسا چىرايلىق قىزلارنىڭ سىمۋولى. شۇ تاپتا ئايالىم يېنىمدا بولغان بولسىدى، ئۇمۇ يېنىمدا ئالدىمدىكى ئەتىرگۈلدەك ئولتۇرغان بولاتتى. ئەمما ئۇ بۈگۈن ئەتىرگۈل بولالمىدى. قىزىل ئەتىرگۈلگىمۇ ئېرىشەلمىدى. تامىقىمنى يەۋاتىمەن. يەۋاتقان تامىقىمنىڭ تەملىك ياكى تەمسىزلىكىنى دەپ بېرەلمەيمەن، ئىشقىلىپ يەۋاتىمەن. تاماقخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنىڭ شۇ قەدەر مەززىسىزلىكىنى بۈگۈن تونجى قېتىم ھېس قىلىۋاتىمەن. ئەتراپىمدىكىلەرگە قارىدىم، پەقەت مەنلا يالغۇز تاماق يەۋېتىپتىمەن. باشقىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جۈپ - جۈپ بولۇپ ياكى بىرنەچچەيلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتاتتى. قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك قوللىرىدا ئەتىرگۈل تۇرىدۇ. چوقۇمكى، يىگىتلىرى سوۋغا قىلغان ئەتىرگۈللەر، دەپ ئويلىدىم. بۇ شەھەردە يىگىتلەر قىزلارغا ئەتىرگۈل سوۋغا قىلىش مودا. قىزلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئەتىرگۈل ئارقىلىق ئوۋلىيالايسەن. يامغۇرلۇق ئاخشامدا رومانتىكىلىق ياشاشنى باشقىلار بەلكىم مەندىن بەكرەك بىلسە، ئۇلارمۇ يامغۇرلۇق كۈنلەرنى مەندىن بەكرەك ياخشى كۆرسە كېرەك. تاماق پۇلىنى تۆلىۋېتىپلا چىقىپ كەتتىم. خىيالىم يەنە شۇ ئەتىرگۈللەردە. بولۇپمۇ قىزلارنىڭ قوللىرىدىكى ۋە تاماق ئۈستەللىرىدىكى رەڭدار لوڭقىلارغا سېلىپ قويۇلغان ئەتىرگۈللەردە قالدى.

كېتىۋاتىمەن! ھاۋا سەل سوغۇق. ئۈستۈمدىكى كىيىملەر يېنىك بولغىنى بىلەن توڭلىمىدىم. بىنالار دېرىزىلىرىدىن كۆرۈنۈۋاتقان يورۇقلۇق بىنالار كۆكسىدىكى يۇلتۇزلاردەك كۆرۈنىدۇ. «مۇشۇ تاپتا بىر سىم - سىم يامغۇر ياغسا بوپتىكەن» دېدىم ئىچىمدە يامغۇرغا بارغانسېرى ئامراق بولۇپ كەتكەندەكلا. ئەمما يامغۇر توختىغانىدى. يوللار بۈگۈن ئاخشام باشقىچە پاكىز، يول بويىدىكى چىراغ نۇرىدا تېخى ئارىلىقلىرىغا سىڭىپ بولالمىغان يامغۇر سۈيىدە سېمونت خىشلىق پىيادىلەر يولى كۆزگە يالتىراپ تۇرغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. يوللاردىكى ئاپتوبۇسلار ئازايغان. قىپقىزىل تاكسىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇچقاندەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. مۇرىلىرى بىر - بىرىگە تېگىشكىنىچە پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقان جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەر، بەستىدىن كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان، چوڭ - چوڭ قەدەملىرىنى ئەركىن تاشلاپ كېتىۋاتقان ئوغۇللار، تولغان بەدىنىنى تېخىمۇ نازاكەتلىك كۆرسىتىدىغان يېنىك مودا كىيىملەرنى كىيىشكەن، يېنىك قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان چىرايلىق قىزلار يېنىمدىن ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. يامغۇرلۇق ئاخشامدا ھايات ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىنى راسا كۆرسىتىدىكەن.

ئۆيگە يەنە تېلېفون ئۇرۇپ باقتىم. تېلېفون ئالىدىغان ئادەم يوق. ئايالىمنىڭ قول تېلېفونى ئىلگىرىكى كۆپ ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشاش يەنىلا ئېتىكلىك. ئايالىم ئۆيدە يوق بولغاندىكىن، مەنمۇ كەچرەك قايتاي. يا ھېلىراق «بىرەر يەردە كۆرۈشەيلى» دەپ چاقىرغۇ ئۇرۇپ قالار، شۇنچە كۆڭۈللۈك بىر ياخشى يامغۇرلۇق ئاخشامدا نېمە ئىشمۇ قىلارمەن ئۆيدە يالغۇز، دېگەن خىياللار بىلەن ئۇدۇللا بىر قەھۋەخانىغا قاراپ ماڭدىم.

شەھەر مەركىزىدە بويتاق ۋاقىتلىرىمدا پات - پات كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بىر قەھۋەخانا بار ئىدى. شۇ قەھۋەخانىنى نىشانلاپ ماڭدىم. قەھۋەخانا ئالدىغا كېلىپ قارىسام، قەھۋەخانىنىڭ ئىشىكى باشقىدىن ياسىلىپتۇ. ئىشىك ئۈستىدىكى رەڭدار چىراغلىرىمۇ ئالماشتۇرۇلۇپ، باشقىچە چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئىسمىمۇ ئۆزگەرتىلىپتۇ. ئىلگىرىكى «ئاي شولىسى قەھۋەخانىسى» دېگەن ئىسىم «ئەتىرگۈل قەھۋەخانىسى» دەپ ئۆزگەرتىلىپتۇ.

قەھۋەخانىغا كىردىم. يېنىك ساكىس مۇزىكىسى داۋام قىلىنىۋاتقانىكەن. ئادەممۇ ئانچە كۆپ ئەمەس. بىر بۇلۇڭدىكى غۇۋا چىراغ نۇرى چۈشۈپ تۇرغان ئۇچ بۇرجەك ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردۇم. بۇ ئۈستەلدىكى شامدان بىلەن تۇتاش لوڭقىغىمۇ بىر تال ئەتىرگۈل سېلىپ قويۇلغانىدى. بۇ شەھەر ئەتىرگۈل شەھىرى بولۇپ قالغاندەك ھەممە يەر ئەتىرگۈل بىلەن

توشۇپ كەتكەن. كۈتكۈچى قىزغا قىزىل هاراق، تاماكا ۋە بىر تەخسە تاۋۇز ئۇرۇقى بۇيرۇتتۇم. قەھۋەخانىدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ياش شۇتماق قىز - ئوغۇللار ئىدى.

«ئەتىرگۈل قەھۋەخانىسى» دا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۆزۈم خان، ئۆزۈم بەگ. ئۆزۈمگە ئۆزۈم مېھمان، ئۆزۈمگە ئۆزۈم ساھىبخان. مۇزىكا تولىمۇ مۇڭلۇق ۋە ھەسرەتلىك. غۇۋا چىراغ يورۇقىدا ئادەم يىراقتىن ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇق پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. شەھەر دېگەن شۇنداق بولىدىغان چېغى. كىشىلەر يورۇقلۇقنى تاشلاپ قويۇپ غۇۋا قەھۋەخانىلارغا ئامراق بولىدىغان. ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدىغان بۇ يەردىكى رەڭگارەڭ تۇرمۇش، رەڭگارەڭ ھايات.

مۇڭلۇق مۇزىكا ۋە غۇۋا چىراغ نۇرى ئادەمگە غەملىك ئىلىپ كېلىدۇ. قەھۋەخانىغا كىرمىگىلى ياكى بۇنداق رومانتىك مۇھىتنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولغاچقىمۇ، قەھۋەخانىدا ھەممە ئادەم ماڭا قاراۋاتقاندەك ئۆزۈمچە ئەندىكىپ كەتتىم. كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە رومكا ئىچىۋېتىپ، بەدەنلىرىم قىزىشقا باشلىدى. قەھۋەخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ كەيپ قىلىشمۇ تاماقخانىدا يالغۇز تاماق يېگەنگە ئوخشاشلا تەس ئىكەن، ياكى ماڭا ھازىر شۇنداق تەس تۇيۇلۇۋاتامدىكىن. توي قىلغىنىمغىمۇ بىرنەچچە يىل بولۇپتۇ. كۈندىلىك خىزمەت ۋە ئائىلە بېسىمى ھەلەكچىلىكىدە بىر خىل ياشاۋاتىمەن. دوست - ئاغىنىلىرىممۇ ئانچە كۆپ ئەمەس. بولۇپمۇ توي قىلغاندىن بېرى بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. توي قىلىشتىن ئىلگىرىكى بىرنەچچە ئاغىنەم بىلەنلا بېرىش - كېلىش قىلىۋاتىمەن. چاي، كەچلىك ئولتۇرۇش دېگەنلەرگە كۆڭلۈم تارتمايدۇ. بەزىدە ئايالىم ئۆيگە ۋاقتىدا قايتالمىغاندا ياكى خىزمەت ئالدىراشلىقى بولۇپ كەتكەندە، ئاندىن تاماقخانىلارغا كىرىپ تاماق يەيمەن. باشقا ۋاقىتلاردا تاماقنى ئۈچ ۋاق دېگۈدەك ئۆيدىلا يېيىشكە ئادەتلەنگەنمەن. گەرچە خېلى كۆپ ۋاقىتلاردا قۇرۇق ناننى چاي بىلەن يېسەممۇ.

ئولتۇرۇپ - ئولتۇرۇپ بىر بوتۇلكا قىزىل ھاراقنى تۈگىتىپ بولغىنىمنى تۇيماپتىمەن. بەدەنلىرىم قىزىشىپ كەتتى. مېنى بىر خىل خۇش كەيپىيلىك چىرمىۋالدى. يالغۇزسىراشقا باشلىدىم.

باشقا ئۈستەللەرگە قاراپ، مەندەك يالغۇز ئولتۇرۇپ كەيپ سۈرۈۋاتقان بىرەرسىنىمۇ كۆرمىدىم. ئايالىم ئەمدى قايتىپ كەلگەندۇ. ئۇدۇل مۇشۇ قەھۋەخانىغىلا كەلسۇن. بۇ يەردىكى ھاياتنىڭ پەيزىنى ئۇمۇ سۈرۈپ باقسۇن. كۆڭلى باشقىچە ئېچىلىپ قالار. كۈتكۈچى قىزغا ئورنۇمنى باشقىلارغا بېرىۋېتەمسىلىكنى تاپىلاپ، قەھۋەخانا مۇلازىمەت پوكىيى يېنىدىكى ماگنىت كارتۇچكىلىق كىچىك تېلېفونخانىغا كىرىپ، ئۆينىڭ تېلېفون نومۇرىنى باستىم، يەنىلا جىمجىت. ئۆزۈمگە ئىشەنمەي، يەنە قايتا - قايتا ئىككى نۆۋەت باستىم. جىمجىتلا. تېلېفونخانىدىن يېنىپ چىقىپ ئۆز ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇردۇم. «قول تېلېفونىنى ئېچىۋەتسىچۇ» دېدىم ئىچىمدە. يەنە بىر بوتۇلكا قىزىل ھاراق كەلتۈردۇم.

بارغانسېرى يالغۇزسىراپ كېتىۋاتىمەن. يىغلىغۇملا كېلىدۇ. ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ كۆڭلى نازۇكلىشىپ كېتىدىغان چېغى، كۆز ئالدىمغا ئايالىملا كېلىۋالدى. ئۇنىڭغا بۈگۈن ئەتىرگۈل سوۋغا قىلماقچى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سەيلە قىلماقچىتىم، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سىرتتا كەچلىك تاماق يېمەكچى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قەھۋەخانىدا ئولتۇرماقچىتىم. ئەپسۇسكى، خىياللىرىم خىيال پېتى قېلىۋەردى. بىر ئەر ئۈچۈن بۈنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىزا بارمۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۆڭۈلسىزلىك بارمۇ؟ مېنىڭ يامغۇر پەسلىنى، بولۇپمۇ يامغۇرلۇق ئاخشامنى ياخشى كۆرىدىغىنىمنى ئۇ بىلىشى كېرەك ئىدى. بۈگۈنكىدەك يامغۇرلۇق كەچتە ئۇ چوقۇم مەن بىلەن بىرگە بولۇشى، مەن سۆيگەن بۇ ھايات مەزمۇنىنى ئۇمۇ سۆيۈشى كېرەك ئىدى.

قەھۋەخانا تاملىرىدىكى يالىڭاچ ئايالئارنىڭ



سۈرەتلىرىگە پات - پات قاراپ قويىمەن. تاماكامنى ئارقا - ئارقىدىن چېكىۋاتىمەن. يېنىمدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان ئىككى قىزمۇ تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى بىر قولىدا ئېڭىكىنى يۆلىگىنىچە، پۈكەي ئۈستىدىكى تورۇسقا ئېسىپ قويۇلغان تېلېۋىزورنى كۆرگەچ، يەنە بىر قولىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىغا قىستۇرۇلغان تاماكىسىنى چېكىپ، ئېغىر سۈكۈت بىلەن ئولتۇرىدۇ. تاماكا ئىسى خۇشياقمىغان ھالەتتە ئېچىلغان لەۋلىرى ئارىلىقىدىن بوشلا لەيلەپ چىقىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر قىز بولسا تاماكىسىنى كۈلدانغا تاشلاپ قويۇپ، تاماكا چوغىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان سۇس ئاق تۈتۈنگە تىكىلگىنىچە تاۋۇز ئۇرۇقىنى خۇشياقمىغاندەك چېقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھەي، بىچارە قىزلار.

قىزلارنى 17 - 18 ياشلاردا دەپ پەملىدىم. تېلېۋىزوردا چەت ئەلنىڭ مودا كىيىملىرى مۇسابىقىسى بېرىلىۋېتىپتۇ. مودېل قىزلار بىر - بىرىدىن كېلىشكەن، بىر - بىرىدىن نازىنىن. پەمىمچە، ئالدىمدىكى تېلېۋىزورغا تىكىلىپ ئولتۇرغان ھېلىقى قىز خىيالىدا ئۆزىنى تېلېۋىزوردىكى ئاشۇ قىزلار ئارىسىدا كۆرۈۋاتىدۇ، ئۆزىنى مەغرۇر قەدەم تاشلاپ، ھېچنېمىنى مەنسىتمىگەن ھالدا ئۇياق - بۇياققا پوكس چىقىرىپ مېڭىۋاتقان ئاشۇ مودېل قىزلارنىڭ گۈل تاجىسى ئورنىدا كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇ قىزغا تىكىلىپ قارىدىم. نېمىشقىكىن قىزلار ئاسما لامپۇچكىنى ئۆزلىرىنىڭ باش ئۈستىگىلا تارتىپ قويۇپتۇ.

چىراغ نۇرى غۇۋا بولسىمۇ، ئۇ قىزنىڭ چىرايىنى ھەر ھالدا ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. چىرايى شۇنچە سۇزۇك، ئاپئاق بىر قىز. ئۇ چوقۇمكى ئۈستىخانلىرى كېلىشكەن بىر قىز. ئۇنىڭ ئولتۇرۇش ھالىتىدىن گۈزەللىكى چىقىپلا تۇرىدۇ. قويۇق چاچلىرى قۇلاقلىرىنى يېپىپ ئۈستەل ئۈستىگە تاشلانغان. نازۇك بارماقلىرى ئارىسىدا قىستۇرۇلغان ئىنچىكە پاپىروسنىڭ خانىم - قىزلار پاپىروسى ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇ چوقۇمكى بىر دەردمەن قىز. دەردى يوق قىزلار تاماكا چەكمەيدۇ. 17 - 18 ياشلىق قىزلارغا دەرد نەدىن كەپتۇ ئەمدى. ئۇن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ...

- بۇ ئورۇندا ئولتۇرسام بولامدۇ؟

تۇيۇقسىز سورالغان سوئالدىن ئەندىكىپلا كەتتىم. ھېلىقى دەردمەن قىزدىن ئىنتىكلا كۆزۈمنى يۆتكىدىم. ئالدىمدا غۇنچە بوي بىر قىز تاتلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ.

- بولىدۇ.

ئاۋازىم بىرئاز تىترەپ چىقتى. ئۆزۈمنى سەل - پەل ئوڭشىدىم.

قىز سول مۈرىسىدىكى سومكىسىنى يان تامدىكى ئىلغۇچقا ئىلىپ قويدى. قولىدىكى يامغۇرلۇقنى يىغىپ، ئۈستەل يېنىغا قويدى. ئۈستىدىكى ئۇزۇن، نېپىز پىلاشنى پەم بىلەن سېلىپ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئارتتى.

- رەھمەت.

قىز تەكەللۇپ بىلەن ئولتۇرۇۋېتىپ ئاسما چىراغنى تۆۋەنگە تارتىپ قويدى! چىراغ نۇرىدا قىزنىڭ چېھرى كۆز ئالدىمدا تولۇق نايامان بولدى. قىزنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل سېھرىي نۇر تۆكۈلەتتى. ئۆز - ئۆزۈمدىن خىجىل بولدۇم. قىزغا قاراۋېرىشتىن نومۇس كۈچى غالىب كەلدى. قىز كۈتكۈچى قىزغا دەپ ئېچىملىك ۋە ئۇششاق يېمەكلىك ئەكەلدۇردى. ناتونۇش بىر قىز بىلەن ئايرىم - ئايرىم يۈز تۆلەپ، بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ كېيىپ سۆرۈشتىن ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم. كېيىپلىكىم ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە چۈشتى. قوللىرىم بىلەن چاچلىرىمنى تۈزەشتۈرۈپ قويدۇم. ئىختىيارىي ئولتۇرۇش ھالىتىم سەل تىزگىنلەندى.

- سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتامدىغاندۇ؟

مەندىكى جۈرئەت نەدىن كەلدىكىن، قىزدىن سورىدۇم.

- يېغىۋاتىدۇ، - قىز قولىدىكى يۇمشاق ئاق قەغەزدە لېۋىنى سۈرتۈۋېتىپ، خۇشچىراي جاۋاب بەردى، - سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، - قوشۇپ قويدى كەينىدىنلا.

ھاياجانلىنىپ كەتتىم. سىم - سىم يامغۇر يېغىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ، مەن ئېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغان سىم - سىم يامغۇر. تۇرۇپلا يەنە ئايالىمنى سېغىنىپ قالدىم. ئالدىمدا ئولتۇرغان قىزنى ئاياليم ئورنىدا قىياس قىلدىم. ئاياليم بىلەن ئىككىمىز مۇھەببەتداشلاردەك مانا مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ كەتسەك، باشقىلار بىزگە زوقلانسا.

مەن ئاياليم بىلەن سىم - سىم يامغۇر ئاخشىمى تۇنجى مۇھەببەتنىڭ تەمىنى تېتىغان، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئەڭ ئۇنتۇلماس بەختىيار دەقىقىلەرنىڭ ئىگىسى بولغان. مەن يامغۇرغا، بولۇپمۇ سىم - سىم يامغۇرغا شۇڭا ئامراق، يامغۇر پەسلى مەن ئۈچۈن بەختلىك ھايات پەسلى، مۇھەببەتنىڭ باشلانغان پەسلى. يۈرىكىم بىلەن يامغۇر، يامغۇر بىلەن يۈرىكىم ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش مەڭگۈلۈككە ئۈزۈلمەيدىغان چىڭ رىشتە، مەھكەم باغلىنىش ئىدى. يامغۇر مەن

ئۇچۇن ئۇنتۇلغۇسىز ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ئەسلىمىسى بولۇپ، يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىغا ئورۇنلاشقانىدى.

ئالدىمدا ئولتۇرغان قىز راستتىنلا چىرايلىق ئىدى. ئادەمگە تەبەسسۇم قىلغاندا ئىككى مەڭزىدە پەيدا بولىدىغان چىرايلىق قوش زىناق. ئىككى قۇلىقىدىكى كېپىنەكسىمان كىچىك ھالقا، ئېگىز بۇرنى، سۆيۈشكە تەمشىلىپ تۇرغاندەكلا كۆرۈنىدىغان نېپىز لەۋلىرى. كۆزلىرىدىن تارقايدىغان سېھىرلىك نىگاھ. شۇ تاپتا قىز بىر گۈزەل ھەيكەلدەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. يەنىلا ئايالىمنىڭ سىماسى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. قىز ماڭا يېنىنى قىلىپ ئولتۇرغىنىچە تاۋۇز ئۇرۇقىنى چېقىۋېتىپ، تېلېۋىزوردىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇراتتى. ئولتۇرۇشى شۇنچە ئەركىن، شۇنچە بەخىرامان، ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا، ھەتتا مېنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا. قىزىل گىلاس ۋە مۇز سېلىنغان چوڭ رومكىلىق ئۈزۈم ھارىقىنى پات - پات ئوتلاپ قوياتتى. ئىككىمىز ئارتۇق پاراڭ قىلىشمىدۇق.

قىزلارمۇ ئەركىن بولۇپ كېتىپتۇ، ئۆزلىرى خالىغانچە قەھۋەخانىلارغا كىرىپ مۇزىكا ئاڭلاپ، كەيىپ قىلىشىپ چىقىپ كېتىشىدىغان ئاجايىپ شەھەردە بۇ. باياتىن بىرىقى مەندىكى نەگىندۈر يوقالغان يالغۇزسىراش يەنە ئەسلىگە كەلدى. راستتىنلا يالغۇزسىراشقا باشلىدىم. ئايالىم كۆزۈمگە ئوت بولۇپ كۆرۈندى. ناتونۇش بىر قىز بىلەن ئولتۇرغىنىمنى بىرەرسى كۆرۈپ قالسا، مېنى نېمىدەپ قالار، دېگەن خىيال كاللامدىن «يالت» قىلىپ ئۆتتى. ئۆزۈمچە ئەندىكىپ كەتتىم. يا بۇ قىزنى مەن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلمىسەم، يا ئىككىمىز ئۆزئارا تونۇشمىساق. يەنىلا ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا ئولتۇرىۋەردىم.

ھازىرغىچە ئۆمرۈمدە تۆت قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپتىمەن. ئەڭ ئاخىرقى مۇھەببىتىم، يەنى ھازىرقى ئايالىم بولىدۇ. ئىلگىرىكى قىزلار بىلەن مۇھەببەتلەشكەن ئاتاقفا كىرگىنىم بىلەن بىر - بىرىمىزگە ھەقىقىي كۆڭۈل بېرىشكىنىمىز پەقەت ئايالىم بىلەن ئىككىمىزلا.

تۈگىمەس خىياللار بىلەن بولۇپ ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىنى تۇيماپتىمەن. ئىشقىلىپ ناھايىتى ئۇزۇن ئولتۇردۇم.

— خوش، مەن قايتاي، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ.

قىز كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ۋە ئورنىدىن تۇردى. مەنمۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئىككىمىز شۇنداقلا خوشلاشتۇق. قىزنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قالدىم. قىز گويا مېنىڭ بىر ئەزىز نەرسەمنى ئېلىپ كەتكەندەكلا كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ياكى قىزلارنىڭ مېھرى شۇنداق بولامدىكىن. ئىككىنچى بوتۇلكا ھاراقمۇ يېرىمدىن ئازراق قالغانىدى، سائىتىمگە قارىدىم. ۋاقىت خېلىلا كەچ بولۇپ كېتىپتۇ. چاقىرغۇممۇ ئايالىم سۆز قالدۇرغاندا تىترىگەندىن باشقا قايتا تىترىمىدى. بۈگۈنكى بۇ يامغۇرلۇق ئاخشامدا ھەممە كىشى مېنى ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا، ھېچكىم مېنى ئەسكە ئالمىغاندەك. بىر مەنلا يالغۇز. ھېلىقى ناتونۇش قىزمۇ كېتىپ قالدى. ئۆزىنىڭ چىقمىغىنىمغا ياكى ئىسمىنى، نېمە ئىش قىلىدىغىنىنى سورىۋالمىغىنىمغا كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئۇمۇ مەندەك يالغۇزسىراپ بۇ يەرگە كىرگەن بولغىيتتى. يەنىلا ئۆزۈم ئەيىبلىك. ئەر كىشىدەك ئىش قىلماپتىمەن. ئۇ قىز بەلكىم، ئۆيىنگە كېتىۋېتىپ ماڭا ئىچىدە كۈلگەندۇ.

ئۇدۇلۇمدىكى قىزلارمۇ ئورنىدىن تۇردى. سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. قەھۋەخانا ئىچىدە ئادەم بارغانسېرى ئاز قېلىۋاتاتتى، مەنمۇ قايتماقچى بولدۇم. قەدەملىرىم بىلىنەر - بىلىنمەس ئېغىرلىشىپ قالغاندەك، لېكىن مېڭەم تامامەن ئوچۇق ئىدى. ئۈستەلدىكى ئەتىرگۈل يالغۇزلا قالدى. «ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا يالغۇزسىراپ قالىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ.

— ئەتىرگۈلنى ئالغاچ كېتەمسىز؟

كۈتكۈچى قىزنىڭ كەينىمدىن كېلىپ ئېيتقان سۆزى بىلەن قەدىمىمنى توختاتتىم. قىزچاق ھېلىلا مەن ئولتۇرغان ئۈستەلدىكى گۈلدانغا سېلىپ قويغان ئەتىرگۈلنى ئېلىپ كەپتۇ.

— بۇ ئەتىرگۈل سىزنىڭ، — قىزچاق ئالدىمدا ئەتىرگۈلنى تۇتقىنىچە كۈلۈپ تۇراتتى، — ئېلىپ كەتسىڭىز بولىدۇ.

— رەھمەت!

قىممەت باھالىق بىر نازۇك بۇيۇمنى تۇتقاندەكلا ئەتىرگۈلنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ماڭدىم. قەھۋەخانا ئىشىكىدىن چىقىشىمغا يۈزۈمگە يېنىك شامال ئۇرۇلدى. يامغۇر توختىماپتۇ. ئاسماندا سىم - سىم يامغۇر ناھايىتى سۇس چۈشۈۋاتىدۇ.

يامغۇردا مېڭىپ باشقىدىن يېنىكلەپلا قالدىم. باياتىنقى خۇش كەيپىلىكىمدىن خېلىلا خالاس بولۇپ قالغانىدىم. سىم - سىم يامغۇر چاچلىرىمغا، يۈزلىرىمگە يېنىك چۈشۈۋاتىدۇ. قولۇمدا ئەتىرگۈل. ئۇنى ئايالىمغا سوۋغا

قىلماقچى بولدۇم. ئەتراپ يەنىلا شۇ قەدەر گۈزەل. شۇ قەدەر راھەتلىك سىم - سىم يامغۇر.

ئاستا كېتىۋاتىمەن. ھېچنىمە بىلەن كارىم يوق. پۈتكۈل خىيالىم قولۇمدىكى ئەتىرگۈلنى ئايالىمغا سوۋغا قىلىش ۋە سىم - سىم يامغۇرنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈش. ئايالىمنىڭ ئەتىرگۈلنى قوبۇل قىلغان چاغدىكى خۇشاللىقىنى كۆرۈشكە ئىنتىلىۋاتىمەن. ئىككىمىزنىڭ توي خاتىرە كۈنىدىلا ئاندىن ئايالىمغا گۈل تەقدىم قىلىپ كەلگەنمەن. باشقا ۋاقىتلاردا ئايالىمغا گۈل تەقدىم قىلىشنى ئويلاپ كۆرمەپتىكەنمەن، بۈگۈن ئۇ جەزمەن قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كېتىدۇ.

خىلمۇخىل تاتلىق خىياللار بىلەن بولۇپ ئۆيگە يېقىنلاپ قالدىم. ئۆيىمىز تۆمۈر ۋادەك ئىچىگە ئېلىنغان چوڭ بىر قورۇدا ئىدى. تۆمۈر ۋادەكلىك دەرۋازىنىڭ يان ئىشىكىدە باشقا ئائىلىلىكلەرگە ئوخشاشلا ئۆيىمىزگە ئۇلىنىدىغان كۇنۇپكا بار ئىدى. كېلىپ كۇنۇپكىنى باستىم. جاۋاب يوق. قايتا - قايتا باستىم. يەنىلا جاۋاب يوق. ئايالىم تېخىچىلا قايتىپ كەلمەپتۇ. بىردىنلا جۇدۇنۇم تۇتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ بۇنچە كەچ كېلىشىنى ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم. قولۇمدىكى گۈلگە قارىدىم. گۈل بىلەن خوتۇن. خوتۇن بىلەن گۈل. بۇ بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان بىر جۈپ گۈزەللىك ئىدى. يەنىلا ئۆزۈمنى بېسىۋېلىش، روھىي كەيپىياتىمنى تەڭشەش نىيىتىگە كەلدىم. يانچۇقۇمنى ئاختۇرسام قولۇمغا تاماكا چىقمىدى. تۆمۈر ۋادەكلىك دەرۋازىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى كىچىك بوتكىدىن ئىلگىرى ئۆزۈم چېكىپ ئادەتلەنگەن تاماكىدىن بىر قاپ سېتىۋالدىم ۋە چاقماقنى ياندۇرۇپ بىر تالنى تۇتاشتۇردۇم. سىرتتا بىردەم ساقلايمۇ يا، دېگەننى خىيال قىلدىم. قورۇ دەرۋازىسى ئالدىدىكى يولدىن ئاندا - ساندا تاكسىلار ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئايالىمنىڭ بۇنچىۋالا كەچ قالغانلىقى ئۈچۈن چوقۇم تاكسىدا كېلىدۇ دەپ ئويلىدىم. بىر قولۇمدا ئەتىرگۈل. شىمىمنىڭ يانچۇقىغا گۈلنىڭ بېغىشىنى سېلىپ قويۇپ تاماكامنى چېكىپ تۇرىمەن. سىم - سىم يامغۇر بارغانسېرى ئاجىزلاپ قالغان. يامغۇر شامىلىدىن بىر خىللا توڭلاۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۆيگە كىرسەممۇ شۇ تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرىدىغان گەپ. ئەڭ ياخشىسى يامغۇرلۇق ھاۋانىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگەچ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى تاماشا قىلىپ مۇشۇ يەردىلا خوتۇنۇمنى ساقلاي، دېدىم. تاماكا چېكىشكە ئۆزۈمنى بەك ئۆرۈپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالغاندىم. مەندە خۇمار دېگەن نەرسە ئاجىزلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

ئەمما بۇ قېتىم كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە تال تاماكىنى چېكىپ تۈگەتتىم. ئايالىم قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى. دەرۋازىنىڭ يان ئىشىكىدىكى بىر تال يۇمىلاق پانۇسسىمان چىراغ سۇس يېنىۋاتىدۇ. كاللامغا ھەر خىل خىياللار كىرىۋالدى. خىيالىمنىڭ ھەممىسىنى تەرك قىلىپ يولغا، ھەر بىر تاكسىنىڭ توختىشىغا قاراپ تۇردۇم. بىر چاغدا دەرۋازا ئالدىدا بىر تاكسى توختىدى. تۇرغان جايىمدىن ئىتتىكلا تاكسى تەرەپكە ماڭدىم. تاكسىدىن باشقا بىرەيلەن چۈشتى. ئاستا كېتىپ قالدىم. تېخى ئەمدىلا باياتىن ساقلاپ تۇرغان ئورنۇمغا كېلىپ تۇرۇشۇمغا، يەنە بىر تاكسى دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. ئالدىمغا بىر قەدەم چامداپ يەنە تۇرۇپ قالدىم. تاكسى توختاپ كەينى ئىشىكتىن يەنە بىرەيلەن چۈشتى. ئۇمۇ ئايالىم ئەمەس. ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدىم. توڭلاپ كېتىۋاتىمەن. ئۆيۈمگە كىرىپ كەتمەكچى بولدۇم، ئەمدى بىر قەدەم ئېلىشىمغا يەنە بىر تاكسى دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. ئۆز جايىمدىن قوزغالمىدىم. خېلىدىن كېيىن تاكسىنىڭ كەينى ئىشىكى ئېچىلىپ بىر ئايال ۋە بىر ئەر چۈشتى. ئەر ئىشىكنى خېلىدىن كېيىن ئاندىن ياپتى.

ئۇ ئايالىمغۇ! ئايالىم تاكسى ئىشىكىدىن بىرنەچچە قەدەمچە يىراقتا - قاراڭغۇراق جايغا بېرىپ تۇردى. تاكسى كەينىچە قوزغالدى ۋە يولغا چىقىپ توختىدى. مەن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن بوتكا يېنىدىكى چىراغسىز ئىستولبا يېنىغا كېلىۋالدىم. مېنىڭدىن چاقماق تېزلىكىدە مەن ئىلگىرى قىلىپ باقمىغان بىرنەچچە خىيال ئەگىپ ئۆتتى. ئەرنىڭ قولىدا بىر بولاق نەرسە، نېمىلىكىنى پەرق قىلالمىدىم. ئۇلار ئىككىسى بىر - بىرىگە يېقىن تۇرۇپ قىسقىلا پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئەر ئايالىمنىڭ ئېڭىكىنى سىلاپ قويدى ۋە تېزلا خوشلىشىپ تاكسىغا چىقتى. ئايالىم بىر قولىدا ھېلىقى بولاقنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا تاكسىغا خوشلىشىش ئىشارىسى قىلدى. ۋۇجۇدۇم غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئېتىلىپ بېرىپ تاكسى دېرىزىسىنى چېقىۋېتىپ ھېلىقى ئەبلەخنى ئۇرماقچى بولدۇمىيۇ، يەنە تېزلا توختاپ قالدىم. تاكسى قوزغالدى. ئايالىم تاكسىنىڭ قارىسى يىتكۈچە تۇرغان جايىدا قاراپ تۇردى. ئاندىن ئىتتىك قەدەملەر بىلەن مېڭىپ دەرۋازىنىڭ يان ئىشىكىدىكى كۇنۇپكىنى باستى. ئۆيدىن ئاۋاز چىقمىغاندىكىن يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئاچقۇچ ئىزدەۋاتقانلىقىنى پەملىدىم. چىراغ

نۇرىدا ئاپالىمنىڭ قولىدىكى ھېلىقى بولاقنىڭ گۇلدەستە ئىكەنلىكىنى يىراقتىن كۆردۈم. ئاپالىم دەرۋازا ئىشىكىنى ئېچىپ، قورۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئۆزۈمچە تىترەپ، چىشلىرىمنىڭ كاراسلاپ كەتتى. نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەيلا قالدىم. تومۇرلىرىمنىڭ شاپشىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ تۇرىمەن. يۈرىكىم كۈچلۈك سىلىۋاتىدۇ. بىر خىل ئەنسىزلىك مېڭەمنى چۇلغىۋالدى. مەن ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن، ھەتتا خىيال قىلىپمۇ باقمىغان بىر مەنزىرە تېخى ھېلىلا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى ئەمەسمۇ؟ بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى. مۇشتۇمۇم تۈگۈلۈپ، بارماقلىرىم كىرىشىپ كېتىشتى. شىمىمنىڭ يانچۇقىدىكى ئەتىرگۈل بېغىشىنىمۇ ئۈزۈۋەتتىم. ئۆز جايىمدا تۈۋرۈپلا قالدىم. بۇلارنى ئەقلىمگە زادىلا سىغدۇرالمايتتىم. بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى كىنولاردىن كۆرگەنمەن، ھېكايىلەردىن ئوقۇغانمەن. لېكىن مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا، يەنە كېلىپ مېنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنۇم بىلەن يات بىر ئەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدىم. ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. ئادەم قىلىشقا بولىدىغان، شۇنداقلا قىلالايدىغان، بارلىق يالغان ئىشلارنى، بارلىق ئۆچ ئېلىش ئۇسۇللىرىنى ناھايىتى تېزلا ئويلاپ بولدۇم. ئۆز - ئۆزۈمگە غەزىپىم تاشتى. تېخى ھېلىلا يات بىر ئەر مېنىڭ ئەرلىك غۇرۇرۇمغا چاقچاق قىلدىغۇ. مېنى قارىتىپ تۇرۇپ ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلدىغۇ. ئۆيلىگەنسېرى ئىچ - ئىچىمدىن غەزەپ، ئاچچىق ۋە خورلۇق تۇيغۇسى ھەسسىلەپ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

قولۇمدىكى ئەتىرگۈلنىڭ ياپراقلىرىنى ئالقىنىمدا مىجىۋەتتىم. مىجىپ - مىجىپ يەرگە تاشلىدىم ۋە دەسسەپ ئېزىۋەتتىم. چىشلىرىم كىرىشىپ كەتتى. شۇ تاپتا بىرەرسىنى ئۇرۇۋالسام ياكى بىرەر لوكچەك بىلەن مۇشتلىشىۋالسام پۇخادىن چىققىدىغاندەكلا. لېكىن يېنىمدا ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم يوق. يالغۇز بىر ئۆزۈملا. تاماكامدىن بىر تالنى ئالدىم. چاقمىقىمدىن ئوت تۇتاشتۇرماقچى بولدۇمىيۇ، يەنە بارماقلىرىمدا ئېزىپ - ئېزىپ يەرگە تاشلىۋەتتىم. يەنە بىر تال ئالدىم. تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋېتىپ چاقماقنىمۇ ئېزىۋەتتىم. ئالقانلىرىم پىچاق تىلىۋەتكەندەك ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتتى. ئالقانلىرىمغا چاقماقنىڭ پارچىلىرى كىرىپ كېتىپتۇ. كىرسىن پۇرىقى بۇرنۇمغا پۇرىدى. قولۇمنى قاتتىق بىر سىلكىپ چاقماق پارچىلىرىنى چۇشۇرۇۋەتتىم. چاقماق پارچىلىرى ئالقانلىرىمنى شىلىۋېتىپتۇ. شىلىنىپ كەتكەن جايىدىن چىققان قانلار كىرسىن بىلەن بىرلىشىپ، قولۇمنى بارغانسېرى ئاچچىق ئاغرىتىۋەتتى. يەنىلا چىدىدىم. شىمىمنىڭ يانچۇقىدىن قول ياغلىقىمنى ئېلىپ چاقماقنى ئېزىۋەتكەن ئالقىنىمغا تۈرمەكلەپ تۇتتۇم ۋە مۇشتۇمىمنى تۈگۈپ تۇردۇم. قولۇمنىڭ ئاغرىقى بىلەن ئاچچىقىم بىر ئاز پەسىيىپ قالدى. ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ئاپالىمنىڭ چېچىدىن تۇتقىنىمچە تەستەك بىلەن راسا كېلىشتۈرۈپ ئېڭىكىگە نەچچىنى ئۇرماقچىمۇ، ئۆي ئىچىدىكى بارلىق نەرسە - كېرەكلەرنى چېقىپ، كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتمەكچىمۇ بولدۇم. ھەتتا ئاپالىمنى قاتتىق ھاقارەتلىگەن پېتى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتمەكچىمۇ بولدۇم. گادىرماچ خىياللار مېڭەمنى چاقماق تېزلىكىدە بەنت قىلىۋالدى. يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مەن ئاشۇنداق قىلالمايدىغاندەكلا بىر خىل تۇيغۇ ھەرىكىتىمگە ھۆكۈمراندەكلا تاماكامنىمۇ چېكىپ بولدۇم. ئالقىنىمدىكى ياغلىق ھۆل بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. قان چىقىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشتۈم ۋە ئۆيگە گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىرمەكچى بولدۇم، بېرىپ چوڭ تۆمۈر دەرۋازا يېنىدىكى ئىشىك كۇنۇپكىسىنى باستىم.

– كىم؟

– مەن. ئىشىكنى ئېچىڭ، بەرنا.

دەۋازا «تاراق» قىلىپ ئېچىلدى. دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتىم. سىم - سىم يامغۇرنىڭ توختاپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماپتىمەن. بىنا پەلەمپىيىدىن تەسلىكتە مېڭىپ 6 - قەۋەتكە چىقتىم. باياتىنقى غەزىپىم چېنىپ قالمىسۇن دەپ خېلى كۈچىدىم. پەلەمپەيدىن چىقىۋېتىپ ئالقىنىمغا قارىدىم، قول ياغلىق قان بولۇپ كېتىپتۇ. ئەمما ھېچ كۈچلۈك ئاغرىق سەزمىدىم. قولۇمنىڭ تومۇرلىرى كۆيۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بىردەم توختاپ تۇردۇم. كاللامدا يەنە ئىككى خىل خىيال ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۆيگە ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىرىۋېرەيمۇ ياكى كىرىپلا ئاپالىمنى سوراق - سوئالغا تارتىپ دۇمبالاۋېرەيمۇ؟ قانداق قىلىشىمنى بىلەلمىدىم ۋە خىياللىرىمنى جاۋابسىزلا قالدۇرۇپ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستىم.

ئاپالىم ئۇخلاش كىيىمىنى كىيگەن ھالدا ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتۇ. چىرايىدىن خۇشاللىق تەپچىيدۇ.

– ۋاي - ۋۇي، چىرايىڭىز قارىداپلا

كېتىپتىغۇ، - ئۇ ئىتتىكلا ئالدىمغا كېلىپ مېنى ئۆيگە باشلىدى. قولۇمنى كۆرۈپ چۆچۈدى ۋە ياغلىقنى ئېلىۋەتتى. بىردەم ئۇياق - بۇياقتىن كايىپ قولۇمنى يۇيۇپ تاڭدى. كىيىملىرىمنى يەشتى. ئۇخلاش كىيىملىرىمنى ئالماشتۇردى. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى خىيالىمغا كىرىپ چىقمايتتى. ئۇ قولۇمنى تېڭىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئېڭىكىگە يوشۇرۇنچە قارىدىم. ئېڭىكىدە بىر تال ئۆسمە. تېخى ھېلىلا پەيدا بولغان بىر تال سەت ئۆسمە. ئۇنىڭ ئېڭىكىدە ئۆسمە پەيدا بولۇۋاتقىنىنى خىيالەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. كارىۋاتتا كاللام گاراڭ ھالەتتە ئولتۇرۇپ گىرىم ئۈستەلىدىكى چوڭ لوڭقىغا سېلىپ قويغان يېڭى ئەتىرگۈل دەستىلىرىگە كۆزۈم چۈشتى. گۈلدەستىلىرىنى كۆرۈپ تېنىم شۈركىنىپلا كەتتى. ھېلىلا يۈز بەرگەن ئىشلار كۆز ئالدىمدا يەنە بىر نۆۋەت زاھىر بولدى.



- ماۋۇ گۈللەرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ، ھازىرلا.

ئاۋازىم ئۈنلۈكلا چىقىپ كەتتى. ئايالىم بىردەم تېڭىرقاپ ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدى ۋە ئارقىدىن گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا بېرىپ لوڭقا بىلەن گۈللەرنى ئالدى.

مۇنچىغا يۇيۇنۇشقا كىرىپ كەتتىم. يۇيۇنۇۋالسام يېنىكلەپ قالارمەن، ھېلىقى ئىشلار كۆڭلۈمدىن ئازراق بولسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتەر، دەپ ئويلىدىم. مۇنچىنىڭ ئىسسىق سۈيى بېشىمدىن قۇيۇلۇشقا باشلىدى. يۈز - كۆزۈمنى ئىسسىق سۇغا تۇتقىنىمچە ئۆرە تۇردۇم. مېڭەم پارتلاپ كېتىدىغاندەكلا. مۇنچا سۈيى بەدىنىمگە يامغۇر تامچىلاۋاتقاندەكلا چۈشۈۋاتاتتى. ئۆزۈمنى دەرەخ يوپۇرمىقىدەك ھېس قىلىپ كەتتىم. ئىشخانا دېرىزىسىنىڭ يېنىدىكى يېشىل يوپۇرماقلار كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كەتتى.

يوپۇرماقلار مۇنچىنىڭ ئىسسىق سۈيىدە يۇيۇنمىسىمۇ پات - پات تەبىئەت سۈيىدە، يامغۇر تامچىلىرىنىڭ مېھرىدە پاكىزلىنىپ تۇرىدۇ. يامغۇر تامچىسى، كۈن نۇرى، كوچا چىراغلىرىنىڭ شولىلىرى، شاماللار ئۇ ئۇچرىشىدىغان مەۋجۇداتلار ھېسابلىنىدۇ. مەن ئۇچراتقان قىسمەت يېشىل يوپۇرماقلارغا كۆز تاشلىمايدۇ. مەن ئەزەلدىن سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇشقا ئادەتلەنگەنىدىم. بولۇپمۇ ياز پەسلىدە. ئەمما شۇ كۈنى ئىسسىق سۇدا يۇيۇندۇم. سۇنىڭ ئىسسىقلىقىنى تۇيۇپ تۇرىمەن. ئەمما بۇ ئىسسىقلىق ئۆزىنىڭ ھارارىتىنى تېرىلىرىمگە يەتكۈزەلمەيۋاتقاندەك، بىر خىل سوغۇق ئېقىم تومۇرلىرىمدا ئېقىۋاتقاندەكلا. بەدەنلىرىم ھېچبىر يېنىكلەپ قالمىدىغاندەك، ۋۇجۇدۇمنى قىيناۋاتقان ئازابلىق خىياللار كاللامدىن ھېچبىر چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەمەس. مۇنچىنىڭ ئاپئاق چاقچۇقلۇق تاملىرى كۆزۈمگە باشقىچە سوغۇق، باشقىچە رەھىمسىز، باشقىچە كۆرۈمسىز كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئىسسىق سۇنىڭ ھورلىرى مۇنچا ئىچىنى تۇمانلىق دۇنياغا ئۆزگەرتىۋاتقان. مۇنچا تام ئەينىكىنىڭ يۈزىمۇ ھورلىنىپ كەتكەن. چىراغ نۇرى بۇ تۇمانلىق مۇنچىنى سۇس يورۇتۇپ تۇرىدۇ. كۆز ئالدىمدا دەرۋازا ئالدىدىكى ھېلىقى شەرمەندىچىلىك. ئادەم روھىنى ۋەيران قىلماقچى بولغان ئازابلىق كۆرۈنۈش. ئويلىغانسېرى كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ كېتىۋاتقاندەك، ئويلىغانسېرى سۆڭەكلىرىم پارتلاپ، تېرىلىرىمنى تىتما - تىتما قىلىۋېتىدىغاندەك بىر خىل ھالەت مېنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى. زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم. بولدى، يۇيۇنمايلا قوياي، دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە. مۇنچىدىن چىقتىم. ئايالىم ھۇجرا ئۆيىمىزدىكى كارىۋاتتا ياستۇققا يانپاشلىنىپ يوتقانىنىمۇ يېپىنماي يېتىپتۇ. چاچلىرى ياستۇق ئۈستىگە ئەركىن تاشلانغان. ئۈستىگە كىيىۋالغان شەلپەردەك قىپقىزىل ئۇخلاش كىيىمى ئۇنىڭ لاتاپىتىنى بارغانسېرى روشەن نامايان قىلغانىدى. ئۇ ئۇستا ھەيكەلتىراش يۇقىرى ماھارەت بىلەن تاراشلىغان بىر چىرايلىق ھەيكەلنىڭ ئۆزىلا ئىدى. بەدىنىگە ھىم يېپىشقان ئۇخلاش كىيىمى ئۇنىڭ بەدەن گۈزەللىكىنى تېخىمۇ جەلپكار

كۆرسىتىۋاتاتتى.

ئۇ ماڭا چىرايلىق تەبەسسۇم بىلەن قارىدى. ئەمما بۇ تەبەسسۇم مېنى مەسخىرە قىلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېڭىكى ـ ئۆسمە پەيدا بولۇۋاتقان ئېڭىكى. شۇ تاپتا ئىتتىك پىچاق بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىكىنىڭ تېرىسىنى شىلىۋەتكۈم كېلىپ كەتتى. ئىلگىرى شۇنچە نازۇك كۆرۈنىدىغان ئېڭىكى ئەمدى راك كېسىلى قاپلاپ كەتكەن بىر پارچە ئۆسمە بىلەن تولۇپ كەتكەندەكلا، بۇ ئۆسمە بارغانسېرى كېڭىيىپ، ئۇنىڭ چىرايىنى بۇزۇش ئۈچۈن يامراۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، تېنىمنى شۈركەندۈرۈۋەتتى. كاللامدا پەيدا بولغان خىيالدىن ئۆزۈم قورقۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئېڭىكىدە ئەمدى راستتىنلا ئۆسمە پەيدا بولۇپ قالارمۇ؟ ئېڭىكىنى ساقايماس كېسەل قاپلاپ كېتەرمۇ؟ ئۆزۈمنىڭ خىيالىدىن ئۆزۈم ۋاز كەچمىسەم بولمىدى. ئۇنى يەنىلا لاتاپەتلىك بىر ئايال ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇ چىرايلىق ئاياللاردىن ئىدى. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، مېنىڭ بۇ ئايالىم چىرايلىق ئاياللارنىڭ ئالدىدىكى چىرايلىق ئايالدىن سانىلىشىدا گەپ يوق ئىدى.

ئايالىمنىڭ جەزىبدارلىقىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتىم. مەن ئۇنىڭ چىرايلىق رۇخسارىغا، ھەيكەلسىمان بەدىنىگە باشتىن ـ ئاخىر تېزلا بىر قاراپ قويۇپ ھۇجرا ئىشىكىدىنلا كەينىمگە ياندىم. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىنى كۆرۈشنىمۇ خالىمىدىم. ئۇدۇللا كىيىم ئىشكابىنىڭ ئالدىغا كەلدىم ۋە بەدىنىمگە يېپىنچاقلىۋالغان مۇنچا لۆڭگىسىنى يېشىۋېتىپ، خالىغان كىيىملىرىمدىن ئېلىپ كىيدىم. چاچلىرىمنى يەنە بىر نۆۋەت لۆڭگە بىلەن تاراپ قويدۇم ۋە مۇنچىغا تاشلاپ قويغان ئىشتىنىمدىن پورتمىلىمنى ئالدىم، كىيىملىرىمنى ئالماشتۇردۇم.

يەنە ھۇجرا ئالدىغا كەلدىم. ئايالىم كارىۋات ياقىسىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭغا بىر ناتونۇش ئادەمگە قارىغاندەك باشتىن ـ ئاخىر يەنە بىر نۆۋەت قاراپ قويدۇم. ئاندىن ئۇدۇللا ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. ئايالىم كارىۋاتتا ئولتۇرغان پېتى قالدى. نەگە ماڭغىنىمنىمۇ سورىمىدى.

كېتىۋاتىمەن. كاللامنى گادىرماچ خىياللار قاپلىۋالغان. قەدەملىرىم شۇ قەدەر ئېغىر. كوچىلار، يوللار پاكىز پېتى. كوچا چىراغلىرى كوچىلارنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەن. تاكسىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. كوچىدا مەن يالغۇزلا مېڭىۋاتىمەن.

يوپۇرماقلاردىن يامغۇر تامچىلىرى ئاندا ـ ساندا چۈشۈپ تۇرىدۇ. نېمانچە گۈزەل كەچ بۇ. ئۆزۈمنى بىردىنلا يېتىمسىراۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ئىچىمدىكى بارلىق ئازابنى، نەپرەتنى قانداق چىقىرىشنى بىلسەمچۇ كاشكى. جاھاندا شۇ تاپتا قەلبى مېنىڭدىنمۇ بەكرەك ئازاب ۋە خورلۇق بىلەن تولغان يەنە بىر ئەركەك بارمىدۇ؟ ئۆزۈمنىڭ نىشانسىزلا مېڭىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. نەگە بېرىش كېرەك؟ بۇ گۈزەل شۇنداقلا ئادەمگە يېتىمسىراش ھەم يالغۇزلۇق ئېلىپ كېلىدىغان، رەڭدار شاۋقۇنلىرى ئازىيىپ خېلىلا جىمىپ قالغان چىرايلىق ياز كېچىسىدە نەگە ماڭغىنىم تۈزۈك؟ كۈندىلىك تۇرمۇش تەرتىپىم ئۆي، ئىشخانا، يەنە ئۆي، يەنە ئىشخانا ئارىلىقىدىكى ئاشۇ قوش توچكىلىق بىر تۈز سىزىق شەكلىدە مەڭگۈ داۋالغۇمايدىغان تىنىچ سۇ پېتى ئۆتۈۋاتقان، ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىق ياكى ھەددىدىن ئارتۇق قايغۇ يوق ھالەتتە داۋاملىشىۋاتقان بىر ئادەم بولغىنىم ئۈچۈن، مانا مۇشۇنداق پەيتلەردە نەگە بېرىشنىمۇ بىلمەسلىكىم تەبىئىي ئىدى. سىرداش دوستلىرىممۇ يوق تۇرسا. سائىتىمگە قارىدىم، سائەت 12 يېرىم بولغانىدى. قەدەملىرىم يەنە شۇنداق ئېغىر، يەنە شۇنداق نىشانسىز. قەھۋەخانا، «ئەتىرگۈل قەھۋەخانىسى»! ماڭا ئەڭ تونۇشلۇق بولغان ئاشۇ قەھۋەخانىغا باراي.

قەھۋەخانىغا كىردىم. غۇۋا چىراغ نۇرلىرى قەھۋەخانا ئىچىنى ئىلگىرىكىدەكلا بىر رومانتىك دۇنيانىڭ ئۆزىگىلا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. قەھۋەخانا ئىچىدە ئادەم ناھايىتى شالاڭ. بار ئادەمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياش قىز ـ ئوغۇللار. بەلكىم ئۇلار كەيپلىكنىڭ ئەڭ شېرىن پۇرسەتلىرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندۇ. ئۇدۇللا بېرىپ مەن ئاخشام ئولتۇرغان ئورۇندا ئولتۇر-ماقچى بولدۇم. ئورۇن بوش ئەمەس ئىدى. بىر قىز بىلەن بىر يىگىت باشلىرىنى بىر ـ بىرىگە يېقىن ئەكىلىشىپ پىچىرلىشىۋاتاتتى. شۇ ئۈستەلنىڭ نېرىدىراق، تام تۈۋىدىكى ئىككى كىشىلىك يەنە بىر ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردۇم. كۈتكۈچى ئوغۇل كېلىپ ئۈستەلگە بىر تال قىزىل شام ياندۇرۇپ قويدى ۋە مۇلايىملىق بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمەتكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. پىۋا ۋە تاماكا كەلتۈرۈشنى ئېيتتىم. ھايال ئۆتمەي ئۈستىلىمگە پىۋا، بىر قاپ تاماكا ۋە بىرنەچچە كىچىك تەخسىدە ئۇششاق يېمەكلىك كەلتۈرۈلدى. پۇلىنى ھېسابلىشىۋېتىپ بولۇپ، پىۋا رومكىسىغا تولدۇرۇپ پىۋا قۇيدۇم. تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردۇم. ئاق

هاراق ئىچىشنى ياخشى كۆرمىگەچكە، قىزىل هاراق ۋە پىۋىلا ئىچىشكە ئادەتلەنگەنىدىم. كىشىلەر بىلەن قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىشقا ئانچە ھەۋىسى يوق ئادەممەن. شۇڭا كۆپ ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپمۇ تۇرمايمەن. دوستلىرىممۇ كۆپ ئەمەس. سورۇن، مېھماندارچىلىقلارغىمۇ ئانچە بېرىپ كەتمەيمەن. ئوچۇقىنى دېسەم، مەندەك ياشاش يولىنى تۇتقان ئادەمنى باشقىلارمۇ سورۇنلىرىغا كۆپ تەكلىپ قىلىپ كەتمەيدىكەن. خىزمەتداشلىرىم بەزىدە چاقچاق قىلىپ «گۆگۈلنىڭ ‹غىلاپ بەندىسى› دېگىنى بىلىكوپتىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان ئادەمسەن جۇمۇ» دەپ چېقىشىدۇ. بۇنداق گەپلەرگە ئارتۇق ئېتىراز بىلدۈرۈپ كەتمەيمەن. مەن ياشاۋاتقان دائىرە تولىمۇ كىچىك، بەلكىم بۇ مېنىڭ ئۆز ئالدىمغا تۇتقان يولۇم بولسا كېرەك.

پىۋا ئىچىۋېتىپ، كۆزۈم ھېلىقى بىر جۈپلەردە. ئاشۇ ياشلارمۇ ياشايدۇ، كۈلۈپ - كۈلۈپ ياشايدۇ. غەم - ئەندىشىسىز، دەرد - ئازابسىزلا. دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن ھەر ۋاقىت گۈزەل تۇيۇلىدۇ. يىگىت قىزنىڭ قولىنى سىلىغىنىچە، ئاللىنېمىلەرنىدۇر پاراڭ قىلىشىۋاتىدۇ. قىزنىڭ كۆزى يىگىتكە تىكىلگەن. بەلكىم ئۇلار مۇھەببەتلىشىۋاتقاندۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە شۇنداق قىزغىن ۋە شۇنداق كۈچلۈك تەلپۈنۈش ئىچىدە تويمايۋاتقان. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ مەستلىكىم كەلدى. بىزمۇ شۇنداق ياشىغان بايقۇشلار ئىدۇق. ئاجايىپ گۈزەل مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئەمما بىز قەھۋەخانىدا مۇھەببەتلەشمىگەن. بىردىنلا ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىدى. مۇھەببەت بەلكىم ئۇلارغا مەڭگۈلۈككە نېسىپ بولمايدۇ، چوقۇمكى، مۇھەببەت ھامان يوقىلىدۇ. ياخشى كۆرۈش، بىر - بىرىگە ئىنتىلىش، ئاشىق - بىقارار بولۇش دېگەن كىتابلاردا تەسۋىرلىنىدىغان، رېئاللىقتا ئەسلا مەۋجۇت بولمايدىغان ئىشلار. ئۇلارمۇ كۈنلەرنىڭ بىردە ھاياتنىڭ خوۋلۇقىنى، ياشاشنىڭ لەززىتىنىلا ئەمەس، خورلۇق ۋە تراگېدىيىسىنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغا كەلمەيدۇ، دەپ قېنى كىم ئېيتالايدۇ؟ دۇنيادا ھەممە نەرسە ۋاقىتلىق، ھەممە نەرسە پۈچەك. چەكسىزلىككە سوزۇلغان، ھەقىقىي قىممىتى بار نەرسە دېگەن بارمۇ زادى؟

بەدەنلىرىم قىزىشقا باشلىدى. كۆزۈم ھېلىقى ئىككىسىدىلا. قىزنىڭ ئورنىدا خوتۇنۇم ئولتۇرغاندەك بىر تۇيغۇ كاللامدىن غىل - پال ئۆتۈپ كەتتى. تۇۋا، شۇنچە ئەقىدە قىلغان بىر ئايال، مېنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنۇم. ئادەم دېگەن يۈزسىزلىكتە شۇ دەرىجىگە يېتەمدىغاندۇ؟ كىنولاردىن كۆرگەنىدىم، كىتابلاردىن ئوقۇغانىدىم، خەقلەردىن ئاڭلىغانىدىم - ئۆز ئېرىدىن يوشۇرۇنچە، ئۆز خوتۇنىدىن يوشۇرۇنچە باشقا ئەرلەر ۋە ئاياللار بىلەن ئىشپەش تارتىشىپ يۈرىدىغانلارنى. ئىلگىرى بىر تاتلىق پەرزەنتلىرى تۇرۇپ كۈندە دېگۈدەك سوقۇش - ماجىرا قىلىشىۋاتقان، ھەتتا ئاجرىشىپ ئۆز يوللىرىغا ماڭغان ئەر - خوتۇنلارنى ئاڭلىسام ياكى كۆرسەم ھەيران قالاتتىم. ئۇلار نېمىشقا سوقۇشىدىغاندۇ، نېمىشقا ئاجرىشىدىغاندۇ، كۆڭۈللىرىنى توختىتىپ ئاندىن توي قىلسا، توي قىلغاندىكىن ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ساقلاپ، مەڭگۈلۈككە ئىجىل - ئىناق ئۆتۈشكە نىيەت قىلىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە يول قويۇپ ياشىسا بولمامدىغاندۇ، نېمە كەپتۇ ئەمدى ئۇنداق ياشاپ. خوتۇنۇم بىلەن بولغان ئائىلە مۇناسىۋىتىدە ئاشۇ ئويلىرىم پېتى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ كېلىۋاتقانىدىم. ئەپسۇسكى، خىيالىمغا كەلتۈرۈشنىمۇ ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىش...

مەن خوتۇنۇمنى ئاجايىپ ياخشى كۆرەتتىم. ھەرقانداق بىر ئايال زاتى خوتۇنۇمنىڭ ئورنىنى ئالالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى مەن ئۇچراتقان، توي قىلىشتىن ئىلگىرى قويۇق بېرىش - كېلىش قىلغان، بىردىنبىر ۋە تۇنجى سۆيگەن ئادىمىم ئىدى. مەن ئۇنى پاك يىگىت پېتى ئۆز ئەمرىمگە ئالغانىدىم. خوتۇنۇمغا سادىق بولۇش مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيەت ھېسابلىناتتى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن خىزمەتكە چىقىپ 3 - يىلى تونۇشقانىدىم. ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشۇمنى تاماملاپ، بۇ خىزمەت تەقسىماتىم ناتونۇش شەھەرگە بولۇپ ھېچكىمىم، ھېچبىر تونۇشۇم ۋە ئۇرۇق - تۇغقىنىم يوق ھالەتتە يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردە ئۇ تۇرمۇشۇمغا بۆسۈپ كىرگەنىدى. خىزمەتداشلار ئارا بىر سورۇندا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. بىر ئايال خىزمەتدىشىمنىڭ دوستى ئىكەن، سورۇنغا شۇ باشلاپ كەپتۇ. شۇ قېتىمقى سورۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقەم باشلاندى. بىز يېقىن سىرداشلاردىن بولۇپ قالدۇق. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە مېھىر بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. ئۇنىڭ يېشى مەندىن خېلىلا كىچىك، ئەمما تەربىيە كۆرگەن قىز ئىدى. ئۇ ئىچكىرىدىكى بىر تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە

چىققاندى. بىز تونۇشقان كۈنلەردە ئۇ دوختۇر بولۇپ ئىشلەۋاتقانىكەن. ھەر ئىككىلىمىز ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەچكە نۇرغۇن قارىشىمىزدا ئورتاقلىق بار ئىدى. مەن بارا - بارا ئۇنى پات - پات كۆرمىسەم كۆڭلۈم ئۇنىمايدىغان، ئۇنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالدىم. ئىشتىن چۈشكەندە بىر ئامالالارنى قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئامال تاپاتتىم. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى مۇشۇ شەھەردە بولغاچقا ئۇ كەچلىرى ئۆيىدىن كۆپ چىقالمايتتى. ھېلىمۇ كومپيۇتېر كەسپىدە ئوقۇپتىكەنمەن. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگەن، ئۇنى سېغىنىپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمدا كومپيۇتېر ئىچىگە كىرىپلا كېتەتتىم. نۇرغۇن قېتىم قولۇم كونۇپكا تاختىسىدا، كۆزۈم ئېكراندا، ئەمما ئۇ كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيتتى. مۇھەببەت دېگەن شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ.

مەن ئۇنى ھەقىقەتەن بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئۇ مەن ياخشى كۆرگەن ئەڭ تۇنجى شۇنداقلا ئاخىرقى قىز ئىدى. ئۇنىڭ يارىشىملىق بوي - بەستى، يېقىملىق تەبەسسۇم - كۈلكىسى، مەن كۆرۈپ - كۆرۈپ قانمايدىغان بىر جۈپ كۆزى، تولىمۇ سېھىرلىك ئاۋازى مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاجايىپ ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭ ئاۋازىدا ھېچقانداق بىر قىزدا تېپىلمايدىغان، ئاڭلىسا ئادەمنى خۇشال تۇيغۇلار ئارىسىغا باشلاپ كىرىدىغان بىر خىل ئىنتوناتسىيە بار ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا پاراڭلاشقىنىمىزدىكى ئاۋازىنى پەقەت تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. ئۇ ئاۋاز باشقىچە يېقىملىق، باشقىچە ئاڭلىنىشلىق ۋە باشقىچە جەلپكار. بىز بارا - بارا قىزغىن مۇھەببەت قايىنىمىغا كىرىپ كەتتۇق. يازنىڭ بىر يامغۇرلۇق ئاخشىمى ئۇ مېنىڭ مۇھەببەت تەلىپىمنى قوبۇل قىلدى. شۇ كۈنىدىن باشلاپ ئۆزۈمنى دۇنياغا باشقىدىن تۇغۇلغاندەك، مۇھەببەتلىك ئاشۇ كۈنلەرنى ئويلىسام، دۇنيادا مەندىن باشقا يەنە بىر بەختلىك ئىنسان بارمىدۇ، دېگۈم كېلىدۇ. مۇھەببەت ئادەمنى باشقىچە خۇشال، باشقىچە جۇشقۇن ۋە باشقىچە كۆتۈرەڭگۈ قىلىپ قويىدىكەن. سىز مۇھەببەت قايىنىمىغا غەرق بولۇپ ياشاۋاتقىنىڭىزدا، كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەي قالىدىكەنسىز. ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن قىز بىلەن بىرگە غىزالانغان، سەيلە قىلغان، سىرداشقان ۋاقىتلىرىڭىزدا ئۆزىڭىزنى ئاجايىپ بەختىيار ھېس قىلىدىكەنسىز. بويىڭىز ھەرقانداق ئادەمدىن ئېگىزدەك، ھېچكىم سىزگە تەڭ كېلەلمەيدىغاندەك، جاھاندا سىزدەك نوچى ياشاۋاتقان يەنە بىر ئادەم مەۋجۇت ئەمەستەك تۇيغۇدا بولىدىكەنسىز. كەچلىرى خاتىرە يازىمەن - پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈنلا، ئۇنى سېغىنىپلا، ئۇنى تاتلىق خىياللار ئىچىدە ئەسكە ئېلىپلا. خاتىرە يېزىۋېتىپ غايىبانە ھالدا خاتىرە يۈزىدە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىمەن، مۇڭدىشىمەن. يۈرىكىمدىكى ئۇنىڭغا بولغان ئەڭ گۈزەل سېغىنىشلىرىمنى، تومۇرلىرىمدىن تېپىپ چىقىۋاتقان تەلپۈنۈشلىرىمنى ئۇزۇن - ئۇزۇن قۇرلارغا پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈنلا ئاتاپ يازىمەن. ئاخشاملىرى كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. تاتلىق خىياللار بىلەن نەۋاقىتچە ئويغاق ياتقىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ھەرقانداق ئادەم مۇھەببەتلىشىۋاتقان ۋاقىتتا ئەنە شۇنداق تۇيغۇلاردا بولامدۇ ياكى مەنلا شۇنداق تۇيغۇدا بولدۇممۇ، بۇنى دەپ بېرەلمەيمەن. ئىشقىلىپ مەن ئۇنى بارلىقىم بىلەن ياخشى كۆرگەنىدىم.

بەختلىك ئائىلىمۇ قۇردۇق. ئىككىمىزگىلا تەۋە، ھېچكىم دەخلى قىلالمايدىغان ئۆيىمىز، مۇستەقىل ئائىلىمىز بار بولدى. مەن تەلپۈنگەن، ئېرىشىشنى ساناقسىز قېتىم ئارزۇلىغان بەختلىك تۇرمۇشقا ئاخىر ئېرىشتىم. ئۆزۈم چەكسىز ياخشى كۆرگەن، بارلىقىم، جېنىم دەپ بىلگەن ئاشۇ سۆيۈملۈك قىز - بەرنانى نىكاھىمغا ئالدىم. مېنىڭ بەرنا بىلەن بولغان نىكاھ مۇناسىۋىتىم مېنىڭ نەزىرىمدە ھېچبىر نۇقسان، شەكسىز، ئاجايىپ مۇكەممەل نىكاھ مۇناسىۋىتى ئىدى. مەن بۇ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىر ئۆمۈر قەدىرلەشكە، بەرنادىن ئۆزگە ھەرقانداق ئايال زاتىغا باشقىچە نەزەردە قارىماسلىققا قەسەم ئىچتىم. قەسەم ئىچكەنلىكىمنى بەرناغىمۇ ئېيتتىم. ئۇ ئاڭلاپ ھەم خۇشال بولدى، ھەم ھەيران قالدى. بەلكىم ئۆزىگە ئەبەدىي سادىق بىر ئەرنىڭ ئەمرىگە ئۆتكەنلىكىدىن خۇشاللانغان بولسا كېرەك. شۇنداق دەپ ئويلىدىم. ھەيران قالغانلىقىنى كۆزىدىن بىلىۋالدىم. «مەن خەۋەرسىزلا ئۆز ئالدىڭىزغا قەسەم ئىچىپسىز، مۇشۇنداق قىلسىڭىز توغرا بولامدۇ؟» دېگەندەك مەنىدە قارىدى ئۇ ماڭا.

- بەرنا، مەن سىزنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن. سىزگە بولغان سادىقلىقىمنى، ئىككىمىزنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشىنىڭ قىممىتىنى ھەر ۋاقىت ئەستىن چىقارماي دەپ شۇنداق قىلدىم، - دېدىم ئۇنىڭغا.

ئۇ يېقىملىق تەبەسسۇمى بىلەن سۆزۈمنى قوللىدى. بوينۇمغا گىرە سالدى. مەن ئۈچۈن ئىككىلا نەرسە ھەقىقىي مەنىسى بىلەن مېنىڭ

تۇرمۇشۇمدا بىردىنبىر مەۋجۇت ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، بىرى - بەرنا، يەنە بىرى - خىزمىتىم. خىزمىتىمگە بارغانسېرى كىرىشىپ كەتتىم. ئۈن - تىنسىز ئىشلەشنى ئۆزۈمگە ئادەت قىلىۋالدىم. مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن ئۆيگىمۇ كومپيۇتېر سېتىۋالدۇق. خوتۇنۇمغا ھەمراھ بولۇشتىن سىرت ئۆيدىمۇ بىكار ۋاقتىم بولسىلا كومپيۇتېر ئالدىغا كېلىمەن. ھەتتا كېچە - كېچىلەپ ئىشلەپ كېتىمەن. ئۇ كەچلىك ئىسمېنا بولۇپ ئىشلىگىنىدە بەزىدە ئالدىغا بېرىپ ئەكىلىمەن. بەزىدە كومپيۇتېرغا كىرىشىپ كەتكەچكە ئۇنى ئەكىلىدىغان ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي ئىشلەپ كېتىمەن. يەنە بەزىدە تېلېۋىزور كۆرۈپ ھارمايمەن. قاناللارنى ئالماشتۇرۇپ كۆرىۋېرىمەن. ئەنە شۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ مەندىن ئاغرىنىدۇ، خاپا بولىدۇ. ھامان كۆڭلىنى ئېلىۋالىمەنغۇ، دەيمەن ئىچىمدە. كەسپىتە مۇۋەپپەقىيەت قازانسام ئۇ خۇش بولىدۇ. ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىم ئارقىلىق ھامان بىر كۈنى ئۇنى خۇش قىلىمەن. شۇ ۋاقىتتا ئۇ مەندىن ئاغرىنغىنىغا، خاپا بولغىنىغا پۇشايمان قىلىدۇ، دېگەن ئوي ماڭا تەسەللى بېرىدۇ. مانا شۇنداق رەۋىشتە توي قىلغىنىمىزغا بەش يىل بولاي دەپ قالدى. خىزمەتنى دەپ بالىلىقمۇ بولمىدۇق. مېنىڭچە، بالا بولدىمۇ، خىزمەتكە قارىتىلغان پۈتۈن دىققەت بالىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بالا بېقىش ھەلەكچىلىكى ئادەمنىڭ كەسپىتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئىككىمىزنىڭ قارىشى ئوپمۇئوخشاش ئىدى. مەن ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن بۇ قارىشىمنى بارا - بارا مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارغانىدىم. چۈنكى مەن ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلاتتىم. ھەرقانداق بىر ئىشتا ئۇنىڭ بىلەن قارشى مەيداندا ياكى قارشى پىكىردە تۇرۇش - مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشاش پەلسەپەمگە يات ئىدى. مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىش، ھەرقانداق شەكىلدىكى تەلىپىنى رەت قىلىش چەكلەنگەنىدى. مېنىڭچە، بىر ئائىلىدىكى ئەر - خوتۇنلار ئەنە شۇ يولنى تۇتسا كۈنلىرىنى مەڭگۈ خاتىرجەم، تىنچ ئۆتكۈزۈپ بارالايدۇ، دەپ قارايتتىم. ئۇ ئۆزىمۇ تەربىيە كۆرگەن، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، ئائىلىگە سادىق ھەم كۆيۈمچان ئايال ئىدى. ئىككىمىزنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇنىڭ دوستلىرى، مېھماندارچىلىق سورۇنلىرى كۆپ ئىدى. ھازىرقى زاماننىڭ ئاياللىرى شۇنداق بولىدۇ، دەپ قارايتتىم بۇنىڭغا قارىتا. بۇلارغىمۇ كۆنۈك ئىدىم.

ئەپسۇسكى. . .

ئۇ قۇرۇقدالغان رومكىغا يەنە پىۋا قۇيدى. تاماكىنى قاتتىق - قاتتىق بىرنەچچىنى شورىۋېتىپ، ئالدىدا ئولتۇرغان بىر جۈپ قىز - يىگىتكە قارىغىنىچە سۆزىنى داۋام ئەتتى.

- ئۇمۇ مېنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە مەن بىرلا ئادەم، مەن بىرلا ئەركەك. ئۇ مەندىن ئۆزگە ھەرقانداق بىر ئەر كىشىگە نەزىرىنى سالمايتتى. گويا مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھەرقانداق بىر ئايال زاتىغا دىققەت قىلمىغىنىمدەكلا. ئۇ تاماققا ئىنتايىن ئۇستا ئىدى. كىشىلەر تاماققا ئۇستا ئاياللارنى قولى تەملىك ئاياللار، دېيىشىدىكەن. ئۇ ئاشۇنداق قولى تەملىك ئاياللارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئاياللار سانىلىشى مۇمكىن. ئۆيىمىزنى رەتلىك ۋە پاكىز تۇتىدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، ھەر بىر ئىشى كۆزۈمگە ئاجايىپ ئىسسىق ۋە يېقىشلىق كۆرۈنىدۇ. مەن بەختىمنى تاپقانىدىم. تولىمۇ بەختىيار بىر ئائىلىگە ئېرىشكەنىدىم. مەندىكى بەختىيارلىق تۇيغۇسى مەڭگۈ داۋاملىشىدىكەن، دەپ ئويلايتتىم، شۇنداقلا مەڭگۈ داۋاملىشىشىغا ئىشىنەتتىم. چۈنكى مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سادىقلىقىم شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ماڭا بولغان سادىقلىقىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ باراتتى.

مېنىڭچە، ئەر بولغان كىشى ئايالىغا قانچىلىك سادىق بولسا، ئايال كىشىمۇ ئېرىگە شۇنچىلىك سادىق بولاتتى. مېنىڭ ئۇنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرۈشۈم، ئۇنىڭغا شۇ قەدەر سادىق بولۇشۇم قەلبىمگە ئورناپ كەتكەن مۆھەببىتىمنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

ئەپسۇسكى. . .

ئىشخانامدا ئۆزۈم يالغۇز دېگۈدەكلا ئىشلەيتتىم. ئىدارىمىزنىڭ كاتىپى خەت - چەك تارقىتىش خىزمىتىنىمۇ قوشۇمچە قىلىدىغان، كېلىشكەن چوكان. ئۇ پات - پات ئىشخانامغا كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى. چاقچاقمۇ قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ چاقچاقلىرىغا ئېرەن قىلىپ كەتمەيمەن. ئۇنىڭ چىراي شەكلى ۋە بەدەن قۇرۇلۇشى خوتۇنۇمغا بىرئاز ئوخشاپ قالغاچقىمىكىن، ئۇنى ھەر كۆرسەم خوتۇنۇم كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئەمما خوتۇنۇمدا بۇ كاتىپ چوكانغا ئوخشاش غىلجىڭ ناز - كەرەشمە ۋە سىرلىق چاقچاقلار يوق. خوتۇنۇم دېگەن ئۇ راۋۇرۇس تەربىيە كۆرگەن بىر ئىلمىي ئايال. بۇنداق كاتىپ چوكانلار ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ. ناز - كەرەشمىلىرى بىھۇدە، چاقچاقلىرىمۇ بىھۇدە. ئۆزىنىڭ كۆڭلىنىلا خۇش قىلىپ يۈرىدۇ بەربىر. ناۋادا مۇمكىن

بولسىدى، خوتۇنۇم بىلەن بىر ئىدارە، ھەتتا بىر ئىشخانىدا ئىشلەشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتىم. ھەرقانچە ئارزۇلىغىنىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ كەسپى ئوخشىمايدۇ. نەتىجىدە، تەقدىرگە تەن بېرىپ ياشايدىغان گەپكەن.

نېمە ئۈچۈن ئۇ شۇنداق قىلىدۇ، نېمە ئۈچۈن كۆز ئالدىمدىلا يات بىر ئەر كىشى ئايالىمنىڭ ئېڭىكىنى سىلايدۇ. . . مەن ھازىرغىچە تانسا ئوينىغان ۋاقىتلاردىن ئۆزگە ھەرقانداق ۋاقىتتا يات بىر ئايالنىڭ قولىنىمۇ تۇتۇپ باقمىدىم. تانسا ئويناش ماڭا پەقەت بىر ئۆرپ - ئادەتتەكلا بىلىنىدۇ. تانسا ئوينىغان قارشى تەرەپكە ھېچبىر باشقىچە ھېسسىياتتا بولۇپمۇ باقمىدىم. ئەمما مېنىڭ ئايالىمنىڭ ئېڭىكىنى يات بىر ئەر كىشى سىيلىدى.

ئۇ قاچانلاردىن تارتىپ بۇنداق يولنى تاللىۋالغاندۇ. ئۇنى ئېزىقتۇرغان كىمدۇ. بىر - بىرىدىن گادىرماچ تۈگىمەس خىياللار بىلەن پىۋامنى ئىچىۋەردىم. مەن ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرگەن تۇرسام، ئۇنىڭغا ئاتاپ قەسەم بەرگەن تۇرسام. ئۇ بۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشى، ماڭا يۈز كېلەلىشى كېرەكتىغۇ. ناۋادا ئۇ تۇغقان بولسا، بالىلىق بولغان بولساق، بەلكىم بۇنداق خورلۇق كۈنلىرى ماڭا نېسىپ بولماس ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارى بالىغا مەركەزلىشىپ، بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتالماس بولغىيدى. بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ خاتا قىلغانلىقىمنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا بولۇشۇپ، بالىلىق بولۇش ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈشكە كېلىشكەنلىكىمىزنىڭ خاتا بولغىنىنى ئېتىراپ قىلدىم. بالا - ئۇ بىر ئۆينىڭ رىشتىسى، ئەر - خوتۇنلارنىڭ ھېسسىيات تۈگۈنچىسى ئەمەسمۇ. كۆرۈۋاتىمىزغۇ، نى - نى بالىلىق ئەر - خوتۇنلار بالىلىق بولغىنى ئۈچۈنلا شۇنچە ئىناق، بىر - بىرلىرىگە شۇنچە كۆيۈمچان بولۇپ ياشاۋاتمامدۇ ئەتراپىمىزدا. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ «ۋاقتىنچە بالىلىق بولمايلى، كەسپىمىزدە بىرەر نەتىجە قازانغاندىن كېيىن بولساقمۇ ئۈلگۈرىمىز» دېگىنىدە ماقۇل بولغىنىمنىڭ ئۆزى ئەڭ زور خاتالىق ئىكەن. مەن ئەسلى بۇ خاتالىقنى سادىر قىلمىسام بوپتىكەن . ئۆزۈمنىڭ بۇ بىر نۇقتىدا خاتا قىلغانلىقىمغا راستىنلا ئىشەندىم. بۇ خاتالىقنى مەنغۇ ئۆز ئۈستۈمگە ئالاي، ئۇ قايسى خاتالىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ھېلىقى نومۇسسىز ئەبلەخچۇ. . . ئۇ قاچانلاردىن تارتىپ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا سوقۇنۇپ كىرگەن بولغىيتتى، ئۇنىڭ زادى نېمە مەقسىتى باردۇ. خوتۇنۇمنى شۇ قەدەر ئەقىللىق، دەپ بىلەتتىم. نۇرغۇن ئىشلاردا ھەتتا ئۇنىڭدىن ئەقىل، مەسلىھەت سورايتتىم. بۇ قىلغىنىمۇ خاتامۇ ئەمدى. توققۇزۇم تەل تۇرسا، يا مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمىسام، يا خەقلەرگە ئوخشاش پات - پات ئۇرۇش - جېدەل قىلىپ تۇرمىسام. ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى ئۇ كونترول قىلىدۇ. مائاشىمنى ئەكېلىپلا ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزىمەن. ئىدارىدىن ھېيت - بايراملىق، پاراۋانلىق پۇللىرىنى تارقاتقاندىمۇ بىر پۇڭىنىمۇ كەم قىلماي، يەنە ئۇنىڭغا رازىمەنلىك بىلەن ئۆتكۈزىمەن. باشقا ئەرلەرچۇ، ئەسلا ئۇنداق قىلمايدۇ. خوتۇنلىرىدىن يوشۇرۇنچە پۇل ساقلايدۇ ياكى بىر قىسمىنى ئۆزى ئېلىۋالىدۇ. بۇ سەپتە تېخى ئاياللارمۇ بار. مەن بۇلارنى ئەتراپىمدىن كۆرۈپ تۇرىمەن، ئاڭلاپ تۇرىمەن. مېنىڭچە، ئىقتىسادنى ئايالىم تۇتقىنى مۇۋاپىق ئىدى. ئۇلار تېجەشلىك، پىلانلىق كېلىدۇ. شۇڭا كاسسىر، بوغالتىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئايال كىشى ئەمەسمۇ. دۆلەتمۇ بۇ نۇقتىنى بىلگەن. كىتابلاردا ئائىلىنىمۇ دۆلەتكە ئوخشىتىدىكەن. ئايال كىشىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان ئائىلە ئىقتىسادى شۇڭا راۋاج تاپمايدۇ، مەن بۇ نۇقتىدا توغرا قىلغان.

ئۇ مانا شۇنداق كەڭرى، ئەركىن - ئازادە ئائىلە مۇھىتىدا ياشاۋاتقان تۇرۇقلۇق يەنە ئۇنىڭغا نېمە كەملىك قىلغاندۇ. ئۇنىڭ مېنى خورلىغىنى كاللامدىن زادىلا ئۆتمىدى.

شۇنداق قىلىپ قەھۋەخانىدا بىر كېچىنى ئاچچىق ئازاب ۋە خىيال، ئەسلىمىلەر بىلەن ئۆتكۈزدۈم. مەنلا يالغۇز. مەنلا بىر تەنھا. بىر كېچىدە نەچچە بوتۇلكا پىۋا ئىچتىمكىن، نەچچە قاپ تاماكا چەكتىمكىن، ھەممىسى سىڭىپتۇ. ئۆزۈم قاتتىق مەست بولغاندەك ئەمەس. بۈگۈن بىر كېچە تۈنجى قېتىم ئۆيگە قايتمىدىم. بۇ مېنىڭ توي قىلغان بەش يىلدىن بېرى كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەندىن سىرت، مۇشۇ شەھەردە تۇرۇپ تۈنجى قېتىم كېچىسى ئۆيگە قايتمىغىنىم بولدى. كېچىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى بىرىنچى قېتىم سەزدىم. كېچىدەك ئۇزۇن ۋاقىت بولمىسا كېرەك. تاڭ ئەمدىلا يورۇشقا باشلىغان قاق سەھەردىلا قەھۋەخانىدىن چىقتىم. يېنىك شامال يۈزۈمگە ئۇرۇلدى. بىر ئاز يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم. كۆزلىرىم بوش ئېچىشىۋاتىدۇ. ساقاللىرىم بىر كېچىدە خېلىلا ئۆسۈپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ئەتراپقا بىر نەزەر سېلىۋېتىپ، پىيادىلەر يولىدىن ماڭدىم. قورسىقىم ئېچىشقا باشلىدى. مەن بىلىدىغان پات - پات بېرىپ تاماقلىنىدىغان، يىگىرمە تۆت سائەت

تىجارەت قىلىدىغان كالا گۆشى ئۈگرىخانىسى بار ئىدى. بۇ تاڭ سەھەردە شۇ يەرگە بېرىپ ئۈگرە ئىچىپ كەلدىم. يەنە پىيادە ماڭدىم. پۇتلىرىم سىرقىراپ ئاغرىپ تۇرىدۇ. بەدەنلىرىم قورۇلۇۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، تېنىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك. كاللام گاراڭ. بىردەم - بىردەم گويا ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك غۇڭۇلداپ ئاغرىيدۇ. يولدا پىيادە كېتىۋاتقان بىر يالغۇز مەنلا. تاكسىلار ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. تاكسى شوپۇرلىرىمۇ ئۇخلىمىغان گەپ. ئۇلار بىر كېچە قانداق چىدىغاندۇ. ئۇلارنى ئۇخلاتمىغىنى پۇل مېھرى، كۆپرەك پۇل تېپىش ئىستىكى. مېنىچۇ؟ بەلكىم مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ كۈن ئاشۇ تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بولسىدى، ئۇياق - بۇياققا تاكسى ھەيدەپ پۇل تېپىش ئۈچۈن چاپماي، ئۇلارمۇ قەھۋەخانىدا تۈنەپ چىققان بولار ئىدى.

ئەمدى نەگە بېرىشىم كېرەك؟ ئۆيگە پەقەت قايتقۇم يوق. ئۇنى، ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىنى ئەسلا كۆرگۈم يوق.

ئۇزۇن خىياللار بىلەن كوچا ئايلاندىم. تاڭ تولۇق يورۇپ، بۇ شەھەرنىڭ يېڭى بىر سەھىرى باشلاندى. قايىنام تاشقىنلىق يېڭى ئەتىگەن شۇنچە سۈزۈك باشلاندى. كىشىلەر ئۇياق - بۇياققا ئالدىراش مېڭىشماقتا. شۇ تاپتا ھېچكىم مېنىڭ بىر كېچە ئۇخلىماي چىققىنىمنى، مەن ئۆچۈرغان ئاچچىق سەرگۈزەشتىنى بىلمەيدۇ. كۆزۈمگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خۇشال كۆرۈندى. ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن كارى يوقتەكلا. ھەممە ئۆز يولىغا ئالدىراش. ئىشخانامغىلا بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا.

— كۆزلىرىڭىز قىزىرىپ، چىرايىڭىز بۆلەكچىلىغۇ، قۇددۇس.

كاتىپ چوكان ئىشقا چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىشخانامغا كىردى. ئادەتتىكىدەك سالاملاشتۇق. ئۇنىڭ كۆزى يامان ئىكەن. ئۇنىڭغا قاراپ زورىغا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم.

— كېچىدىن ئۇخلىمىدىڭىزمۇ نېمە؟

ئايال كىشى دېگەن نېمانداق سەزگۈردۇ. ھەممە نەرسىگە دىققەت قىلىپلا يۈرگەن.

— ئاشقازىنىم ئاغرىپ شۇ.

ئېغىزىمغا بۇ يالغان سەۋەب نەدىن كەلدىكىن.

— ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا بېرىڭ.

ئۇ مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، يەنە شۇ ناز - كەرەشمە بىلەن كۆزۈمنىڭ ئىچىگە بىر قاراپ قويۇپ، ئىشخانامدىن چىقىپ كەتتى. كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرىمەن. مېڭەم تۇرۇپ - تۇرۇپ چىڭقىلىپ ئاغرىيدۇ. كۆزۈمنىڭ ئېچىششى كۈچەيدى. بىر كېچىلىك ئۇيقۇ شۇنچىلىك مۇھىممىدۇ ئادەمگە. چىداپ ئولتۇرۇۋاتىمەن. بېشىمنى بىرەر يەرگە قويىدۇممۇ، دەرھال ئۇيقۇغا كېتىشىمدە گەپ يوق. يېرىم كۈنلۈك خىزمەت ۋاقتىنى چىشىمنى چىشىمغا چىشلەپ ئاران تەستە ئۆتكۈزدۈم. چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى توشۇشىغىلا ئىشخانا ئىشىكىنى ئىچىدىن ئېتىۋېلىپ، ئۆزۈمنى دەرھال سافاغا تاشلىدىم. نېمانچە راھەت سافا بۇ؟ ئىشخانامدىكى سافانىڭ بۇنچە راھەتلىكىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم. ھېچ نەرسىنى ئويلاشنى خالىمىدىم. ھايال ئۆتمەي كۆزۈم تېزلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

چۈشتە چۈش كۆرۈپتىمەن. «ئۆچكە جاڭگال چۈشەيدۇ، توخۇ داڭگال» دېگەندەك، چۈشۈمدە خوتۇنۇمنى چۈشەپ چىقىپتىمەن. ئۇيقۇ شۇنچە بەك تېتىدى. چۈشتىن كېيىنكى خىزمەت ۋاقتىنىڭ توشۇشىغا ئۇلگۈرۈپ كارىدوردىكى ئاۋازلاردىن ئويغىنىپ كەتتىم. ئەمما ئۇيقۇغا قانمىغانىدىم. چۈشۈمنى ئويلىسام تېنىم شۈركىنىپ كېتىدۇ. خوتۇنۇم مېنى دېرىزە ئالدىدا چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ بىر ياپىپېشىل چۆپلۈك ئۈستىدە ناتونۇش بىر ئەر كىشى بىلەن تانسا ئويناۋاتقۇدەك. پۇت - قولۇم، بەدىنىم پالەچ ھالەتتە، خوتۇنۇم تەرەپكە ئىنتىلگۈدەكمەن. ئەمما ئورنۇمدىن تۇرالمىغۇدەكمەن، ۋارقىراي دېسەم ئاۋازىممۇ چىقمىغۇدەك. ئۇلار بىر - بىرىگە شۇنچە يېقىن، شۇنچە مېھرىلىك تويماي - تويماي ئويناۋاتقۇدەك. يۈرىكىم ئۆرتىنىپ، ئىزا ۋە خورلۇقتىن پۇچۇلىنىپ كېتىۋاتقۇدەكمەن. ئەمما ئۇلار بەخىرامان، شۇنچە لەرزان ۋە يېنىك مۇزىكا ئۇلارغا جور بولۇۋاتقۇدەك. مۇزىكىنىڭ نەدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگۈدەكمەن. خوتۇنۇم قىپقىزىل تويى كۆڭلىكى كىيگەن، ۋۇجۇدىدىن گۈزەللىك تۆكۈلۈپ تۇرغۇدەك. مۈرىلىرى، چاچلىرىدىن، بىر جۈپ كۆكسىدىن، ناتونۇش ئەرنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالغان قولىنىڭ بارماقلىرىدىن، تىرناقلىرىدىن، ئېگىز پاشنىلىق ئايىغىنىڭ ئۇچىدىن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇرلار چاقناپ تۇرغۇدەك. ناتونۇش ئەر ئاپئاق كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن. قارا گالىستۇك تاقىغان. چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشكەن، بەئەينى رەسساملارنىڭ چېچىدەكلا. ئۇ كىشى قامەتلىك، ئەمما كۆرۈمسىز. ناتونۇش ئەر تانسا ئويناۋېتىپ بىرنەچچە قېتىم ماڭا تىكىلىپ قارىغۇدەك. چىرايىنىڭ كۆرۈمسىزلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋاتىمەنيۇ، ئەمما چىرايى ئېسىمدە

قالمىغۇدەك.

ئۇلار ئويناپ - ئويناپ ئىس - تۈتەكتەك رەڭدار قويۇنغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقۇدەك. خوتۇنۇمدىن ئەنسىرەپ قويۇن تەرەپكە ھەدەپ كۆچىگۈدەكمەن. ئەمما ئورۇندۇقنىڭ چاقى بىر يەرگە كەپلىشىپ قالغاندەك ئەسلا مىدىرلىمىغۇدەك. كۆزلىرىمنى كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا ئاچالمىغۇدەكمەن. مۇزىكا داۋاملىشىۋاتقۇدەك. چۈشنىڭ داۋامىنى ئەسكە ئالالمىدىم. دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان ياز ئاپتىپى ئىشخانىنى يوپيورۇق ۋە ئىسسىق قىلىۋەتكەن. بېشىمغا ياستۇق ئورنىدا قويغان كىتابلارنى ئېلىپ ئۈستىلىمگە قويدۇم. بويۇنلىرىم ئاغرىپ تۇرىدۇ. پۇتلىرىم يەنە سىرقىراۋاتىدۇ.

بىردىنلا تېلېفون جىرىڭلىدى. بۈگۈن يېرىم كۈن ھېچكىم بىلەن تېلېفوندا ئالاقە قىلمىغىنىم ئېسىمگە كەلدى. بېرىپ تۇرۇپكىنى ئالدىم. تېلېفوننى خوتۇنۇم بەرگەنىكەن. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بەدىنىمگە بىراقلا تىترەك ئولاشتى. بۇ تىترەك مەندە ئىلگىرى ئەسلا كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئەھۋال سورىشىغا مۇنداقلا جاۋاب بەردىم. ئۇ بىر كېچە مەندىن ئەنسىرەپ ئۇخلىماي چىققانلىقىنى، كۆپ قېتىم چاقىرغۇ قىلسىمۇ جاۋاب قايتۇرمىغانلىقىمنى ئېيتتى. ئارتۇق ئىزاھات بەرمىدىم. كەچتە ئۆزىنىڭ ئۆيگە بالدۇرراق قايتىپ بېرىپ تاماق ئېتىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى ئەنسىرەتمەي بالدۇرراق ئۆيگە قايتىپ بېرىپ بىرگە غىزالىنىشنى دېدى. تېلېفوندا ئۇنىڭغا كۆپ پاراڭ قىلمىدىم. تۇرۇپكىنى قويۇپ بېرىپ سافاغا ئولتۇردۇم. كۆز ئالدىمدا ھېلى خوتۇنۇم، ھېلى چۈشتە كۆرگەن چۈش، ھېلى ئاخشامقى قاباھەتلىك مەنزىرە ئۆزئارا ئالمىشىپ كۆڭلۈمنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى. بېشىمنى قوش قوللاپ قاماللاپ تۇتقىنىمچە يەرگە قاراپ ئولتۇردۇم. ئاشۇ بەختسىزلىكلەرنىڭ پەقەت چۈش بولۇپ قېلىشىنى، خوتۇنۇمنىڭ پاك ھالىتىنى خۇدادىن تىلەپ كەتتىم.

شۇ كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ كۆڭلۈم تارتمىغان ھالدا ئۆيگە ماڭدىم. دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ تېنىم قاتتىق شۈركىنىپ كەتتى. چىشلىرىم ئۆزىچە غۇچۇرلاپ ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتىم. مانا مۇشۇ جايدا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى شۈركەندۈرىدىغان ئاچچىق تراگېدىيە يۈز بەردى. خوتۇنۇم مانا مۇشۇ جايدا مېنىڭ ئىززەت - غۇرۇرۇمنى قاراپ تۇرۇپ دەپسەندە قىلدى. مېنىڭ بارلىق نېرۋىلىرىمنى مانا مۇشۇ جايدا يۈز بەرگەن شەرمەندىچىلىك كومپەيكوم قىلىشقا باشلىدى. . .

گويا مەرەزدىن يىرگەنگەندەك تاكسى توختىغان ھېلىقى جايدىن يىراقراق مېڭىپ قورۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. خوتۇنۇم تاماق تەييارلاپ مېنى ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن. ئۆي ئىشىكىنى ئاچقۇچۇم بىلەن ئېچىپلا كىردىم. خوتۇنۇم ۋىللىدە ئېچىلىپ ئىشىك ئالدىغا ئالدىمغا چىقتى. ئىشىك ئالدىدا سوغلا كۆرۈشتۇق. ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپلا ئىختىيارسىز تېنىم شۈركەندى. ئۇنىڭ ئېڭىكى كۆزۈمگە مەرەز چاپلاپ قويغاندەكلا كۆرۈندى. ئەمما چاندۇرمىدىم.

شۇ كۈنى كەچ ناھايىتى كۆڭۈلسىز ئۆتتى. ئۇنىڭ ماڭا كۆيۈنۈپ سورىغان سوئاللىرىنىڭ كۆپى جاۋابسىز قالدى. تاماقنىمۇ خۇشياقمىغاندەكلا يېرىمىنى ئاران يەپ بولدۇم. تاماقنى تەستە چايناۋېتىپ توڭلاتقۇ ئۈستىدىكى ھېلىقى گۈللەرگە بىرنەچچە قېتىم قاراپ قويدۇم. ئۇ گۈللەر كۆزۈمگە سانجىلىۋاتقان ئوغرىتىكەندەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ گۈللەر رەڭدارلىقى بىر - بىرىگە ماس كەلمىگەن ئەسكى لاتىنىڭ ئۆزىلا. ئېغىر خۇرسىنىپ قويدۇم ئىچىمدە. ئۇنىڭ «تاۋۇڭىز يوقمۇ، بىرەر يېرىڭىز ئاغرىمدۇ، سىزگە نېمە بولدى زادى، ماڭا دەپ بېرىڭە» دېگەن سوئاللىرى، يېلىنىشلىرى كۆپۈكتەكلا جىمجىتلا بولۇپ قالدىم. ئۆي گويا مېنىڭ ئۆيۈم ئەمەستەك، ئۆز ئىختىيارلىقىمنى، ئەركىن - ئازادىلىكىمنى يوقىتىپلا قويغانىدىم. ئۆينىڭ ھەممە نەرسىسى كۆزۈمگە ناتونۇش ۋە غەلىتە كۆرۈنۈۋاتاتتى. مېھمانخانا ئۆيىمىزدىكى تېلېۋىزورنىڭ يېنىغا تىكلەپ قويغان كىچىك، سىپتا رامكىلىق ئىككىمىزنىڭ توي خاتىرىسى سۈرىتى كۆزۈمگە سىغمىدى.

مېنىڭ گەپ قىلمىغىنىمنى، يا بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى دەپ بەرمىگىنىمنى، پەقەت ئېغىر - ئېغىر تىنىپ، تاماكا چېكىپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرگەن خوتۇنۇم جىمپىلا قالدى. پەقەت تېلېۋىزورنىڭ قاناللىرىنى مەقسەتسىزلا ئاختۇرۇپ ئۆز كەيپىياتىنى تەڭشىمەكچى بولدى. ئادەتتە كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىكنىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغان ئايالىم بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر مېنىڭ غەزەپلىك تۇرقۇمغا چىن پۈتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىشىنى كۈتكەندەك قىلاتتىم. مېھمانخانا ئۆيدىن ھۇجرىغا چىقتىم ۋە كىيىمىمنى سالمايلا كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. مەن ئەزەلدىن ھۇجرا ئۆيدە تاماكا چەكمەيتتىم. ئەمما بۈگۈن چەكتىم. راسا چەكتىم. ھۇجرا ئىچى قويۇق تاماكا ئىسى بىلەن تولۇپ كەتتى. كۆز ئالدىمغا يەنە شۇ دەرۋازا

ئالدىدىكى ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان مەنزىرە كېلىۋالدى. بولۇپمۇ خوتۇنۇمنىڭ ئېڭىكىنى ھېلىقى ئەرنىڭ سىيلاپ قويۇشى، يەنە خىيالەن كۆز ئالدىمدا ئۇ ئەرنىڭ ئايالىمنىڭ بېلىدىن قاماللاپ تۇتۇشى. . . كۆزلىرىم دەم - دەم قاراڭغۇلىشىپ تۇردى. چىشلىرىم كىرىشىپ كەتتى. تاماكىنى كۆچلۈك - كۆچلۈك بىرنەچچە قېتىم شورىۋەتتىم. تاماكا كۈللىرىنى كۆلدانغا تاشلاشنىمۇ خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن.

خوتۇنۇمنى ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك، ئاشۇ شەرمەندىچىلىكنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىكىمنى ئېيتايمۇ ياكى ئۇنىڭغا باشقىچە يوللار بىلەن بىلدۈرۈپ، ئازابلايمۇ ۋە ياكى مەنمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە ئاشۇنداق شەرمەندىچىلىكنى بىر كۆرسىتىپ، ئۆتنىگە لايىقۇت قىلايمۇ؟ ئەمدى بۇ خوتۇن بىلەن، باشقا بىر ئەر كىشى ئېڭىكىنى سىيلىغان خوتۇنۇم بىلەن قانداقمۇ بىرگە بولاي، كۆڭلۈم قانداقمۇ كۆتۈرسۇن. ياخشى كۆرۈشنىڭ بەدىلىگە ئېرىشكىنىم مۇشۇمۇ ئەمدى. ئۇ بۇ ئىشنى ماڭا نېمىدەپ چۈشەندۈرەر. چوقۇمكى، كۆرگىنىڭىز مەن ئەمەس، دەپ تىنىۋالار ياكى نومۇس ئىچىدە ئۆيدىن چىقىپ كەتسىچۇ، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسىچۇ. مېنىڭچە، بىردىنبىر ئامال – ئۆز - ئۆزىنى جازالىغىنى، بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلغىنى تۈزۈك.

خوتۇنۇمنىڭ مىشىلداپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم ئىدى. ئاستا كارىۋاتتىن چۈشۈپ ھۇجرا ئىشىكىدىن مېھمانخانا ئۆيگە قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزىدىن تارام - تارام ياشلار تۆكۈلۈۋېتىپتۇ. بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە يىغلاۋېتىپتۇ. ئادەم يىغلاپمۇ تۇرسا بولغۇدەك، ئۇ يىغلىسا تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەن. مەن ھېچنەرسىنى كۆرمىگەن بولۇپ كەينىمگە ياندىم ۋە كارىۋاتقا چىقىۋالدىم. ناۋادا بۇرۇنقى كۈنلەر بولغان بولسا چوقۇمكى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى پەپىلىگەن، كۆڭلىنى ياسىغان، باغرىمغا بېسىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەن بولاتتىم. ئەمما ھازىر ئۇنداق قىلالمايمەن. ئۇنداق قىلاي دېسەممۇ كۆڭلۈم بارمايدۇ. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلىغىنىنى بىلمىدىم. ئۇنى مېنىڭ سوغۇق مۇئامىلەم يىغلاتقاندۇ، ياكى ئەتكەن تامىقىنى تولۇق يەپ بولمىغىنىم كۆڭلىگە كەلگەندۇ ياكى ئاخشامقى شەرمەندىچىلىكنى مېنىڭ كۆرۈپ قالغىنىمنى سېزىپ قالغاندۇ. . . بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا جاۋاب بېرەلمەيمەن. . .

شۇ كۈندىن تارتىپ ئائىلىمىزدە كۆڭۈلسىزلىك باشلاندى. ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئەمەستەك، ئادەملەر ئارىسىدىكى خارلانغان بىر بىچارە قوزىدەك، قانتى قىرقىلغان ئاق قۇشقاچتەك، ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان نىمجان ئادەمدەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ھەر قېتىم دەرۋازا ئالدىغا كەلسەم، يۈرىكىم بىر ئاغرىيدۇ. ئۆيگە كىرسەم ئۆزۈمنى ئەركىن تۇتالمايمەن. ئۇنىڭغا قارىسام، غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلغىنىنى ئەسكە ئالىمەن. ئۇ يىغلىغان شۇ ئاخشىمى ئۇنىڭغا ھېچبىر تەسەللى بەرمىدىم. كارىۋاتتا يېتىپ - يېتىپ بىر چاغلاردا يەنە كومپيۇتېر ئالدىغا كەلدىم. ئۇيقۇم كېلىپ يېتىشقا تەرەددۇت قىلىپ كىرسەم، ئۇ كارىۋاتتا چاچلىرى چۇۋۇق، قاپاقلىرى ئىششىغان ھالەتتە ئۇخلاپ كېتىپتۇ. كۆڭلۈم تارتمىغان ھالدا كارىۋاتقا چىقتىم. چىقتىمىيۇ، تېنىم يەنە شۈركىنىپ كەتتى. بەدىنىم ئۇنىڭ بەدىنى بىلەن تېگىشىپ قالىدىغان بولسا تۇك سوقۇپ مېنى مەجرۇھ قىلىۋېتىدىغاندەك، شۇ بىر كېچە ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ ياتتىم. بىر ياستۇققا باش قويغاندىن بېرى مەندە تۇنجى قېتىم پەيدا بولغان بۇ خىل ھالەتنى ئۆزۈممۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدىم. خىلمۇخىل خىياللارنى قىلىپ بەكمۇ بىئارام ئۇخلىدىمغۇ دەيمەن. ئەتىسىمۇ ئارىمىزدىكى سوغۇق كەيپىيات ئىزچىل داۋاملاشتى. بارلىق ئامالارنى قوللىنىپ ماڭا كۆچلۈك تەسىر قىلغان ئاشۇ ئىشلارنى كاللامدىن چىقىرىۋېتەي، دەپ نەچچە قېتىم ئويلىغان بولساممۇ، چىقىرىۋېتەلمىدىم. روھىمدىكى ئىلگىرىكى جۇشقۇنلۇق، خىزمەتكە بەجانىدىل بېرىلىش، كەيپىياتىمدىكى مۇقىملىق نەگىدۇر يوقالغانىدى.

كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئەنە شۇنداق داۋاملىشىشقا باشلىدى. مىجەزىم ئۆزگىرىپلا كەتتى. تېرىككەك، چۇس ئادەم بولۇپ قالدىم. كوچىلاردا مېڭىۋېتىپ ئاياللارنى كۆرسەم ھەممە ئاياللارنىڭ ئېڭىكىنى يات ئەرلەر سىيلاپ سۆيۈپ يۈرىدىغاندەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇزۇقتەك، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى خوتۇنلىرى تەرىپىدىن ئالدىنىپ يۈرىدىغاندەك، ھەممە ئادەم قارىماققا بىر - بىرى بىلەن ئىجىل، مېھرىباندەك كۆرۈنگەن بىلەن ئۆيلىرىگە بارغاندىن كېيىن جەڭگى - جېدەل قىلىشىپلا ياشايدىغاندەك، ئېرى بار ئاياللارنى ئەرلەر بۇزۇپ يولدىن چىقىرىپ يۈرىدىغاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ھەر بىر ناتونۇش ئەر كىشىنى كۆرسەملا ھېلىقى ناتونۇش ئەرنىڭ ئۆزى شۇدەك، ئۇنى كۆرگەن زامان بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىم كېرەكتەك بىلىنىپ كەتتى. ئەمما مەن ئۇنداق

قىلالمايتتىم، قولۇمدا بىرەرمۇ ئىسپات يوقتە. ھېلىقى ئەرنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرۈۋالمىغىنىمغا پۇشايمان قىلىمەن. ناۋادا ئۇ نومۇسسىز ئەرنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرۈۋالغان بولسام، نەدىن بولسىمۇ تېپىپ ئىنتىقامىمنى ئالاتتىم. تۇرمىگە كىرسەممۇ مەيلىدى، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ تەرىپىدىن بەربات بولغان ئەرلىك غۇرۇرۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرەتتىم. شۇنداق قىلىپ تۈرمىگە كىرىپ قالساممۇ ھېچكىم مېنى ئەيىبلىمەيتتى، بەلكى مېنى ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلىپتۇ دەپ ماختىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ ئەر يەنە قانداق شۇملۇقلارنى ئويلاپ يۈرىدىغاندۇ. خوتۇنۇمنى يەنە قانداقلارچە ئازدۇرۇۋاتىدىغاندۇ. ئۆزۈمنىڭ ئۇششاق ھاشاراتلارغا ئايلىنالمايدىغانلىقىمغا، ئۇلارنىڭ شەكلىگە ئۆزگىرەلمەيدىغانلىقىمغا ئۆكۈنۈپ، بىچارىلىقىمدىن بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. ناۋادا شۇنداق قىلالىغان بولسامدىم، خوتۇنۇمغا كۆرۈنمەي، ئۇ كۆرەلمەيدىغان بىر يەرلەرگە قونۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ھەر جايدىكى ھەر بىر ھەرىكىتىنى يوشۇرۇن كۆزەتكەن، ھېلىقى ئەر بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتتا ئۇ ئەرنىڭ چىرايىنى كۆرۈۋالغان بولاتتىم، پەيت تېپىپ قىساس ئالاتتىم. ھەي ئادەم دېگەن نېمانچىمۇ بىقۇل يارالغان بولغىيتتى.

نەچچە قېتىم خىزمەتكە بارماي خوتۇنۇمنىڭ كەينىدىن ماراپ بارماقچىمۇ بولدۇم، بەزى كەچلىرى يەنە ھېلىقى پەردە دەرۋازا ئالدىنى كۆزىتىپمۇ تۇردۇم. ئەمما خوتۇنۇمنىڭ قۇيرۇقىنى قايتا تۇتۇۋالالمىدىم. قوللانغان يوشۇرۇن ھەرىكەتلىرىم كۆپۈككە ئايلانغانسېرى، شۇنچە جىلى بولۇپ، ئۆزۈمنى شۇنچە بىچارە سېزىشكە باشلىدىم. بارا - بارا خوتۇنۇم كۆزۈمگە سوغۇق كۆرۈنىدىغان، كۆزۈمگە سىغمايدىغان، ئۇنىڭ بىلەن كېچىلاردا بىرگە ميىشقا نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ناۋادا مۇشۇنداق مېڭىۋەرسەم، ھامان بىر كۈنى روھىي جەھەتتىن تەلتۆكۈس ۋەيران بولىدىغانلىقىمغا ئىشەندىم. ئەمدى مەن ئۇچۇن خوتۇنۇم بىلەن داۋاملىق بىرگە ياشاشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوقتەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. خوتۇنۇم ئەمەس، باشقا ئايال كىشىمۇ كۆزۈمگە سىغمىغىلى تۇردى. مېنىڭچە، بۇ تامامەن روھىي جەھەتتىكى كېسەللىك ئىدى.

بۇ كېسەللىكتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشۇم، داۋاسىنى بالدۇرراق تېپىشىم، يۈرىكىمنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ مېنى قىيناۋاتقان بۇ ئازابتىن بالدۇرراق ئازاد بولۇشۇم كېرەك ئىدى. ئۇ ئەتكەن تاماق تېخى تاماقتەك تېتىمىسا، ئۆيۈم تېخى خەقلەرنىڭ ئۆيىدەكلا بىلىنمىسە، كېچىلىرى ئۇيقۇ تېخى ئۇيقۇ بولمىسا. بىر-بىرىدىن ۋەھشىي، بىر - بىرىدىن قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرۈۋاتسام، خىزمەتكە تېخى ئۆزۈمنى باسقۇم كەلمىسە. كېچىلەرى تېخى يېنىمدا ياتقان خوتۇنۇمنى بىر قۇرۇق ھەيكەلنىڭ ئۆزىدەكلا ھېس قىلىپ، يېقىنلاشقۇم كەلمەيدۇ. ئىشقىلىپ مېنىڭ ئەتراپىمدىكى بارلىق نەرسىلەر شۇ قەدەر قۇرۇق، شۇ قەدەر ھېسسىيات-



سىز ۋە شۇ قەدەر مەنىسىز بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

هاياتتىن، تۇرمۇشتىن زېرىككەنلىكىم راست. مېنىڭ بۇ هالغا چۈشۈپ قېلىشىمغا خوتۇنۇم سەۋەبكار. ئۇنىڭ زادى نېمىنى ئويلاپ شۇنداق قىلغىنىنى بىلگۈم بار ئىدى. ئەمما دەردىمنى ئىچىمگىلا يۇتۇپ، خوتۇنۇمغا بۇ هەقتە بىرەر قېتىممۇ ئېغىز ئېچىپ باقمىدىم. كۆڭلەر بۇنداق داۋاملىشىۋەرسە بولمايتتى. ئەمدى ئۇنىڭدىن سورىمىسام زادىلا بولمىدى. مەن چىدىمىدىم. ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئاشۇ قاباھەتلىك چۈشتەك پەيدا بولغان مەنزىرە كۆز ئالدىمدا بارغانسېرى روشەنلىشىشكە باشلىدى. قانداق دەيمەن، قانداق ئېغىز ئاچىمەن، بۇ بىر مەسىلە ئىدى. بۇ ماڭا ناهايىتى تەس كەلدى. ئەمما قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سەۋەبىنى خوتۇنۇمدىن چوقۇم بىلىپ باقمىسام بولمايتتى.

بىر شەنبە كۈنى ئەتىگەندە قەتئىي نىيەتكە كەلدىم. بۈگۈن خوتۇنۇم بىلەن پاراڭلىشىپ ئىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق بىلمىسەم بولمايدۇ. ۋاقىتنى ئەمدى يەنە كەينىگە سۈرىيەلمەيتتىم. شۇ كۈنى ئەتىگىنى ئورنۇمدىن تۇرۇپلا مېھمانخانا ئۆيدىكى ساپادا ئۆزىگە گىرىم قىلىپ ئولتۇرغان خوتۇنۇمغا دېدىم:

- بەرنا، بۈگۈن كەچتە تاماقنى سىرتتا يەيلى. سىز بىلەن پاراڭلىشىدىغان بىر ئىش بار.

ئۇ ماڭا لاپ قىلىپ هەيران بولغان قىياپەتتە قارىدى. كۆزلىرى ماڭا تىكىلىپلا قالدى. مەن ئارتۇق گەپ - سۆز قىلماي كەينىمگىلا بۇرۇلدۇم ۋە ئۆزۈمنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىۋەردىم.

بۇ كۈنى كەچتە ئۇ ئىشلىمەيتتى. بىز دېيىشىۋالغان ئورۇندا دەل ۋاقتىدا كۆرۈشتۇق. ئۇنىڭ چىرايىدىن مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى. يېقىندىن بېرى ئۇ خېلىلا ياداپ كەتكەندەك كۆرۈندى. بىز سەيلە قىلىۋاتقان ياش قىز - يىگىتلەردەك ئاستا بىرگە ماڭدۇق. كىچىك بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ، كۆڭۈل تارتا - تارتماسلا قورسىقىمىزنى ئەستەرلىۋالدۇق. ئاشپۇزۇلدىن چىققاندىن كېيىن ئۇ «ئەمدى نەگە بارىمىز» دېگەن نەزەردە چىرايىمغا قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىغا جاۋابەن مۇنداقلا قاراپ قويۇپ مېڭىۋەردىم. ئۇمۇ كەينىمدىن ماڭدى ۋە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ ماڭا يېتىشىۋالدى ۋە سومكىسىنى مۈرىسىگە ئاسقان پېتى مەن بىلەن يانمۇ يان ماڭدى.

يول بويى ئارتۇق گەپ - سۆزمۇ قىلىشمىدۇق. مەن ئۇنى باشلاپ «ئەتىرگۈل قەهۋەخانىسى»غا ئاپاردىم. قەهۋەخانىغا تېخى ئادەم كىرمىگەن. بىزدىن باشقا هېچكىم يوق ئىدى. ئاڭلىنىۋاتقان لىرىك، يېنىك مۇزىكا، قەهۋەخانىنىڭ سۇس چىراغلىق مۇهىتى. قەهۋەخانا شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ئەمما مەن كىرگەن ۋە تونۇگەن ئاخشامدىكىدىن چىرايلىق بولۇپ قاپتۇ. قايتىدىن زىننەتلەنگەن چېغى. ئۇنى باشلاپ كونا ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇردۇق. مۇلازىم يىگىتكە ئۇششاق يېمەكلىك ۋە قىزىل هاراق بۇيرۇتتۇم. توي قىلغاندىن بېرى ئۇنى بۇنداق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا باشلاپ كېلىشىممۇ تۇنجى قېتىم ئىدى. مۇلازىم يىگىت گىلاس ۋە مۇز سېلىنغان ئىككى رومكىغا يېرىم قىلىپ هاراق قۇيدى. پۇلىنى تۆلىۋەتتىم. ئۇ ئەتراپقا زەن سېلىپ بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، كىچىك سېۋەتچاقتىكى قوناق پاختىكىدىن بىر تال ئېلىپ ئېغىزىغا سالدى ۋە ماڭا قارىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئىككىمىزنىڭ كۆزى ئۇچراشتى. ئۇنىڭ كۆزى شام نۇرىدا بارغانسېرى نۇرلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. كىرپىكلىرى، مەڭزىدىكى زىناقلىرى، چىرايلىق بويۇنى، نېپىز لەۋلىرى، سۇزۇك مەڭزىلىرى - بۇلارنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە تازا زەن سېلىپ قاراۋاتقانلىقىمنى بىلدى - دە، بېشىنى يېنىككىلا بۇراپ ئالدىغا قويۇپ قويغان رومكىغا قارىۋالدى.

مەن ئالدىمدىكى رومكىنى قولۇمغا ئالدىم ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ئۇزاتتىم. ئۇمۇ رومكىنى قولىغا ئالدى. يېنىكلا سوقۇشتۇردۇق. گۇپ قىلىپ ئىچىۋەتتىم. ئۇ رومكىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ قويۇپلا بولدى قىلدى. رومكامنى لىقلاپ قويدۇم. ئاندىن تاماكىدىن بىر تال تۇتاشتۇردۇم.

- بەرنا، بۈگۈن بىز ئىختىيارىي ئولتۇرۇپ پاراڭلاشساق.

ئۇ ئىتتىككىلا ماڭا قارىدى. لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىدى.

- ماڭا راست گەپ قىلىسىڭىز، بەرنا. جېنىڭىز چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ راست گەپ قىلىسىڭىز.

ئۇ هەم هەيران بولغاندەك، هەم ماڭا قىزىقىۋاتقاندەك بىر كەيپىياتتا بېشىنى سول تەرەپكە يېنىك ئېگىپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارىدى.

— مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرەمسىز، ياخشى كۆرمەمسىز، — بىرئاز توختىۋېلىپ قوشۇپ قويدۇم، — راست گەپ قىلىڭ بەرنا.

ئۇنىڭ كۆزلىرى چوڭ - چوڭ ئېچىلدى. مېنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، تۇيۇقسىز بىر ئىشنى ئەسكە ئالغاندەك ئۈستىۋېشىمغا تولۇق بىر قاراپ چىقتى. ئوڭ قولى رومكىدا، لەۋلىرىنى يېنىك ئۈمەللەپ قويدى.

— ياخشى كۆرىمەن.

— قەسەم قىلامسىز؟

ئۇنىڭ چىرايى سەل ئۆزگەردى. لېكىن ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن تۇتۇۋاتاتتى.

— تۇزغا دەسسەپ ۋىجدانىڭىز بىلەن قەسەم قىلالامسىز؟ — كۆزۈم يەنە ئۇنىڭ ئېڭىكىدە.

— نېمە دېمەكچىسىز، قۇددۇس؟

ئۇ بىرنەرسىگە ھەيران بولغان قىياپەتتە بوش ئاۋازدا مەندىن سورىدى.

— سىزدىن سوراۋاتىمەن بەرنا، مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزغا قەسەم قىلىپ بېرەلەمسىز؟ — ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدىم ۋە يەنە قوشۇپ قويدۇم:

— خۇدا ھەققىدە، چوقۇم راست گەپ قىلىڭ، مەن ھازىر سىزدىن شۇنى تەلەپ قىلىمەن.

كۆزلىرىمىز يەنە بىر نۇقتىدا ئۇچراشتى.

— ياخشى كۆرىمەن. بۇنىڭدىن گۇمانلىنامسىز؟

ئۇنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ چىقتى. ئۇنىڭ ئاۋازى يەنە شۇنداق يېقىملىق، يەنە شۇنداق تەمكىن.

ئەمدى نېمە دەيمەن. كاللامغا چاقماق تېزلىكىدە ھېلىقى مەنزىرە يەنە كېلىۋالدى. كالپۇكىمنى بوشقىنە چىشلەپ قويدۇم. ۋۇجۇدۇم تىترەپ كېتىۋاتاتتى. سۆزلەشنى ئەمدىلا ئۆگىنىۋاتقان كىچىك بالىدەك، دەيدىغان گېپىمنى تاپالمايلا قالدىم. رومكىنى يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈۋەتتىم. مۇزىكا يەنە شۇنداق يېقىملىق. قەھۋەخانىغا يەنە ئىككى جۈپ قىز - يىگىت كىرىپ كەلدى. مەن ئۇلاردىن كۆزۈمنى ئىتتىكلا يۆتكىدىم ۋە ئۇنىڭغا يەنە تىكىلىپ قارىدىم. ئۇ ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى. كۆز جىيەكلىرى خېلىلا قىزارغان.

— ئۇنداقتا. . .

گېپىمنىڭ داۋامىنى يۇتۇۋەتتىم. دېيىشكە بولمايدىغان بىرەر سۆزنى دەپ سالماقچى بولغاندەك ئىتتىكلا توختىتىۋالدىم. سول قولۇمدا ئېڭىكىمنى تىرەپ ئۈستەلگە سەل ئېگىلدىم. ئۇ مەندىن بىرەر مەخپىيەتلىكنى ئاڭلاشقا قىزىقىۋاتقاندەك، كۆزۈمگە قىزىقسىنىپ قارىدى. كۆز ئالدىمدا يەنە ھېلىقى مەنزىرە. مېنى ۋەيران قىلىۋاتقان، ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەۋاتقان ئاشۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرە.

— ئۇنداقتا، ھېلىقى ئاخشىمى دەرۋازا ئالدىدا سىزگە گۈل سوۋغا قىلغان ئەر كىشى بىلەن بولغان شەرمەندىچىلىكنى ماڭا نېمىدەپ چۈشەندۈرىسىز؟

بەدەنلىرىم قىزىپ، قىزىق تۆمۈرنى بىرسى مەڭزىمگە ياققاندەكلا تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى. سۆزلەۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم ۋە يەنە ئېغىز ئاچتىم:

— ئېڭىكىڭىزنى ئاشۇ مەخلۇقنىڭ سىيلاپ قويغىنىچۇ؟

شۇنچە قىسقا ئارىلىقتا ئۇنىڭ چىرايى بىرنەچچە خىل ئۆزگەردى. يۈز تېرىلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ نېمىدىندۇر قورقۇپ كەتكەن قوزىچاقتەك ئىككى ئەتراپىغا ئىتتىك قاراپ قويدى. بىردىنلا قوللىرىمۇ تىترەشكە باشلىدى. كۆزلىرىنى ئاستا يۇمۇۋالدى. ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىگە مىنگەشتۈرۈپ، بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بېشىنى قامالاپ تۇتتى ۋە ئاستا - ئاستا بېشىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، پېشانىسى، يۈزلىرىنى ۋە چاچلىرىنى سىلىدى. قولىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن كۆزلىرىنىڭ يۇمۇقلۇق ھالىتىنى كۆردۈم. ئۇ چاچلىرى ئارىسىغا بارماقلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، چېچىنى كەينىگە بىر تارىۋەتكەندىن كېيىن ئىككى ئالىقىنىدا ئېڭىكىنى تىرەپ، جەينىكىنى ئۈستەلگە قويغىنىچە كۆزىنى ئاچمىدى ۋە بىردىنلا كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى. كۆزۈم ئۇنىڭ چىرايىدا، ھەر بىر ھەرىكىتىدە. ئۆزۈممۇ تىترەپ كېتىۋاتىمەن. چاناقلىرىدىن چۈشۈۋاتقان ياش تامچىلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بىر ئايال كىشى ئۈچۈن ئېرىنىڭ ئالدىدا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئازاب، بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەلەم ۋە تەسلىك بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

ئۇ بىردىنلا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلگەن پېتى شاققىدە ئورنىدىن تۇردى ۋە ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئېسىپ قويغان سومكىسىنىڭ بېغىنى قامالاپ تۇتقىنىچە كۆتۈرۈپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى. ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغىنىنى بىلەلمىدىم. ئۇ قەھۋەخانا ئىشىكى

تەرەپكە يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

— بەرنا!

ئۇنلۇك ئاۋازدا توۋلاپ سالغىنىمنى بىلىپ ئەتراپقا ئىتتىكلا كۆز يۈگۈرتتۈم. قەھۋەخانىدا ئولتۇرغانلار ئاۋازىمدىن چۆچۈپ ھەممىسى ماڭا قارىشىپ تۇرۇپتۇ. مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە تېز - تېز قەدەم ئېلىپ قەھۋەخانىدىن چىقتىم. قەھۋەخانا ئىشىكىدىن چىقىشىمغا ئۇنىڭ قەھۋەخانا ئالدىدا توختىغان بىر تاكسىغا چىقىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

— بەرنا!

ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدىم، ئىشىك ئالدىدا ئۇ تاكسى ئىشىكىنى زەردە بىلەن يېپىپ ئۆزى تاكسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. تاكسى قوزغالدى. ئەمدى نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمىدى. كاللام تورمۇزلىنىپلا قالدى. ئەمما ئۆزۈمنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئۇ ئەمدى نەگە بارار، يەنە ئەمدى نېمە ئىشلار يۈز بېرەر.

خىيالىمغا كەلمىگەن ئىشلار كەلدى: ئۆزىنى بىنادىن تاشلىۋېلىش، زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىش، ماشىنىنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى تاشلاش، ئۆزىگە پىچاق تىقىۋېلىش... دېگەندەك بىر - بىرىدىن قورقۇنچلۇق تەسۋىرلەر يۈرىكىمنى سالدۇرۇۋەتتى. ئۆزۈمنى بىردىنلا جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالغاندەك سەزدىم. ناۋادا ئاشۇنداق قاباھەتلىك يامان ئىشلارنىڭ بىرەرسى يۈز بېرىپ قالسا، مەن نېمە قىلىشىم كېرەك، قانداقمۇ بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن. قورقۇشقا باشلىدىم، ئۆز - ئۆزۈمدىن قورقۇشقا باشلىدىم. مېنىڭ بۇنداق زەربىگە چىدىيالماسلىقىم ئېنىق ئىدى. ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەرنى ئويلاپ ئۆز - ئۆزۈمدىن قورقۇپ كەتكەن يەردە، ناۋادا راستىنلا يۈز بېرىپ قالسا، مەن يەنە داۋاملىق ياشىيالايتتىممۇ.

پەمىمچە ئۇ بىر بولسا چوڭ ئۆيگە، يا بىر بولسا ئۆيىمىزگە باردۇ. ئۇدۇل ئۆيىمىزگە قاراپ ماڭدىم. كەچلىك ھاۋا خېلىلا ئىسسىق. سالقىن ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

بۈگۈن ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكى گەپنى دەۋېلىپ، ئۇستۇمدىكى تۈگمەن تېشىنى ئېلىۋېتىپ باشقىدىن يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. ئەسلىدە بۈگۈنكى پاراڭنى بالدۇرراق قىلىشىدىغان گەپكەن. روھىي بېسىمدىن بالدۇرراق قۇتۇلىدىكەنمەن. ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى يەنە شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. مېنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆرۈۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلدىممۇ قانداق، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىھۇدە ئازار بەردىممۇ قانداق. زادىلا بىلەلمىدىم. ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشى قەلبىدە باركەنۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن باشقا بىر يات ئەر كىشى بىلەن... يەنە بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. يا ئۇنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولمىسا. راست سۆزلىگەنلىكىگە تېخى چىن پۈتكىلى بولمىسا، قايمۇقۇپلا قالدىم. ياشاش دېگەن ئادەمگە نېمانچە تەستۇ. بۇ تۇرمۇش نېمانچە مۇرەككەپتۇ. بىرى سېنى گول قىلسا، ئۆزۈڭنىڭ گول بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە گول بولىۋەرسەڭ. ماڭا ئوخشاش ئادەملەردىن يەنە نەچچىسى باردۇ. غەم - ئەندىشىسىزلا ياشايدىغان، كۆڭلى خاتىرجەم ئادەملەرمۇ بارمىدۇ جاھاندا.

مەن ئۇنىڭغا شۇنچە ئىشەنگەن، شۇنچە ئەقىدە باغلىغان. ئەمما ئۇنىڭ ماڭا قايتۇرغان جاۋابى تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولدى. «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەن ئەسلىي مۇشۇ ئوخشىمامدۇ. دەرۋازا ئالدىغا كەلدىم. دەرۋازىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تۈۋرۈككە ئورنىتىلغان ئاسما چىراغ غۇۋا يېنىپ تۇرۇپتۇ. دەرۋازا ئالدىغا بىر تاكسى كېلىپ توختىدى. يۈرىكىم قارتلا قىلىپ قالدى. تاكسىغا ئىتتىككلا قارىدىم. تاكسىدىن بىر ئەر ۋە بىر ئايال چۈشتى. ئايالنىڭ قولىدا بىر دەستە گۈل، يۈرىكىم قاتتىق ئېغىپ كەتتى. «كىشىلەر بىر - بىرىنى گۈل بىلەنلا ئالدايدىغان بولۇپ كەتتىمۇ قانداق» دېگەن خىيال تېزلا كاللامدىن ئۆتتى. ئۇلار قولتۇقلاشقىنىچە دەرۋازىنى ئېچىپ، ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. مۇشۇ قورۇدا ئولتۇرىدىغانلار ئوخشايدۇ. تاكسى قوزغالدى. تاكسى توختىغان ئورۇنغا زەردە بىلەن يەنە بىر قاراپ قويدۇم. شۇ ئورۇندا پارتلاپ كېتىدىغان بومبا باردەك، ئۆزۈمنى ئەپقېچىشقا تىرىشتىم ۋە دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ كەتتىم.

خوتۇنۇم ھۇجرا ئۆيدىكى كارىۋاتتا دۈم يېتىپ بۇقۇلداپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ، كىرگىنىمگە پىسەنتمۇ قىلىپ قويمىدى. سومكىسى كارىۋاتنىڭ بىر تەرىپىگە تاشلانغان. ئۇ باياتىنقى كىيىملىرى پېتى. مەن كېلىپ كارىۋاتتا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ يىغىسى يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى. نېمىدەپ تەسەللى بېرىمەن ئەمدى. ئەمما ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. يانچۇقۇمدىن تاماكامنى ئېلىپ چاقمىقىمدا ئوت تۇتاشتۇردۇم. تاماكامنى چېكىۋېتىپ ئۇنىڭ يىغىسىنى تاماشا

قىلىۋاتقاندەك قاراپ ئولتۇردۇم. خېلىدىن كېيىن ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. كۆزلىرى قىزىرىپ، مەڭزىلىرى ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆرە ئولتۇردى ۋە كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە سۈرۈلدى. كۆزلىرىدىن ھەدەپ ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ ئىككى پۇتىنى يىغىپ، بېشىنى تىزىنىڭ ئۇستىگە قويدى. كۆزلىرى پۇتىنىڭ ئۇچىدا، ئۇ سول قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن كۆزلىرىدىكى ياشلارنى سۈرتتى. يىغلاپ يىغىسىمۇ قۇرىغان چېغى، ئۇ پەس بولدى.

—قۇددۇس، يېنىمغا كېلىڭ، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار،— دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي، پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ئولتۇرغان پېتى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى مەنسىتمىگەندەك قىياپەتتە ئۇنىڭ ئۇستۇېشىغا تەكشى قاراپ قويدۇم، ئەمما ئورنۇمدىن قىمىر قىلىپمۇ قويمىدىم. ئۇ بۇنى سەزدى بولغاي، بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى. قىزارغان كۆزلىرى، تاتىرىپ كەتكەن چىرايى، چۇۋۇق چاچلىرى، تىترەۋاتقان تېنى، ئۇنىڭغا بىردىنلا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. «قۇلىقىم سىزدە» دېگەندەك ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ، ئولتۇرغان تەرەپكە بوشلا سۈرۈلدۇم. پۇتۇمنى سوزۇپ بېشىمنى ياستۇققا قويدۇم.

—مەن سىزگە ئاشكارىلىمىسام، سىزگە ئەمدى ئېيتمىسام بولمىدى،— ئۇنىڭ ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ چىقتى.

ئۇ جىم بولۇپ قالدى. ئارىمىزدا ئۇزۇنغىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ماڭا دەپ بەرمەكچى، ئاشكارىلىماقچى بولغان قانداقتۇر بىرەر يوشۇرۇن مەخپىيەتلىكى مېنى قىزىقتۇرۇۋاتاتتى. مەن خەۋەرسىز يۈرگەن قانداق يوشۇرۇن مەخپىيەتلىك باردۇ، بۇ مەخپىيەتلىكلەر مېنى يەنە قانداق قىلىۋېتەر، مېنى يەنە قانچىلىك ئازابلار. بىراق نېمىلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن ئاڭلاشقا، بىلىشكە ئىنتىزار بولۇۋاتاتتىم. ئەمما ئۇ ھېچنېمە دېمەيۋاتاتتى. ئۇ يەنە «پاڭگىندە» يىغلاپ كەتتى. ئارىمىزدىكى جىمجىتلىقنى ئۇنىڭ ئازابلىق يىغىسى بۇزدى، يىغا ئاڭلاپ باقمىغىلى ئۇزۇن بوپتىكەن. يىغا` دېگەنمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىغان، يۈرەكنى ئېزىدىغان گەپكەن.

مېڭەمنى بىرسى قوچۇلاۋاتقاندەك بولۇپ كەتتىم. ئىچ - ئىچىمدىن بىر خىل ئاچچىق زىرىكىش، يىغىدىن نارازى بولۇش تۇيغۇسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۆزۈمنى قوقاس ئارىسىدا پۇچۇلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ئەمما جىمجىتلا يېتىۋەردىم.

ئۇنىڭ يىغىسى ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس. يىغىنىڭ ئاۋازسىز ھالەتتە داۋاملىشىشى ئادەمنى ئەڭ ئازابلايدىغانلىقىغا، ئادەمنى ئەڭ بەك زېرىكتۈرىدىغانلىقىغا ئىشەندىم. ئاياللار ئەرلەرنى يىغا ئارقىلىق قورقىتىدۇ، دەيدىكەن. بۈگۈن ئۇ مېنى يىغا ئارقىلىق قورقۇتماقچى بولۇۋاتامدۇ قانداق، دېگەن خىياللارنىمۇ قىلدىم. ئۇ ئۆرتىنىپ - ئۆرتىنىپ يىغلاۋاتاتتى. ئاۋازسىزلا يىغلاۋاتاتتى. ھەي بىچارە ئاياللار، ئۆز - ئۆزىنى يىغا بىلەن ئازابلاپ، ئەرلىرىنى يىغا بىلەن قاقشىتىدىغان بەختسىز ئاياللار. مەن ئۇچرىغان بۇنداق قىسمەتكە يەنە كىملەر ئۇچراۋاتقاندۇ.

شۇ ئاخشىمى ھەممە ئىش يىغا بىلەنلا ئاخىرلاشتى. نە بىرەر مەخپىيەتلىك، نە بىرەر يېڭىلىق چىقمىدى. ھەممىنى ئايالىمنىڭ يىغىسى يەۋەتتى. ئۇ قانچىلىك يىغلىدىكىن، قانچىلىك ياش تۆكتىكىن. مەن قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلىدىمكىن، ئىلاجىسىز بىر ۋاقىتلاردا ئۇخلاپ قالدىم. ئايالىممۇ يىغا بىلەن ئۇخلىدىغۇ دەيمەن.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ ماڭا بارغانسېرى سىرلىق كۆرۈنىدىغان، بىر يەرلىرى بارغانسېرى كۆزۈمگە سىغمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ روھى بارغانسېرى چۈشۈپ، چىرايى كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئارىمىزدىكى سوغۇقلۇق ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋەردى. ئۇ دەپ بەرمەكچى بولغان ئەمما دېمىگەن مەخپىيەتلىكلەر ھەققىدە قايتا ئېغىزمۇ ئاچمىدىم. ئەمما يۈرىكىمنى چاشقان غاجىلاۋاتقاندەكلا كۈندىن - كۈنگە بىئاراملىقىم كۈچىيىپ، ئۆز تەڭپۇڭلۇقىمنى يوقىتىپ بېرىۋاتاتتىم. ئۆيىمىز مېھىرسىز، ئەر - خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەت مۇزدەكلا سوغۇق، خۇشال كەيپىيات دېگەندىن ھېچبىر ئەسەرمۇ يوق ھالەتتە كۈنلەر داۋاملىشىۋاتاتتى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەن بىر چۈشتىن كېيىنلىكى ئىشتىن چۈشۈپ، ئىشخانا ئىشىكىنى قۇلۇپلاي دەپ تۇرسام، كاتىپ چوكان يېنىمغا كۈلۈپ كەلدى ۋە قولۇمغا بىر پارچە قېلىن كونۋېرتنى تۇتقۇزدى.

ـ تېلېفون ئۇمۇملىشىپ كەتكەن ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ خەت يېزىشىپ يۈرىدىغان ئىشلار بار ئىكەن ـ ھە، قۇددۇس؟ خېتىڭىز بار ئىكەن.

تاس قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى.

ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ، مېيىقىدا كۈلگىنىچە شۇنداق دېدى ۋە سومكىسىنى پۇلاڭلىتىپ كېتىپ قالدى. كونۋېرت ئۈستىگە خەت ئەۋەتكۈچىنىڭ ئادرېسى يېزىلمىغان، ھەيران قالدىم. كاتىپ چوكان ئېيتقاندەك ھازىر كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا خەت يېزىش ئارقىلىق ئالاقىلىشىدىغان ئىش ئاساسەن ئاخىرلاشقانىدى. تېلېفون ئارقىلىقلا ئالاقىلىشىدىغان گەپ. بىرەرسىنىڭ ماڭا خەت يېزىشى، بۇ بىر سىرلىق ئىشقۇ. ھەيرانلىق ئىچىدە خەتنى سومكامغا سالدىم ۋە ئىدارىنىڭ ئاپتوبۇسىغا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن تېزلا بىنادىن چۈشتۈم. ئۆيگە كېلىپلا ئاۋۋال كونۋېرتنىڭ ئېغىزىنى «شارتتىدە» يىرتتىم. ئاپالىم تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى.

قاتلانغان خەتنى ئېچىپ، ئەڭ ئاخىرقى بەتكە كۆز يۈگۈرتتۈم. كۆزۈم ئەڭ ئاخىرقى قۇردىكى «بەرنا» دېگەن خەتكە چۈشتى. بىز ئۆزئارا خەتمۇ يېزىشمىغاندۇق. كۈچلۈك قىزىقىش ئىچىدە خەتنى باشتىن ئوقۇشقا باشلىدىم. خەت ھېچبىر تەكەللۇپسىز ئۇدۇللا باشلانغانىدى.

ئۇ مەيدە يانچۇقىدىن خەتنى ئېلىپ ماڭا بەردى. ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە بەكلا قىزىقانلىقىمدىن بولسا كېرەك، ئۈستەلدىكى شامنى ئۆزۈم تەرەپكە تارتىپ، خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم، خەت مۇنداق باشلانغانىدى:

«مەن سىزگە خىيانەت قىلدىم، قۇددۇس! راستتىنلا خىيانەت قىلدىم. مەن سىزگە ھەممىنى ئېيتماقچى. سىز تەلەپ قىلغاندەك، پۈتۈنلەي ھەقىقىي بولغان ئىشلارنى ئۆز ئەينى سىزگە ئېيتماقچى. سىز ئاڭلاڭ، ئەمما ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، مەن بۇلارنى سىزگە ئېيتمىسام بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن.

بۇ خېلىلا ئۇزۇن ھېكايە، ئەمما مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا راست بولغان ئىشلار. بۇ ئىشلارنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن ماڭا قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغىنىڭىزنى بىلمەيمەن. سىز تەلەپ قىلغانىكەنسىز، مەن سىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن.

شۇ كۈنى ئۆيگە سىز بۆلەكچىلا قىياپەت بىلەن كىردىڭىز. كۆزلىرىڭىزدىن بىرەر يامانلىقنىڭ شەپىسىنى سەزدىم. سىزنىڭ ئادەتتە ئۇنداق ئاچچىقلانغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. يۈرىكىم ئىختىيارسىز ئېغىپ كەتتى. ئەمما ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ھېچبىر ئىش بولمىغاندەكلا بەخىرامان ئالدىڭىزغا باردىم. ئەمما سىز ماڭا قاراپمۇ قويمىدىڭىز. مېنى بۈگۈن بىرەر يەردە كۆرۈپ قالغانمىدۇ، دېگەن ئويلار بىلەن چۆچۈپ كەتتىم، بىئارام بولدۇم. سىز ماڭا ئارتۇق گەپ - سۆز قىلمايلا، كۆڭلىڭىزدىكى تۈگۈنچەكنى يەشمەيلا يەنە چىقىپ كەتتىڭىز. ئاجايىپ مۇرەككەپ خىياللار ئارىسىغا چۆكۈپ كەتتىم. يەنىلا ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، سىزنى سىرتتا بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغان بولسا شۇڭا ئاچچىقلاپ قالغان چېغى، دەپمۇ ئويلىدىم. ھەتتا شۇ كۈنى مەن ئۆيگە بەكلا كەچ قايتقاندىكىن، شۇ ئىش ئۈچۈن خاپا بولۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، دېگەن خىياللاردا بولدۇم. ئۆز - ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم. ئەمما بىر خىل قورقۇنچ يۈرىكىمنى سىقىپلا تۇردى. ئالدىڭىزدا بەكلا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. ئەمما كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سىزنىڭ مەندىن ناھايىتى قاتتىق ئاغرىنغانلىقىڭىزنى، چوقۇم مېنىڭ ئىشىمنى بىلىۋالغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. كۆڭلۈمدىكى قورقۇنچ تۇيغۇلىرى بارغانسېرى كۈچەيدى. كۈچلۈك نومۇس ۋە ئىزا كۈچى مېنى ئازابلاشقا باشلىدى. سىزنىڭ شۇ ئىشلارنى بىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ، مېنىڭ ئالدىمدا تىلغا ئالماسلىقىڭىزنى تىلەيتتىم. ناۋادا بۇ ئىشنى بىلمەيلا قالسىڭىز، ئۇ چاغدا مەن باشقىدىن يېڭى بىر دۇنياغا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئادەم سۈپىتىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بۇنداق ئىشنىڭ ھاياتىمدا ئىككىنچى يۈز بەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ئەمما يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرىدىكى بىئاراملىقتىن ئۇ ئىشنى بىلىپ قالسىڭىزلا يەنە ھامان تىلغا ئېلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. سىز دېگەن ھامان ئاشكارىلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۈگۈن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن، ھامان ئالدىڭىزدا شەرمەندە بولۇشۇم ئېنىق ئىدى. كۆپ ئويلاندىم، سىز ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە ئۆزۈم دەي، دېگەن نىيەتكىمۇ كەلدىم. بىراق بۇنداق قىلىشقا يەنە غۇرۇرۇم يول قويمىدى. يەنە تۇرۇپ بۇ ئىش تىلغا ئېلىنماي جىمجىتلا ئۆتۈپ بۇ روھىي ئازابتىن ھېچبىر سەۋەبسىزلا تولۇق قۇتۇلۇپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇدىمۇ بولدۇم. سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان، ھېسسىيات جەھەتتە سىزگە ئاسىيلىق قىلىدىغان ئاشۇ كەم ئەقىللىقنى سادىر قىلغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلدىم. ئۆز - ئۆزۈمگە خۇپىيانە ھالدا ئېچىندىم. بەلكىم مېنىڭدىن «ھېلىقى ئەر كىم؟» دەپ

سورايدىغانسىز. مەن سىزگە ھەممىنى دەپ بېرىمەن، قۇددۇس.

مەن ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىيلا تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ كېسەل كارىۋىتىمدا ياتقانىدى. كېسىلى ساقىيىپ چىقىپ كېتەر ۋاقتىدا ماڭا ئالاھىدە تەشەككۇر بىلدۈردى. ھەتتا بىزنىڭ بۆلۈمگە ۋە ماڭا ئاتاپ تەشەككۇر بىلدۈرۈش خېتى ھەم لەۋھە تەييارلاپ سوۋغا قىلدى. ئۇ ئاددىيلا بىر كىشى. ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ھېچقانداق بىر ئارتۇقچىلىقىمۇ يوق، ئوتتۇرا ياشلىق، تولىمۇ ئاددىي بىر كىشى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ گەپ - سۆزى ۋە مۇئامىلىسى كىشىگە بىر خىل ئىشەنچ بېغىشلايدىغان، ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى، قايىللىقىنى قوزغايدىغان كىشىلەردىن ئىدى. مەن ئۇنىڭغا باشقا كېسەللەر قاتارىدا ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلغانىدىم. ئالاھىدە كۈتۈپمۇ كەتمىگەن. ئەمما ئۇ بىزدىن، بولۇپمۇ مەندىن ئالاھىدە رازى بولۇپتۇ. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتى.

بۇ ئىشلار بولۇپ ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى بىر دەستە گۈل تاپشۇرۇۋالدىم. گۈلنى كۆرۈپ ھەم ھەيران قالدىم، ھەم خۇش بولدۇم. گۈلنى كىمنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى گۈل ئېلىپ كەلگۈچى ئېيتمىدى. پەقەت گۈل زاكاز قىلغان كىشىنىڭ تەقى - تۇرقىنى سۈرەتلەپ بەردى. گۈلدەستىنى ئۇ كىشىنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن. يېپىقلىق قازان يېپىقلىق پېتى تۇرىۋەردى. سىزمۇ ماڭا گۈل سوۋغا قىلغىنىڭىزنى ئېيتمىدىڭىز. سىز ماڭا گۈل سوۋغا قىلسىڭىز گۈللەر بىلەن بىرگە ئاتكىرتكىغا سۆز قالدۇرۇپ ئەۋەتەتتىڭىز ياكى بېرەتتىڭىز. ئەمما بۇ قېتىم مەن تاپشۇرۇۋالغان گۈلدەستىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق بىرەر ئاتكىرتكا ياكى ئىككىلىك خەتمۇ يوق ئىدى. بىرەر دوستلىرىمنىڭ ئېرى ياكى تونۇشلار ۋە ياكى خىزمەتداشلىرىم دەپلا ئويلىدىم. چۈنكى گۈل يەتكۈزگۈچىدىن بۇ گۈلنى سوۋغا قىلغۇچىنىڭ بىر ئەر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم، بۇ ئىشنى سىزگىمۇ دېمىدىم. ئەمما گۈلنى ئىشخانامدىن ئۆيگە ئەكىلىپ تىزىپ قويدۇم، سىز بۇنىڭغا دىققەت قىلمىدىڭىز. دەسلىپىدە گۈل يەتكۈزگۈچى يا ماڭا بۇ گۈلنى خاتا يەتكۈزدىمۇ قانداق، دېگەن گۇماندىمۇ بولدۇم، ئەمما گۈل يەتكۈزگۈچىنىڭ ئىمزالىق خاتىرىسىدە مېنىڭ ئادرېسىم، ئىسمىم، ئىشخانامنىڭ تېلېفونى ناھايىتى ئېنىقلا يېزىقلىق تۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ گۇمانىمدىنمۇ ۋاز كەچتىم.

ئارىدىن تەخمىنەن يەنە بىر - ئىككى ھەپتە ئۆتكەن چاغ ئىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشخانامدا يالغۇز ئولتۇرسام ھېلىقى گۈل يەتكۈزگۈچى يەنە بىر دەستە گۈل كۆتۈرۈپ كىردى. ئىمزا قويۇپ بېرىپ گۈلنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ دەستە گۈل بىرىنچى دەستە گۈل بىلەن ئوخشاشلا ناھايىتى چىرايلىق تىزىلغانىدى. بۇ گۈلنىمۇ يەنە ھېلىقى ناتونۇش كىشى ئەۋەتىپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىمزاسى يوق. گۈل يەتكۈزگۈچىمۇ گۈل سوۋغا قىلغۇچىنىڭ ئۆزىنى ماڭا تونۇشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى قاتتىق جېكىلىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئىچىمدە كۈلۈپ قويدۇم. جاھاندا مۇنداق كىشىلەرمۇ بولىدىكەن، ئۆزىنىڭ ياخشى ئىشىنى، باشقىلارنى خۇشال قىلغىنىنى قارشى تەرەپنىڭ بىلمەي قېلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا بىر يېڭىلىق قوشۇلدى - بىر - بىرىدىن چىرايلىق گۈلدەستىلەرنى قوبۇل قىلىش باشلاندى. بۇ گۈلدەستىلەر ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم يېڭىلىنىدۇ. ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ. مەن گويا گۈللەر ئارىسىدا ياشاۋاتقاندەك، ئۆزۈمنىمۇ گۈلگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ھەر قېتىم گۈللەرنى تاپشۇرۇۋالسام قەلبىمدىن تاتلىق بىر تۈيغۇ شۇررىدە ئېقىپ ئۆتەتتى. يەنە كېلىپ بۇ گۈللەرنىڭ ھەممىسى قىزىل ئەتىرگۈللەر ئىدى. مەن قىزىل ئەتىرگۈلنى ئاجايىپ ياخشى كۆرەتتىم. قىزىل ئەتىرگۈلنى كۆرسەملا روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. ئۇ ماڭا خۇشاللىق بېغىشلايدىغان گۈل ئىدى. مەن قىزىل ئەتىرگۈلگە قەۋەتلا ئامراق ئىدىم، ئۇ كۆزۈمگە يېنىۋاتقان قىپقىزىل چوغ بولۇپ كۆرۈنەتتى.

ئېسىڭىزدە باردۇ، قۇددۇس، مەن سىز بىلەن تونۇشۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ماڭا بىر دەستە ئەتىرگۈل سوۋغا قىلغانىدىڭىز، ئاجايىپ خۇشال بولغانىدىم. ئىككىمىزنىڭ مۇھەببەت تارىخىنى شۇ قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ ھۆرمىتى، شۇ قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ سېھرى، دەپ بىلسىڭىز خاتالاشمىغان بولىسىز. مېنىڭ قىزىل ئەتىرگۈلگە ئامراقلىقىمنى بىلگىنىڭىزدىن كېيىن ماڭا پات - پات قىزىل ئەتىرگۈل تەقدىم قىلىپ تۇردىڭىز. سىزدىن ھەر قېتىم قىزىل ئەتىرگۈل تاپشۇرۇۋالغىنىمدا ئۆزۈمنى ئاجايىپ بەختلىك سېزەتتىم. مەن ئۈچۈن قىزىل ئەتىرگۈل بولسىلا

بولىدىغاندەك، ئۇ مېنىڭ جېنىمنىڭ بىر قىسمىدىكىدەك ھېس قىلىپ كېتەتتىم.

بىر - بىرىدىن گۈزەل، بىر - بىرىدىن ئۇنتۇلماس مۇھەببەتلىك چاغلىرىمىزنى شۇ قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ خاتىرىسى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كەلدۇق. مەن ئۈچۈن سىزنىڭ ماڭا سوۋغا قىلغان قىزىل ئەتىرگۈلىڭىز بولسىلا كۇپايە ئىدى. ماڭا باشقىسى زۆرۈر ھېسابلانمايتتى. قىزلارنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ بۇنداق مىجەزىمنى ياقتۇرىدىغانلارمۇ، ياقتۇرمايدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئەمما مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن تۇرمۇش شەكلىنى قوغلىشىمغا ھەقلىق، دەپ قارايتتىم. نەتىجىدە، سىز بىلەن بولغان توي ئىشىدىمۇ ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەر خىل نەسىھەتلىرىگە، ھەتتا ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ توسۇشلىرىغا قارىماي، ئاخىر سىز بىلەن توي قىلدىم. بەختلىك بىر ئائىلىنى تىرىشچانلىق بىلەن قۇرۇپ چىقتۇق. ئەلۋەتتە بۇ ئائىلىدە سىزنىڭ سەمىمىي ساداقىتىڭىز، ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىز ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇردى.

كۈنلەر ئۆتۈۋەردى. تۇرمۇش رىتىمىمىز ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ باردى. سىزمۇ ئۆزگەردىڭىز. سىزدىكى ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش — ماڭا گۈل سوۋغا قىلمايدىغان، ياكى سوۋغا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدىڭىز. ماڭا ئەتىرگۈل لازىم ئىدى. بولۇپمۇ سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن سوۋغا قىلغان ئەتىرگۈل لازىم ئىدى. ئەمما سىز بۇنى ئەستىن چىقىرىشقا باشلىدىڭىز.

ھەر قېتىم گۈل دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە چىرايلىق تىزىپ قويۇلغان ئەتىرگۈللەرگە تويماي قارايدىغان، ئەگەر مۇمكىن بولسا ئاشۇ گۈللەرنىڭ ھەممىسىنى ماڭا سوۋغا قىلىشىڭىزنى خىيالەن ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. قىزلارنىڭ قولىدا ئەتىرگۈل كۆرسەم ئۇلارغا ھەۋەسلىنىپ قارىدىم، ئۇلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدىغان، ئۇلارنىڭ گۈلگە بولغان ئامراقلىقىنى قانائەتلەندۈرىدىغان يىگىتىنىڭ بارلىقىغا ھەۋىسىم كەلدى. گەرچە مەن سىز بىلەن توي قىلىپ، تەڭتۇشلىرىمدىن بالدۇرراق تۇرمۇشلۇق بولغان قاتارغا كىرگەن بولساممۇ، لېكىن مەن ئۆزۈمنى تېخى ياپياشلا، ياشلىق ھېسلىرى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان، رومانتىك دۇنيادىن ۋاز كېچىشنى ئەسلا خالىمايدىغان ئوتلۇق بىر قىز ئىدىم. مەن توي قىلغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشىمىزنىڭ بىز مۇھەببەتلەشكەن ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك رومانتىك، بەكرەك گۈزەل ۋە بەكرەك بەختلىك بولۇشىغا ئىشىنەتتىم. ماڭا پات - پات بىر تال بولسىمۇ قىزىل ئەتىرگۈل سوۋغا قىلىشىڭىزغا تەشنا ئىدىم. ئەمما سىز بۇ نۇقتىنى ئەستىن چىقاردىڭىز. مەن ئۈچۈن بىر ئائىلىدە ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ماددىي تۇرمۇش مەزمۇنىنى ماڭا ياراتتىڭىز، ھەتتا باشقا ئاياللار خالىسىمۇ، ئەمما مەن خالىمايدىغان ئەر كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان نۇرغۇن ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى مېنىڭ زىممەمگە ئارتىپ قويدىڭىز. بىراق، مەن يەنىلا مەيلى دېدىم. سىز شۇنى خالىغانىكەنسىز، سىزگە بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن مەن ھەممىنى قوبۇل قىلىۋەردىم.

سىز ماڭا سادىق بولساملا بولدى دەپلا قارىدىڭىز، مېنىڭ قىزىقىشىم، ھەۋىسىم ۋە تەلپۈنۈشلىرىمگە بارا - بارا ئېتىبارسىز قارىدىڭىز. مەن ھېلىغۇ بىر قىز ئىكەنمەن، 70 - 80 ياشلىق موماي بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلاردىمۇ مېنىڭ ھاياتىمدىن قىزىل ئەتىرگۈل ئۈزۈلسە بولمايتتى. مەن قىزىل ئەتىرگۈلگە تەشنىغان، يۈرىكىمدىن تەلپۈنۈپ ئۇنى ئىستىگەن، ئەمما ئۇ مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىن بارا - بارا ئازىيىپ، يىراقلاپ كېتىۋاتقان، ھەتتا ئۇنتۇلۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئاشۇ كۈنلەردە مەن يەنە قىزىل ئەتىرگۈللەرگە ئېرىشتىم. مېنىڭ خۇشاللىقلىرىم قايتىدىن ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. روھىم قايتىدىن جانلىنىپ باردى. بەكلا خۇشال بولدۇم. سىزگە ئۈچۈقتىن ئۈچۈق دەپ، تەلەپ قىلىپ ئەتىرگۈلگە ئېرىشسەم بۇنداق گۈللەرنىڭ مەن ئۈچۈن ھېچبىر قىممىتى بولمايتتى. بۇنداق تەلەپ قىلىپ ئېرىشكەن گۈلنىڭ ئوت - چۆپتىن ئۆزگە پەرقى قالمايتتى.

شۇڭا مەن سىزگە بىرەر قېتىممۇ «ماڭا ئەتىرگۈل سوۋغا قىلىڭ» دەپ باقمىغانىدىم، تەلەپ قىلىپ باقمىغانىدىم. پەقەت قىزىل ئەتىرگۈلنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ھەرخىل يوللار ۋە ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق سىزگە بىلدۈرگەنىدىم. سىزمۇ ھەم ئۆز ۋاقتىدا بۇنى بايقىغان، مېنى خۇشال قىلىشنىڭ، كۆڭلۈمنى ئېلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە بىردىنبىر ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەنىدىڭىز. ئەمما ۋاقىت ھەممىنى ئۆزگەرتىپ باردى. ئىچىمدە سىزگە نارازى بولدۇم، خاپا بولدۇم. ئەمما سىزگە بىلدۈرمىدىم.

ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم گۈلدەستە

بۇل قىلىش مەن ئۈچۈن ئادەتكە ئايلاندى. شۇ ىزىل ئەتىرگۈللەرنى كۆرسەملا بارلىق ئىچ شۇقۇمنى، سىزگە بولغان ئاغرىنىش ۋە رازىلىقىمنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان بولدۇم. مەيلى ىملا بولمىسۇن ماڭا تەئەللۇق بولغان قىزىل تىرگۈللەردىن تاپشۇرۇۋېلىپ تۇرىمەن مەسمۇ. مانا مۇشۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ زور ۇشاللىق ۋە ئامەت، ئۇ ماڭىلا نېسىپ بولغان ۇشاللىق ۋە ئامەت ئىدى. مېنى ھەيران الدۇرغىنى، گۈلدەستە يەتكۈزگۈچى پەقەت مەن شخانىدا بار ۋاقتىدىلا ئاندىن گۈل يەتكۈزەتتى. ەمما بۇ گۈلدەستىنى كىمنىڭ سوۋغا ىلىۋاتقىنىنى دەپ بەرمەيتتى. مەن ھەر قېتىم اڭا سوۋغا قىلىنغان ئەتىرگۈللەرنى ئېلىپ ئۆيگە ەلسەم، سىز نەدىن ئەكەلگىنىمنى، ېتىۋالغىنىمنى ياكى بىرەرىنىڭ سوۋغا ىلغانلىقىنى سوراپمۇ قويمايتتىڭىز. ئۆيىمىزدە ەتىرگۈللەرنىڭ كۆپىيىپ بېرىۋاتقانلىقىغا دىققەت ىلماي، بەخىرامان يۈرەتتىڭىز، شۇنداقلا بۇ ەتىرگۈللەرنىڭ مېنىڭ تۇرمۇشۇمنىڭ مۇھىم ىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ېس قىلمىدىڭىز.

بارا - بارا ئالدىنقى قېتىملىق ئەتىرگۈلنى تاپشۇرۇۋېلىپ دەلمۇ دەل ئىككى ھەپتە توشقان كۈنى يەنە بىر قېتىم ئەتىرگۈلنى تاپشۇرۇۋېلىشقا ئالدىرايدىغان، ئىشكتىن بىرەرسىنىڭ ئەتىرگۈل ئېلىپ كىرىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىدىغان، يۈرىكىم ھاياجاندىن سوقۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. يەنە بىر ھەيران قالدۇرغىنىم، مەن تاپشۇرۇۋېلىۋاتقان قىزىل ئەتىرگۈللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سانى ئوخشاشلا - ئون تاللا ئىدى. مەن ياخشى كۆرىدىغان سانلار ئون بىلەن يەتتە ئىدى. بىلىسىز، بۇ سانلارنى ياخشى كۆرۈشۈمنىڭمۇ تارىخى بار. مەن 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تۇغۇلغان. ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە، مەن ئەتىگەن سائەت يەتتىدە تۇغۇلۇپتىكەنمەن. ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ ئون يىل، ئالىي مەكتەپتە يەتتە يىل ئوقۇدۇم.

تونۇشۇپ، مۇھەببەتلىشىپ، توي قىلغۇچە بولغان ۋاقتىمۇ دەلمۇ دەل يەتتە ئاي. ماڭا تۇنجى قېتىم مۇھەببەت تەلپىنى قويغان ۋاقتىڭىزمۇ 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى. ئەمما سىز ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ تۇغۇلغان خاتىرە كۈنۈمدىن تېخى خەۋەرسىز ئىدىڭىز. بەلكىم بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر. دېمەك، مېنىڭ ئون بىلەن يەتتىگە ئائىت كەچۈرمىشلىرىم ناھايىتىمۇ نۇرغۇن. بۇ كەچۈرمىشلىرىمنىڭ كۆپ قىسمىدىن پەقەت سىزلا خەۋەردار ئىدىڭىز. ئەمما بارا - بارا قىزىل ئەتىرگۈلگە ئامراقلىقىمنى ئۇنتۇغاندەك بۇلارنىمۇ ئۇنتۇدىڭىز. . .

كۈنلەر ئەنە شۇ تەرىزدە ئۆتۈۋەردى. بىر خىل يوشۇرۇن خۇشاللىق مېنىڭ كۈنلىرىمگە ئەنە شۇنداق ھەمراھ بولۇپ ماڭدى. تۇنجى قېتىم گۈلنى تاپشۇرۇۋېلىپ دەلمۇ دەل يەتتە ئاي توشقان كۈنى، ئىشخانامدا كېسەللەر ئارخىپىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ ئولتۇراتتىم. سېستىرا قىز ماڭا تېلېفون كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بېرىپ ئالدىم. تېلېفوننى بىر ئەر كىشى بېرىپتۇ. ئۇ مەندىن قىزغىن ئەھۋال سورىدى. ئاندىن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن بوش ۋاقتىم بار - يوقلۇقىنى، ئاۋادا ۋاقىت بولسا كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ مەن داۋالاپ ساقايتقان بىر بىمار ئىكەنلىكىنى سەممىيلىك بىلەن ئېيتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن سەممىيى ئەرلەرگە خاس ئىنتوناتسىيە چىقاتتى. تېلېفوندا گەرچە قىسقىلا پاراڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن گەپ - سۆزى بەكلا جايىدا ئىدى. بىرئاز دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ مېنىڭ تۇرۇپ قالغانلىقىمنى بىلدى بولغاي، مۇمكىن بولسا ئىمكان بار رەت قىلماسلىقىمنى ئۆتۈندى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئۆيدىن ئىشقا ماڭاردا سىز كەچتە ئىشخانىدا ئىشلەيدىغانلىقىڭىزنى، شۇڭا مېنىڭ يالغۇزغا قارىماي ئۆزۈم تاماق يەپ، دەم ئېلىۋېرىشىمنى ئېيتقانىدىڭىز. ئۆيگە بارسامىمۇ يالغۇز زېرىكىپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرىمەن، ياكى ئۈلگىسىز كىتاب كۆرىمەن. بىمارلارنىڭ دوختۇرلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىشى بۇ نورمال ئىش. شۇڭا ئۆيدە زېرىكىپ ئولتۇرغۇچە ئۇنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولاي، دەپ ئويلىدىم. خەقمۇ ئادەمنى ئادەم ئېتىپ، «تەكلىپ قىلسام ئۇنارمۇ - ئۇنىماسمۇ» دەپ ئالاھىدە ئويلىنىپ ئاندىن بۇ كىشىگە ئېغىز ئاچقاندۇ ئەمەسمۇ. ئىشتىن چۈشۈپ «پەرىشتىلەر ئالقىنى» مېھمانسارىيىنىڭ مۇسۇلمانچە تاماقخانىسىدا ئۇچرىشىدىغانغا كېلىشتۇق. تېلېفوننى قويۇپ بولۇپ ئۆزۈمچە ئىچىمدە كۈلۈپ كەتتىم ۋە ھەم بىر ناتونۇش ئەرنىڭ تاماققا تەكلىپىنى قوبۇل قىلغىنىمنىڭ ئۆزى زادى مۇۋاپىق بولدىمۇ - بولمىدىمۇ، دوستلىرىمدىن بىرەرىنى بىرگە ئېلىۋالايمۇ قانداق، ئۇ ناتونۇش كىشى نېمىشقا مېنى تاماققا تەكلىپ قىلىدىغاندۇ، دېگەنلەر ئۈستىدە ئۆزۈمچە باش قاتۇرۇپ كەتتىم.

ئەڭ ياخشىسى دوستلىرىمدىن بىرەرسىنى ئېلىۋالاي دېگەن نىيەتكە كەلدىم ۋە ئالىي مەكتەپتىن باشلاپ يېقىن ئۆتىدىغان دوستۇم زۇلمىرەنى بىرگە ئېلىۋالماقچى بولدۇم. ئۇنىڭغا تېلېفون بەرسەم، ئۇ كەچتە ئۆيىگە مېھمان كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دېدىم. «ۋاي ئۆزۈڭ يالغۇز بېرىۋەرمەمسەن، خەق سېنى دوستلىرىڭىزدىن بىرەرىنى ئېلىۋېلىڭ دېمىگەن تۇرسا، نېمە ئۇنداق جىق ئويلاپ كېتىسەن، ئۇ كىشى سېنى يەۋالاتتىمۇ، خەق پۇلنى خەجلىگىلى ئادەم تاپالماي ئاندىن سېنى چاقىرغان دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ. ئۇنداق كىچىك بالىدەك قىلىق قىلماي، يالغۇز بېرىۋەر، ھېچنېمە بولمايدۇ. ئېرىڭ تېخى كۇندە دېگۇدەك سېنى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، ئىشخانىسىدا كومپيۇتېرىنىڭ ئالدىدىن چىقمىسا، ئۆيۈڭدە تېخى. . . » دەپ تەكلىپ قىلغىنىمغا تويغۇزۇپ قويدى.

ئويلاپ باقسام، ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا. كۇندە دېگۇدەك ئەتىگىنى ئىشقا بارىمەن، چۈشلىرى بەزىدە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ تاماق يەپلا دەم ئالىمەن. سىز بولسىڭىز ئاشۇ كومپيۇتېرىڭىزنىڭ ئالدىدىن نېرى بارمايسىز. كەچلىرى ئۆيگە ۋاقتىدا تاماققا كېلىدىغان ۋاقتىڭىز كەمدىنكەم ئۇچرايدۇ. يالغۇز تاماق يېيىشكە ئەڭ ئۆچ ئىدىم. «بارمايمەن دېگەن تۇگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دېگىنى راست بولسا كېرەك. سىز ئاخىر مېنى كۆندۈردىڭىز، سىز خىزمىتىڭىزگە بولۇپمۇ كومپيۇتېرىڭىزغا مەجنۇنلارچە بېرىلىپ كەتكەندىڭىز، ھەتتا بەزىدە ئۆزۈمچە ئۇ خىزمەتنى دەپ مېنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەرمۇ، دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئەنە شۇنداق كۆڭۈل يېرىملىقىمنى دوستلىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈش، بىرگە تاماق يېيىش، مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇش بىلەن ئۇنتۇلدۇرىدىغان بولدۇم. مەن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ئائىلە ئايالى بولىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەپسۇسكى، مەن روھىي جەھەتتىكى بەختكە ناھايىتى ئاز ئېرىشتىم. گەرچە ماددىي جەھەتتىكى تويۇنۇش ۋە خاتىرجەملىك ئائىلىمىزگە نىسبەتەن مۇكەممەل ھازىر بولغان بولسىمۇ، بىراق روھىم قۇرۇق ۋە كەمتۈكلۈك ئىچىدە داۋاملىشىۋاتاتتى. «سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق، ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق» دېگەن شۇ بولسا كېرەك.

ئىشتىن چۈشۈپ دېيىشكىنىمىز بويىچە ئۇدۇللا مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ داڭلىق بەش يۇلتۇزلۇق «پەرىشتىلەر ئالقىنى» مېھمانسارىيىنىڭ مۇسۇلمانچە تاماق زالىغا باردىم. بۇ مېھمانسارايىنىڭ تاماقخانىسىغا ئىلگىرى كېلىپ باقماپتىكەنمەن، مۇھتى ئادەمگە باشقىچە ھوزۇر بېرىدىغان، تولىمۇ يېقىشلىق تاماقخانا ئىكەن. ئىشىك تۈۋىدىكى كۈتكۈچى قىز مېنى تاماقخانىغا باشلاپ ئەكىردى. تاماقخانىدا غىزالىنىۋاتقانلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، تام يېنىدىكى بىر كىچىك ئۈستەلدە يالغۇز بىر كىشى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ يىراقتىن مېنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى ۋە مەن تەرەپكە خۇشچىراي كەلدى.

ئۇ كىشىنى بىر قاراپلا تونۇدۇم. ئەمما ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغانىدىم. ئۇ دەل مەن مەسئۇللۇقىمدا داۋالىنىپ ساقىيىپ چىقىپ كەتكەن بىمار ئىدى. ئۇ ئاۋۋال ماڭا سالام قىلدى. بىر قىزغىن كۆرۈشتۇق. ئۇ مېنى تاماق ئۈستىلىگە تەكلىپ قىلدى.

- سىزنى ساقلىتىپ قويدۇمغۇ دەيمەن؟- دېدىم تەكەللۇپ بىلەن ئۇ كىشىگە.

- ياق، تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىپ كەلگىنىڭىزدىن بەكلا خۇشال بولدۇم،- دېدى ئۇمۇ.

تاماق بۇيرۇتتۇق. ئۇ تاماق ئارىلىقىدا مېنىڭ ئۆزىنى بەكلا كۆيۈنۈپ داۋالىغانلىقىمنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەشەككۈر بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خىجىل بولدۇم.

- ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان قىزىل ئەتىرگۈللەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىۋاتقانسىز،- دەپ سورىدى تاماق ئارىلىقىدا. ھەيران بولۇپ، ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. ئىچىۋاتقان مېۋە شەربىتىنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

- سىز. . . ئاشۇ ئەتىرگۈللەرنى سىز سوۋغا قىلىۋاتامسىز؟- قاتتىق ھاياجان ئىچىدە سورىدىم ئۇنىڭدىن.

- ياخشى كۆرىدىغىنىزمۇ؟

بېشىمنى يېنىك لىڭشىتتىم.

- ياخشى كۆرگەن بولسىڭىز، ماڭا شۇ كۇپايە. قېنى تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى.

شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە بىر تۇرۇپ كۈلگۈم كېلىدۇ، بىر تۇرۇپ ھەيران بولۇۋاتىمەن. ئەسلىدە گۈلدەستىلەرنى ماڭا ئۇ سوۋغا قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭغا كۈچلۈك ھۆرمەت بىلەن قارىدىم. ئۇ 45 ياشلاردىكى بىر ئېسىل

ئەر ئىدى.

— مېنى نېمىشقا شۇنچە خۇش قىلىدىغانسىز؟ — ئۇنىڭ قويۇق قاشلىق چوڭ - چوڭ كۆزلىرىگە قاراپ ئېيتتىم.

— سىز ماڭا يېڭى بىر ھاياتلىق بەخش ئەتتىڭىز، بەرنا. مەن سىزدىن بەكلا رازى بولدۇم. سىز دېگەن ئاجايىپ ئېسىل دوختۇر ئىكەنسىز.

بىز شۇ كەچتە ئىككى سائەتتەك پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇق، ئۇ مېنى تاكسى بىلەن قورۇنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپ كەتتى. جاھاندا مۇنداق ئېسىل ئادەملەرمۇ بولىدىكەن. دۇنيا ئەسلىدە ياخشى ئادەملەر بىلەن تولغانىكەن ئەمەسمۇ. شۇ كۈنى مەن يىتتۈرۈۋەتكەن بىر ئەزىز نەرسەمنى تېپىۋالغاندەك ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتىم، ھاياجانلاندىم. مەن تاپشۇرۇۋالغان ئەتىرگۈلگە ئائىت نۇرغۇن مەخپىيەتلىكلەردىن خەۋەردار بولدۇم. ئۇ كىشى دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقان مەزگىلىدە مېنى كۆزىتىپتۇ، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق مېنىڭ تۇغۇلغان خاتىرە كۈنۈم، قىزىقىشىم قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئىگىلەپتۇ. «نېمانچە ئاق كۆڭۈل، نېمانچە سەمىمىي ئادەم بۇ» دېدىم ئۈنى.

ئۇ كىشى بىلەن بولغان ئالاقەم ئەنە شۇنداق باشلاندى. ئۇ ناھايىتى ئېغىر - بېسىق، ئەمما خۇش مىجەز، شۇنداقلا بەكلا رومانتىك ئىدى. ھەر بىر ئىشىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. مەن بىلەن بولغان ئالاقىدە ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن تۇتاتتى. مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە، پىشقان ئەرلەر ئاشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ ناھايىتى روھلۇق ئىدى. ئۆزىنى ئەركىن ۋە جۇشقۇن تۇتاتتى. ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. ئۇ پات - پات مېنى تاماققا ياكى قەھۋە ئىچىشكە تەكلىپ قىلاتتى. ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتۇق. ئۇ مەن بىلەن تاماق يەيدىغان ۋە قەھۋە ئىچىدىغانغا مۇھىتى كىشىگە يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدىغان، ئاساسەن سالاپەتلىك كىشىلەر بارىدىغان، ئۆزگىچە زىننەتلەنگەن جايلارنى تاللايتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى ۋە مېنى ئاسرىغىنى، نام - ئابرۇيىغا دىققەت بىلەن قارايدىغىنى بولسا كېرەك. بىز نۇرغۇن تېمىلار ئۈستىدە ئەركىن پاراڭلىشىدىغان، ئۆزئارا كۆزقارىشىمىزنى ئالماشتۇرىدىغان بولدۇق. بىز پاراڭلىشىدىغان تېمىلار تۇرمۇشنىڭ، ھاياتلىقنىڭ، ئىشقىلىپ بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ مۇھىت ۋە دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە بېرىپ چېتىلاتتى. ئۇ نەشرىيات ئورنىدا ئىشلەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ پىكرىنىڭ ئوچۇقلۇقىغا، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىگە، تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ موللۇقىغا قول قويغانىدىم. بارا - بارا ئۇنىڭ تەسىرى ماڭا سىڭىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ماڭا قىزىل ئەتىرگۈل سوۋغا قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ باردى. مەن ئۇنى ئۇچراتقان ئەرلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئەرلەردىن، دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ياشلارغا خاس رومانتىكلىق، جۇشقۇنلۇق، ئوچۇق - يورۇقلۇق مېنى ئۆزىگە رام قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى ئادەمگە ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بېغىشلايتتى. ئۇ تولىمۇ يارىشىملىق كىيىنەتتى. ئۇ ھېچنەرسىدىن زارلانمايتتى، نارازى بولمايتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزۈمدە غەيرىي بىر تۇيغۇنىڭ پەيدا بولغىنىنى ھېس قىلىشقا، يەنى ئۇنىڭ ئايالىغا ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق كۈنداشلىق قىلغۇم كېلىدىغان، گەرچە تونۇمىساممۇ ئۆچلۇكۇم كېلىدىغان بولۇپ قالدىم. مەندە بۇ ھالەتنىڭ نېمىشقا پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرەلمەيتتىم. ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئارىمىزدىكى ياش پەرقىمىز مېنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئۈندەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، تاماق يەپ ياكى قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلىشىپ قايتىپ كەلگەن كۈنلىرى روھىم باشقىچە ئۈستۈن بولۇپ قالاتتى. ئۆينىڭ بىر خىللا كۆرۈنۈۋاتقان سوغۇق مېھرى ئىللىپ قالغاندەك بىلىنەتتى. ئاخشىمى سىز ئىشخانىدىن قايتىپ كەلگۈچە ياكى ئۆيدە كومپيۇتېر ئالدىدا بىر ۋاقىتقىچە ئولتۇرۇپ يېنىمغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن قىسقا، ئەمما كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنى ئويلاپ ياتاتتىم. ئۇ ھەقىقەتەن بىر مۇنەۋۋەر ئەر ئىدى. ئوچۇقىنى ئېيتسام، ئايال كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالايدىغان، راۋۇرۇس بىر ئەركەك ئىدى. ئۇ بىر كۈنى كەچتە مېنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇم. ئۇ تانسىنى ئاجايىپ لەرزان ۋە يېنىك ئوينايدىكەن، بولۇپمۇ ۋالىسنى چىرايلىق ئوينايدىكەن. ۋالىسنى ياخشى ئوينىيالايدىغان ئەرلەر ئادەتتە ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. مېنىڭچە، ئۇ خىزمەتتىمۇ جايىدا قىلىدىغان، ئويۇن - تاماشىنىمۇ قولدىن بەرمەيدىغان، سىرتقى مۇھىت

بىلەن ئائىلە تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق جىپسىلاشتۇرالايدىغان يارامлىق ئەر ئىدى.

سىزچۇ، ئىككىمىز توي قىلغاندىن كېيىن سىز خىزمەتكىلا كىرىشىپ كېتىدىغان، كۆڭلۈمنى ئېلىشنى خالىمايدىغان، توي قىلىشتىن ئاۋۋالقى رومانتىكلىقىڭىزنى بىراقلا ئەستىن چىقىرىۋەتكەن بىر ئەر بولۇپ قالدىڭىز. بىر ئايال كىشى روھىي جەھەتتىن ئېھتىياجلىق بولىدىغان تۇرمۇش رىتىمىنى، ئارزۇ - ئارمىنىنى چۈشەنمىدىڭىز. بىرەر قېتىم تۇيۇقسىز مېنى خۇش قىلىش ئۈچۈن يا بىر تال گۈل، يا بىرەر قۇر كىيىم - كېچەك، يا بىرەر قۇتا گىرىم بۇيۇمى، يا بىرەر پارچە ئاتكىرتكا دېگەندەك نەرسىلەرنى سوۋغات قىلىپ باقمىدىڭىز. بىرەر قېتىم سىرتلارغا تاماققا، يا قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلىشىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ قويمىدىڭىز.

مەنمۇ ئادەمغۇ، گۈزەل، رومانتىك تۇرمۇشنى قوغلىشىدىغان، ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى، ھۇزۇرىنى تېتىشنى خالايدىغان بىر ئايالغۇ. مەن ياخشى ئائىلە شارائىتىدا ئۆسۈپ يېتىلدىم. يەتكۈدەك ئوقۇدۇم، كاتتا تەربىيە كۆردۈم، ئەمما توي قىلىش بىلەنلا ھەممىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى، ئىنتىلىش ۋە ياشاش ئۇسۇلۇمنى يەر ئاستىغا كۆمۈۋېتەلمەيتتىم. مەنمۇ باشقا نۇرغۇن ياش ئاياللارغا ئوخشاش ياشىشىم، رەڭگارەڭ تۇرمۇشنىڭ ماڭىمۇ نېسىپ بولالايدىغان تەرەپلىرىدىن مەنپەئەتدار بولۇشۇم كېرەك ئىدى. ئايال كىشى - ئۇ بىر رومانتىك دۇنيا، سىز بۇنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك ئىدى.

مېنى نېمىدەپ ئەيىبلىسىڭىز ئىختىيارىڭىز، قۇددۇس. «ماڭا راست گەپ قىلىڭ» دېدىڭىز، شۇڭا مەن ھەممىنى سىزگە راست، ئۆز ئەينى دەپ بېرىۋاتىمەن.

بىزنىڭ ئۇچرىشىشىمىز گويا قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەتلىك ئۇچرىشىشىنىڭ ئۆزى بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. مەن بۇنى بىلىپ تۇرۇمەن ھەم ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا تىرىشىمەن. بىراق، قەلبىمدە بىر نورمال، ھېسسىياتلىق ئايال كىشىنىڭ قەلبىدە ئويغىنىدىغان سىرلىق ۋە گۈزەل ھېسلار ئويغىنىپ بارماقتا ۋە بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. دەسلىپىدە ئۇنىڭ ماڭا سوۋغا قىلىۋاتقان قىزىل ئەتىرگۈللىرىگە ئىنتىلگەن بولسام، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ بىلەن تېز - تېز ئۇچرىشىشقا، ئۇنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا، بىردەم بولسىمۇ بىرگە مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

كۆپ قېتىم ئۆزۈمنى «مەن نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن، نېمىشقا ئۆزۈمنى كونترول قىلالمايمەن» دەپ ئەيىبلىگەن، قايتا - قايتا ئويلانغان بولساممۇ، بۇ ئەيىبلەشلىرىم، ئويلىنىشلىرىم ھېچنېمىگە كار قىلمىدى. مەن ئۆز ھېسسىياتىمنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ بولغانىدىم. ھېسسىيات دېگەن ئاجايىپ نەرسە ئىكەن. ئۇنىڭ قۇدرىتى ئادەمنى ھەر كويغا سالىدىكەن. 28 ياشلىق بىر ياش ئايال بىلەن 45 ياشتىن ھالقىپ توختالغان بىر ئەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ھېسسىيات ياش قىز - يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدىكى ھېسسىياتتىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، ئەمما بۇ ھېسسىيات شۇ قەدەر ساپ، شۇ قەدەر سەمىمىي، شۇ قەدەر ئىشەنچلىك ۋە شۇ قەدەر تۇراقلىق ئىدى. بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ قايىنىمىغا كىرىپ قالغان ھەرقايسى تەرەپ ئۇنىڭ يالقۇنلۇق ھارارىتىنىڭ تەسىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. مەن بۇ نۇقتىنى ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىم ئارقىلىق بىلىپ يەتتىم.

مەن يەنە شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، سىز مېنى روھىي جەھەتتىن ئازابلاشقا كىرىشكەندىن بېرى ئۆز - ئۆزۈمگە نەپرەتلەندىم. ئۆزۈم كىرىپ كەتكەن بۇ قاينامدىن سەسكەندىم. مەن ئېرى بار بىر ئايال تۇرۇقلۇق، ئېرىم ماڭا شۇنچە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئەقىدە قىلىپ كېلىۋاتقان تۇرۇقلۇق، قەلبىمنى يات بىر ئەرنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردۇم. مېنىڭ قىلغىنىم ئېرىم ئالدىدا كەچۈرگۈسىز جىنايەت بولۇشى ئېنىق. لېكىن مەن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. سىز مەيلى ئېتىراپ قىلىڭ ياكى ئېتىراپ قىلماڭ، ئۇنى سىز ماڭا مەجبۇرلىغان، سىز بۇ نۇقتىدىن ئۆزىڭىزنى چەتكە ئالسىڭىز ۋىجدانىڭىز چىدارمۇ؟

سىز بىر ئەر كىشى، مەن بىر ئايال. ھەممە ئىشتا سىز مېنىڭ دېگىنىم، ئارزۇيۇم بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزنىڭ ئەرلىك سالاھىيىتى ۋە ئىرادىسى بويىچە ئىش كۆرۈشىڭىز، مېنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك ئىدى. ئەمما سىز بۇ جەھەتتە ئاجىزلىق قىلدىڭىز، مەن سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشىڭىزنىڭ يۇمشاقلىق، جىمغۇرلۇق ۋە سىلىق - سىپايىلىك ئىچىدە ئىپادىلىمەي،

ئەرلەرگە خاس جاسارەت، قاتتىق قوللۇق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن رومانتىكلىق بىرلەشكەن مۇھەببەت ئىچىدە داۋاملىشىپ بېرىشىغا موھتاج ئىدىم. مەن بۇ موھتاجلىقىمنى سەمىگىزگە سېلىپ قانائەتلىنىشنى ئەسلا خالىمىدىم. ناۋادا شۇنداق قانائەتلەنگەنمۇ بولاي، بىراق بۇنداق قانائەتلىنىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار دەيسىز. مەن توغرا قىلدىممۇ، خاتا قىلدىممۇ، ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمەن، قۇددۇس.

مەن ئەنە شۇنداق ياشىدىم. سىز مېنى سۆيىسىز، مېنى ياخشى كۆرىسىز. مەنمۇ سىزنى سۆيىمەن، سىزنى ياخشى كۆرىمەن. ئەمما بۇنداق سۆيۈش ۋە ياخشى كۆرۈش قۇرۇپ قالغان قاقشال دەرەختەك يالغۇز قالماي، سۇغۇرۇلۇپ پەرۋىش قىلىنىشى، كۆكەرتىلىشى ۋە قۇياش مېھرىدىن تويغۇچە بەھرىلىنىشى كېرەك ئىكەن. بىز ياشاۋاتقان ھايات ۋە تۇرمۇش ئەنە شۇ دەرەخكە ئوخشايدىكەن. لېكىن بىز نېمىنى يوقاتتۇق، نېمىنى كېمەيتتۇق، ئۆزىمىزگە ئايان بولۇشى مۇمكىن. بۇ كەچۈرمىشلىرىمنى سىزگە بىۋاستە دېيىشكە كۆڭلۈم بارمىدى. ئەڭ ياخشىسى خەت ئارقىلىق دېيىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. سىزنىڭ ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭىز ماڭا قاراڭغۇ. ئەمما مەن سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ھېچنېمىنى يوشۇرماي سىزگە دېدىم. دېگەنلىرىم ھەققىدە يەنە ئارتۇق ئىزاھات بېرىشنى خالىمايمەن.

بەرنا»

خەتتىن بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئۇ مېنىڭ خەتنى ئوقۇپ بولۇشۇمنى كۈتۈۋاتقان چېغى. كۆزى مەندە ئىدى.

ـ كېيىنچۇ؟ ـ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ سورىدىم، خەتنى قاتلاپ ئۇنىڭغا ئۇزىتىۋېتىپ. ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق بىرنەچچىنى شوراۋېتىپ، ئېغىر خورسىنىپ قويدى ۋە شامنىڭ كۆيۈۋاتقان گەۋدىسىگە قاراپ ئولتۇرغان پېتى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ پۈتۈن بەدەنلىرىم بوشىشىپ كەتتى. مېڭەمگە دەھشەتلىك بىر دولقۇن قايتا ـ قايتا ئۇرۇلغاندەك باشلىرىم سىلكىنىپ كەتتى. كۆزلىرىم تورۇسقا مەقسەتسىزلا تىكىلگەن. ھۇجرا ھەدەپ پىرقىراۋاتقاندەك بىلىندى، ئۆزۈمنى تۈگىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ كەتتىم.

ۋادەرىخ، نۇرغۇن بەختسىز ئەرلەرنىڭ بېشىغا ھامان بىر كۈنى كېلىدىغان بۇ كۈننىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنىڭ بېشىمغىمۇ كېلىشىنى، بولۇپمۇ بۇ دەرىجىدە دەھشەتلىك پارتلاشتەك يۈز بېرىشىنى پەقەت ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. ئۆزۈمنى نېمىدەپ ئەيىبلەيمەن، خوتۇنۇمنى نېمىدەپ ئەيىبلەيمەن، ھېلىقى ناتونۇش ئەرنىچۇ. . .

بېشىم پىرقىراشقا باشلىدى، ئۆپكەم بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالغاندەك، تىنىقىم بارغانسېرى تەسلىشىپ كەتتى. ئورنۇمدىن پولتۇڭگىدە تۇردۇم ۋە ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. ئايىغىمنى پۈتۈمغا سېلىپلا ئىشىكنى ئاچتىم. كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. مەن ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ ئەمدى ئىككىمىز سىغىشمايۋاتقان تۇرمۇش بولۇپ ئۆزگەرگىنىگە ئىشەنسەم بولىدىغان بولدى. بۇ تۇرمۇش ئىككىمىزدىن بىرىمىزنى ئىككىمىزگىلا تەئەللۇق بولغان تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن سىقىپ چىقىرىش بىلەن كۇپايىلىنەتتى. مەن ئەمدى ئەرلىك غۇرۇرى ۋەيران بولغان تراگېدىيىلىك بىر شەخس بولۇپ ياشاۋېرەمدىم ياكى بۇ تراگېدىيىنى ئۆزگەرتىپ باقامدىم، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. يەنە ئويلاۋەرسەم، نېمىلەرنى ئويلاپ باقارمەن. مېنى خۇشاللاندۇرىدىغان ۋە تىنچلاندۇرىدىغان يەنە قانداق بىر بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشەرمەن. باش - ئاخىرى يوق ئويلىرىم تۇرمۇشۇمنىڭ قىممىتىنى بارغانسېرى تۆۋەنلەتسە تۆۋەنلىتىدىكىن، ئاخىر بېرىپ ياشاشنىڭ نېمىلىكىنى كۆزۈمگە مانا ھازىرقىدەك تراگېدىيىلىك مەزمۇن بىلەن كۆرسەتسە كۆرسىتىپ قويىدىكەن، تۇرمۇشۇمغا بىرەر يېڭىلىق ياكى بىرەر مەنە ئېلىپ كېلىشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا «ياشاپ باقە، بەرنا. . .» دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئۆي ئىچىگە زەردە بىلەن بىر قاراپ قويۇپ ۋە ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتىم. . .

2002 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، كەچ، ئۈرۈمچى



# ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرى

## نۇرپەرنىڭ كۆزى

**1**

زۇلمەتنى يورۇتقان سېنىڭ كۆزلىرىڭ،
تىنىقلىق جېنىمغا قوشۇپ تۇرغان جان.
ناخشىغا ئايلانغان دېگەن سۆزلىرىڭ،
بارلىقىڭ قايناتقان تومۇرلاردا قان.
شال ئىدى ھۆرلەرگە ئۆرگەن بۆزلىرىڭ،
نۇر يولى ئىدىڭسەن تەڭرى بەرگەن يان.

**2**

ھەر قەۋەت ئالەمدىن تاللىغىنىم سەن،
مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ يوق بۆگە نالەم.
ئىزىڭدىن ئۆيۈمدە ئۈندى مىڭ گۈلشەن،
مىليونچە قەۋەتتۇر بىزنىڭ بۇ ئالەم.
ھەر قەۋەت بېشىدا كۈمۈشتەك كۆلكەڭ،
ئەقلىم لال ھەمىشە، ھەمىشە لالەم.

**3**

ئاسماننىڭ رەڭگىدە كىيىپ يېشىل تون،
سىزىسەن بوشلۇقتا يېشىل چەمبىرەك.
ۋىسالغا ئالدىراپ، دېدىم باشقا قون،
يۇلتۇزلار قىزىسەن شۇتاپ يەكمۇ يەك.
يارىنى كۆرگەننىڭ تەلەيلىرى ئۇلۇغ
چۇش ۋەسلى پاكىزدۇر ئۇڭمىزدىن بەك.

**4**

گۈللەرنىڭ بەرگىدە قارچۇقۇڭ قاراپ،
ئىپار ۋە رەڭلەرگە بېرىدۇ باھا.
لەۋلىرىڭ لېۋىمگە تامچىتار شاراب،
مىڭ ياشقا كىرىدۇ چوقۇم بۇ ۋاپا.
تەنلىرىڭ تېنىمگە كېتىشكەن تاراپ،
سەن باردا ئالەمدە بولمايدۇ جاپا.

**5**

تاملاردىن دەم ئۇرۇپ مارايدۇ كېيىك،
تونۇدۇم كۆزلەرنى، چاچرايدۇ شولا.
يەنە كۆي باشلايمەن كەتتى دىل ئېپ،
ئالتۇندىن، كۈمۈشتىن پۇتۇلدى چۇلا.
كېلىسەن بىر كۈنى قۇيۇن تون كىيىپ،
مىنگىنىڭ ئارغىماق ئالا يا قۇلا...

**6**

بۇلاقلار كۆرسەتتى سۇزۇك بىر سۈرەت،
قارچۇقتا گۈللەردەك سۆزلەيدۇ چىراغ.
قىسسەلەر يالقۇنلۇق، بايان رەتمۇ رەت،
ھەسرەتتەك ئۆكسىتەر جېنىمنى پىراق.
ماڭلايغا ئويۇپتۇ سېنى بۇ قىسمەت،
ھېچكىممۇ ئۈنىڭدىن قاچالماس يىراق.

**7**

دەرەخلەر ئۈچىدا يۇلتۇز چاراقلاپ،
سىنچىلاپ، زىغىرلاپ باقار قەدەمگە.
قاينايدۇ تۇيغۇلار ياغدەك ۋاراقلاپ،
دەرىجە تۆت خانە... ئەلا رەقەمدە.
كېلىمەن مەنزىلدە ئاھ دەپ ياياقلاپ،
جۇل بىلەن تۇل دېگەن ئالىي لەقەمدە.

**8**

ھاۋادا جېنىمىز بىر تىنىق ئۆزرە،
تونۇدۇم چېقىنلار ئاشۇ بىر قاراق.
ئەس - يادىڭ قولۇمغا تۇتقۇزدى گۈرزە،
بىر باقساڭ يىگىتمەن بىر ئەسىر ياراق.
كۆڭلۈمدە بار مېنىڭ تاغلاردەك ئۆزرە،
ياشىدىم سېنىڭسىز...
باغرىمدا تاراق...

9

تاڭلارغا قادالدىم. . . تاڭلارمۇ ماڭا
قادالدى سەندىكى قاراشلار بىلەن.
ھەنىۋا ھەسرەتنى سۆزلەيمەن ساڭا،
تاڭلاردەك دىلدار يوق، تاڭلاردەك لىۋەن.
ئوخشاپلا كېتىسەن ئەجەبمۇ ئاڭا
تاڭ باردا كېچىلەر مەڭگۈلۈك ئىۋەن.

10

ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ سەن بوپ قارايسەن،
نەلەرگە كەتتىكىن ئۇلارنىڭ ئۆزى.
شەپەقتە گۈلخان سەن، گۈلدە ئارايسەن،
مېنىڭ ـ مەس بۇ چۇقۇم قۇدرەتنىڭ سۆزى،
ئالەمدە مىليون كۆز. . . كۆزلەر يارايسەن،
بۇ كۆزلەر ماڭا تەن دىلدارنىڭ كۆزى.

## قەبرە بېشىدا

قەبرىلەر، قەبرىلەر ھەسرەت دەرگاھى
ھەر بىرى بىر تالاي دىلغا چېتىلغان.
سىغمايدۇ پەلەككە تىرىكلەر ئاھى،
مەرھۇملار ئوق ئىرور مەڭگۈ ئېتىلغان.

كۆز بۇرچى كۆرۈشلا ئەمەستۇر پەقەت
ئايانماي تۆكۈش ھەم يامغۇردەك كۆز ياش.
ناۋادا بولمىسا مۇشۇ تەبىئەت،
پۈتەي بىر يارىغا ئوخشايتتى ياشاش.

بىر قەبرە ئالدىدا تۇرىمىز مەيۈس
ئىچىدە ئۇخلايدۇ ياتقان بىر قۇياش.
مۇقەددەس ۋەھىيلەر يەتمەكتە دۇرۇس،
ئەسلەشلەر سۇ باشلار شۇنچە ئالدىراش.

ئەرۋاھلار ھەققىگە تىلىدۇق جەننەت
مۈگلىنىپ چىن دىلدىن دىققەتتە تۇرۇپ.
قايغۇغا چىلانغان بۇندا ھەربىر سەت،
يۈرەك قان! ماغدۇر يوق، كەتكەن ئۇ قۇرۇپ.

ئۇياندا بىر شەھەر، بۇندا بىر شەھەر،
بەندىلەر كۆچىدۇ ئۇندىن بۇياققا.
ھېچكىممۇ بىلمەيدۇ كىم قاچان كۆچەر،
چېتىقلار چېتىلىپ قارا تۇياققا.

يىغلىتىپ دوستلارنى قىلىپ قان سوختا،
خوشلاشماي ئۇن ـ تىنسىز كېتىدىكەنمىز.
سالالماي كېلىمىز ئەجەلگە نوختا،
ھەممىمىز مەنزىلگە يېتىدىكەنمىز.

## ساۋاقداشلىرىمغا

شادلىقنى، ھەسرەتنى بۆلۈشتۇق،
ئۇچراشساق يۈرەكتىن كۈلۈشتۇق.
ھۆسنىڭنى تېرىدىم تاملارغا،
بىردەملىك ۋىسالچۈن ئۆلۈشتۇق.

مىڭ كۈنلۈك يول يۈرۈپ بىر كۈندە
پەيت كېلىپ، مىڭ تەستە كۆرۈشتۇق.
ھەپسە ئاي يوشۇردى تېنىڭنى،
ھەسرەتنى دىللارغا كۆمۈشتۇق.

تارالدۇق زېمىنگە شولىدەك،
تاشلارغا تېرىسا ئۈنۈشتۇق.
ئەزەلدىن تاقەتلىك ئىدۇق بىز،
ھەممىگە ھەرقاچان كۆنۈشتۇق.

ھەق سۇنسا سوراقسىز، ئۆگۈشتۇق،
زۇلمەتتە كۈن بىلەن سۆيۈشتۇق.
ھېلىمۇ ئۆزگەرمەس قىممەتلەر،
ئالماستۇق، ئالتۇندۇق، كۆمۈشتۇق.

# غەزەللەر

### ئەكبەر نىياز پەتتارى

تەۋەللۇتتا دىلىم دۈشەنبىدە غەمگە تاۋاپ بولدى.
غەلەت بولدۇم سىرىم سەيشەنبىدە لەۋگە شاراب بولدى.

ئەقىدەمدىن چېچەك ئاچتى كى چارشەنبە بولۇپ بىر گۈل،
تۇزۇپ ئەمما، مىسال پەيشەنبىدە رەمگە تاۋاپ بولدى.

يا نازىنىن، سەنىڭ ياكى سوئال بىرلە جۇمە كەلدى،
كۆيۈپ ئاخىر نىتەي چۇشلەر شىرىن شەنبە كاۋاپ بولدى.

يولىغا كۆپ - ئۇزاق باقتىم، بۇ يەكشەنبە كېلەر يار دەپ،
خەۋەرمۇ يوق كۆزۈمدە ياش شىپىر - كۆيگە ئازاب بولدى.

نە ئەيلىيىن قېقىپ پەيىنى كېتىپ قالدى بىراق ھەپتە،
ئىرىقتا سۇ - ئۆمۈر ئاقتى ۋاقىت - كۆڭگە خاراب بولدى.

پىغان، كەچمىش بىرىپ ئىلھام پىكىر - ھېكمەت پۈتۈپ يۇردۇم،
ئۆلار - ئىبرەت بىلەن تولغان تېخى نەچچە كىتاب بولدى.

نىيازى قاقشىما ھەرگىز، ھاياتتا قىسمىتىڭ ئۇشبۇ،
كۆزۈڭ يۇمغان مىنۇتلاردا ساۋاق كۆپكە خىتاب بولدى.

* * *

ئۆزۈمدىن ھالقىماق ئىزدەپ «ئۆزۈم»گە ھەي پېتىپ كەلدىم،
ئۆدۈم، خىسلەتلىرىم ئۆچتى ئۆتىڭغا رەڭ قېتىپ كەلدىم.

دىلىمدىن ئوخچىغان ئارزۇ رىئاللىق باغرىدا سولسا
كۆيۈك روھىمدا چاكقاقلىق يەنە ئۆتنى قېتىپ كەلدىم.

مۇھەببەت يولىدا ئازسام شۇئان سانسىز سەۋەب تەييار،
ئۇيالماي بىلگى ئالەمگە كى شەيتانىنى ساتىپ كەلدىم.

ساۋاقلاردىن ساۋاق ئالماي مازاقا توغ - ئەلەم بولدۇم،
شۇڭا ھەسرەتلىرىم ئەلۋەك ئۆنى ھەر رەت تېتىپ كەلدىم.

چۇشۇمنىڭ تەبىرىن بەرگەن خىزىرنى تونۇماي ھەتتا،
سۆزۈمدە ياغدۇرۇپ ئوقلار، ئاتا چالما ئېتىپ كەلدىم.

ئەمەس تەقدىر، ھاياتنى دەل ياشارتقان سۇ ئۆمىد، تەدبىر،
نىيازى ئېيتتى بۇ سۆزنى: قەلەمنى ئىرغىتىپ كەلدىم. . .

* * *

مەنكى مەن «مەن» بولمىسام شەيتان ئېنىق،
نەكى شەيتان تەكرىگە پايخان ئېنىق.

ھېچ كىشى ھالىمغا يەتمەس، مەن ئۆزۈم -
ئاقىۋەت قەبرەم ئۈچۈن قۇربان ئېنىق.

شۇ سەۋەب قەلبىمدىكى ئارزۇلىرىم،
خالىمايمۇ يوق ئامال گۇمران ئېنىق.

كەلمىكىم دۇنياغا بولغان ئەسلىدىن،
بىر ئۇقۇشماسلىق ياكى نۇقسان ئېنىق.

ياشىماق ئىزدەپ ئاقار كۆز ياشلىرىم،
توختىماس، كۈندۈز - كېچە ئوكيان ئېنىق.

بەزىلەر نەپرەت بىلەن تىغ سانجىسا،
بولىمەن بەزىسگە ئارمان ئېنىق.

بۇ ھايات سەھنە ئىرۇر، ئارتىس ئۆزى -
ھەر كىشى، ئارتىس ئارا چولپان ئېنىق.

مەن تېخى ئاتمىشقا كىرمەك ئىستىسەم،
مۈشكۈلات ئاتمىش ئەمەس توقسان ئېنىق. . .

قىسمىتىڭ شۇنداق نىياز، قىلغىن كۈرەش،
شۇندىلا سەن شىر سۈپەت ئىنسان ئېنىق.

* * *

(ئابدۇقادىر جالالىدىنغا تەقلىد)

جانان بار يۈزلىگەن جانان ئىچىدە،
جاھان بار دىلدىكى جاھان ئىچىدە.

كىم - كىمگە مېھرىبان بۇنىسى تىلسىم،
خىلمۇ خىل ئادەم بار ئىنسان ئىچىدە.

ھاياتتا ئادەمنىڭ ئىستىكى قانماس؛
ئارمان بار سۆيۈملۈك ئارمان ئىچىدە.

خانەڭگە خۇش كۈلۈپ كىرگەنلەر مېھمان،
شۇندىمۇ مېھمان بار مېھمان ئىچىدە.

دېڭىزنىڭ مېۋىسى ئۈنچە - مارجاندۇر،
قىممەتلىك گۆھەر بار مارجان ئىچىدە.

قەيەردىن كەلدۇق بىز، بارىمىز قايان؟!
كارۋان بار سەپ تۈزگەن كارۋان ئىچىدە.

ئېرىشىش - يوقىتىش، يوقىتىش - ۋىسال،
مۇھەببەت تاۋلىنار ھىجران ئىچىدە.

ئادەملەر سۆيگۈدىن سۆيگۈ تاپىدۇ،
بولغاندەك ئوت - ئاتەش گۈلخان ئىچىدە.

نىيازى كۆڭ مەيلى قالساڭلا ياشاپ،
تائەبەد ھەر شېئىر، داستان ئىچىدە. . .



# ئۇسمانجان ساۋۇت ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە سۆھبەت



**ھەببۇللا مۇھەممەت:** ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ئاز - تولا پاراڭ بولۇپ تۇرمىسا بىر خىل تۇرغۇن ھالەت شەكىللىنىپ قالىدۇ. شۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇپ بىز گەرچە چوڭ دائىرىدە قىلالمىساقمۇ نۇقتىلىق قىلىپ ئاپتورلار ئۈستىدە مۇشۇنداق پائالىيەت ئېلىپ بارماقچى. بىز بۈگۈن تالانتلىق شائىر ئۇسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئورنى ھەققىدە سۆھبەت ئۇيۇشتۇردۇق. ئۇسمانجان ساۋۇت بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ قەلبىدە ئۆزىنىڭ مەزمۇنلۇق شېئىرلىرى بىلەن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. بۈگۈنكى بۇ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ پائالىيىتىمىزگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** «شائىر بولۇش ئەركىنلىك، ئادەم بولۇش بۇرچۇڭ» نېكراسوۋ مۇشۇ بىر جۈملە ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ شائىرلىقتىنمۇ يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى يورىتىپ بەرگەن. سەن شېئىر يازمىساڭ، ھېچكىم سىنى گۇناھكار ھېسابلىمايدۇ. لېكىن ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئادەم بولمىساڭ تارىخ سىنى كەچۈرمەيدۇ، ئەۋلادلار سىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، جەمئىيەت سىنى شاللىۋېتىدۇ. جاپا - مۇشەققەتتە، ئىسسىق - سوغۇقتا، ھايات - ماماتلىق پەيتلىرىدە خەلق بىلەن نەپەسداش، مۇڭداش، قەلبداش، يىلتىزداش، ئاھاڭداش بولالمىغان بەزى قەلەمكەشلەر كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن بەكمۇ تېز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كىشىلەرنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدىغان سەلبىي تىپلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. شېئىر يېزىشقىلا قىزىقىپ، ئادەم بولۇشقا سەل قارىغان بۇ قەلەمكەشلەرنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

شائىر ئۇسمانجان ساۋۇت «قالغان ئۆمرۈمدە ئۆز روھىم، ئۆز ئىجادىيىتىم، ئۆز شىجائىتىم بىلەن ئىنسانلار ئارىسىغا ۋە دۇنياغا مۇھەببەت تېرىش ئۈچۈن تىرىشىمەن» دەيدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك، ئەگرى - توقاي ھايات سەپىرىدە مۇھەببەتنى خاسىيەتلىك ئانا باغرىدەك ئەزىزلىدى؛ ئىشقى - زوقى بىلەن ھارماي كۈيلىدى. مۇھەببەت شائىرنىڭ ۋۇجۇدىغا، قەلبىگە نۇر ۋە ئىللىقلىق ئاتا قىلدى. شائىرنىڭ يۈرىكىدە بالقىغان ئاشۇ نۇردىن ئاجايىپ نەپىس، ئاجايىپ تەسىرلىك مىسرالار ئاپىرىدە بولدى.

سەمىمىيلىك، كەڭ قورساقلىق، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلەش، باشقىلارغا بەخت ۋە ئامەت تىلەش – شائىر ئۇسمانجان ساۋۇتنىڭ روھىي دۇنياسىدا چاقناپ تۇرغان

تۆت گۆھەر. شائىرنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ھەقىقىي ئىنسان سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرگەن بۇ تۆت گۆھەر ئۇنىڭ «ئادەم ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شائىر ئوسمانجان ساۋۇتقا ئېيتقانلىرى» ناملىق شېئىرىدا تېخىمۇ كۈچلۈك نۇر چاچقان. ۋىجدانلىق، پىداكار ئادەم بولغاندىلا، قەدىر - قىممىتى يۈكسەك، سالمىقى تاغدەك ئېغىر شائىر بولغىلى بولىدۇ.

شائىر چەكسىز بوشلۇقتا ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ تەپەككۇر قۇشلىرى ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە ئەركىن قانات قېقىشقا ھوقۇقلۇق. بۇ ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان شائىر - قانىتى كېسۋېتىلگەن قۇش، تىلى كېسۋېتىلگەن بۇلبۇل. شائىرنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئالەم شۇقەدەر رەڭدار، سىرلىق ھەم مۇرەككەپ. ئۇنىڭ قوينى تېپىشماقلار بىلەن تولغان. بۇ ھال شائىرنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن. شۇڭلاشقا ھارماي - تالماي ئۆگىنىش، تىنىمسىز ئىزدىنىش، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش شائىرلارنىڭ بۇرچىغا ئايلىنىپ قالغان.

فرانسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ستىندال: «بىر يىلدا 300 پارچە كىتاب ئوقۇمىغان كىشىنى فرانسۇز دېگىلى بولمايدۇ» دېگەنىكەن. بىز بۇ گەپتىن ستىندالنىڭ فرانسىيە ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس يۈكسەك بەدىئىي پەللە يارىتالىغانلىقىنىڭ مەلۇم سىرىنى بايقىغاندەك بولىمىز. بۇ مەشھۇر ئەدىب ئۆز مىللىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى كۆزەتكەندە، كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئورۇنغا قويغان. مېنىڭچە، شائىرلار مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئۈستىدە، جۈملىدىن كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى، ئانا تىلنىڭ ساپالىقى ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىنىش كېرەك. چۈنكى شائىر - مىللەتنىڭ باشلامچىسى، مەنىۋى بايراقدارى. ئۇنىڭ زىممىسىگە مەدەنىيەت تارقىتىش، ئاقارتىش، ئويغىتىش، روھنى ئۇرغىتىش، تىلنى بېيىتىش، گۈزەل بەدىئىي دۇنيا يارىتىش، خەلققە ئېستېتىك زوق بېغىشلاش قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق، ئېغىر ۋەزىپە يۈكلەنگەن. شائىر ئوسمانجان ساۋۇت: «خىزمىتىم ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، يەنىلا ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب ئوقۇيمەن. ئۆزۈم ياقتۇرىدىغان كلاسسىكلارنىڭ ۋە ھازىرقى زامان ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى زوقلىنىپ ئوقۇيمەن. ئىلگىرى ۋەقەلىك قوغلىشىپ، قىزىقچىلىق قوغلىشىپ ئوقۇغان بولسام، ھازىر ھېكمەت قوغلىشىپ ئوقۇۋاتىمەن. ھەر يىلى 600 يۈەنلىك گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتىرى بولىمەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 يۈەنلىك كىتاب سېتىۋالىمەن. بۇنى زامانىۋىلىك بىلەن مەدەنىيەتنىڭ روشەن بەلگىسى دەپ قارايمەن» دەيدۇ. مەن ئوسمانجان ساۋۇت بىلەن يىگىرمە يىلغا يېقىن بىللە ئىشلىدىم. شۇڭا مەن بۇ قەدىرلىك كەسپدىشىمنىڭ كىتاب ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن. شائىر ئوسمانجان ساۋۇت ھەقىقەتەنمۇ كىتابخۇمار. ئادەتتە ئۇنىڭ قولىدىن بىر قارا سومكا زادىلا چۈشمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، جۈملىدىن شېئىرىيەت ھەققىدىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك، مول ھەم چوڭقۇر بىلىمى شائىرنىڭ ئاشۇ خاسىيەتلىك قارا سومكىسىغا سېلىنغان كىتاب، ژۇرناللار بىلەن زىچ باغلانمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ بەزىلەر: «ئوسمانجان ساۋۇت ئۆز شېئىرلىرىدا ئۆزبېكچە، قازاقچە سۆزلەرنى كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىدىكەن» دەيدۇ. بىلمىگەن ئادەمگە بۇ گەپ راستتەك تۇيۇلىدۇ. بىر چاغلاردا مەنمۇ «ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ تىلى شالغۇتمۇ نېمە؟» دەپ ئويلىغان. ئۇزۇن يىللىق كۆزىتىش ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئانا تىلىمىزغا بولغان مۇھەببىتى بەكمۇ چوڭقۇر ئىكەن. ئىستېمالدىن چۈشۈپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن، يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان نۇرغۇن ئېسىل سۆز دۇردانىلىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئارقىلىق يورۇقلۇققا ئېرىشكەن. شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنى ئانا تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش يولىدا ئەڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان، ئۆز ئىجادىيىتىدە

ڭ كۆپ تىل ئىشلەتكەن ئىجادكارلاردىن رسى دېيىشكە بولىدۇ. كىتاب سۆيۈش ئادىتى نى مۇشۇنداق ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلغان.

شائىرلارنىڭ كۆپ تەرەپلىملىك بىيىلىنىش، ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئىنسان ياتىدىكى سۇ، تۇپراق، نۇر، ھاۋا ھەم زۇقلۇقتا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ردىن ئايرىلغان ئىنسان ھالاكەت گىردابىغا دەم قويىدۇ. شۇڭلاشقا شائىرلاردا ئېتىقادار. ، بىلىملىك، ئېسىل ئەخلاقىي ـ پەزىلەتلىك، جائەتلىك، تەمكىنلىكلىك، يول ئېچىش ھىملىك بولۇشى كېرەك. ئادەم بولۇشنى لگەن شائىرنىڭ ئوبرازى خەلقنىڭ قەلبىدە ڭگۇ نۇر چاچىدۇ. مەن تالانتلىق شائىر، شقەدەم مۇھەررىر، قەلبداش دوستىمىز سمانجان ساۋۇتنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرى رقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ خەزىنىسىنى زلۇكسىز بېيىتىپ، ئىجادىيەتنىڭ يېڭى وقىلىرىغا دادىللىق بىلەن ئۆرلىشىنى مىمىي ئۈمىد قىلىمەن. سالامەتلىك، شاد ـ ۇراملىق، مۇۋەپپەقىيەت ئۇنىڭغا مەڭگۇ يار لغاي.



**نۇرۇم سابىر ھاجى:** بىز ئوسمانجان بىلەن ئۇزۇن يىللىق بۇرادەرلەردىن. ئوسمانجاننى بىز ھەقىقەتەن ياخشى چۈشىنىمىز. ئوسمانجان بىلەن بىللە ياشاش جەريانىدا ئۇ ھەر تەرەپتىن بىزگە ياخشى سىر قالدۇرغان ھەم قالدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بېئىرىيەتتىن باشقا ئىجتىمائىي ھاياتقا تۇتقان ەۋىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى كىشىلەرگە ئۈلگە لارلىق ھالەتتە. مەن شائىر بولغان ئادەمدە ر يۈكسەك پەزىلەت بولغاندىلا ئۇنىڭدىن ياخشى بېئىرلار چىقىدۇ دەپ ئويلايمەن. مېنىڭ ھېس ىلىشىمچە، بىزدە يازغۇچىلار، ئەدىبلەر ۆپ. شۇ كىشىلەر ھەر خىل ئەسەرلەرنى ىزىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن شۇلارنىڭ ھەممىسى ۆلمەس ئەسەرلەردىن بولۇپ قېلىشى ناتايىن. ۇنىڭ ئىچىدە ئاز ساندىكى شائىرلارنىڭ، ئەدىبلەرنىڭ يازغانلىرى خەلق ئىچىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ ئۆلمەس ئەسەرلەردىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەن ئويلايمەن، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شۇنداق ئۆلمەس ئەسەرلەردىن بولۇپ قالىدىغان شېئىرلىرى بار دەپ قارايمەن. بولۇپمۇ خەلق ئىچىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك. ئوسمانجان ساۋۇت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بىر تالانتلىق شائىر. ئۇ ئۇيغۇر ھاياتىنى ئىنچىكە، ناھايىتى زىل يەرلەرنى ناھايىتى چوڭقۇر بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن يارىتىپ بېرەلىدى. خەلقىمىز ئىچىدە ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئۆزىنى كۆرمىسىمۇ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا بەرگەن ناھايىتى ياخشى باھاسىنى ئاڭلىدىم. ئوسمانجان ساۋۇت ھەقىقەتەن شۇنىڭغا مۇناسىپ. مەن بۇرادىرىمىز ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يارىتىشىغا تىلەكداشمەن.



**مۇھەممەت پولات:** مېنىڭ ئوسمانجان ساۋۇت توغرىسىدا يازغان ماقالىلىرىمنى ئەسلىسەم 6 ـ 7 پارچە بوپتۇ. بۇ باشقا نەرسىدىن ئەمەس، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ بىر كىتابخانى بولغانلىقىمنىڭ ئىپادىسى. ئوسمانجانغا ئوخشاش ئۆزىگە خاس ئاھاڭى بار، ئۆزىگە خاس رېڭى بار شائىر ئىنتايىن ئاز. ئوسمانجان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان شائىرلارنىڭ بىرى. مەن ئوسمانجاننىڭ شېئىرلىرىنى ئىزچىل ئوقۇپ كەلدىم. ئوسمانجان قانچە كۆپ يازغانسېرى شۇنچە پارلاۋاتىدۇ. بەزى شائىرلار 50 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن ھېسسىياتى سۇسلايدىغان ئەھۋاللار كۆپ. ئوسمانجان ياشانغانسېرى ئۆزى شاشلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، شېئىرى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ (كۈلكە). بۇنداق شائىر ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ، بۇ بىر ئالاھىدە ھادىسە. ئوسمانجان بۇنىڭدىن كېيىن، 80 ـ يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى دۇنياسىغا

قايتىسا كىتابخانىلارنى يەنە بىر قېتىم بەدىئىي ئالەمگە باشلاپ كىرەلەيدۇ.



**ئابدۇرېھىم ئابدۇللا:** مەن ئوسمانجان ئاكام بىلەن چاقچاقلىشىپ، قويۇق ئارىلىشىپ يۈرگەن بىلەن بۇنداق بىر سورۇندا روبىرو ئولتۇرغان ئەمەس. ئوسمانجان ئاكام ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن يۈكسەك بىر تۆھپە ياراتقان ئادەم. بىر چاغدا مېنىڭ مۇساجان روزىنىڭ بىر ئۇنىئالغۇ لېنتىسىغا يازغان كىرىش سۆزۈمدە «ھازىرقى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە دۇتار دېسە مۇساجان روزى، مۇساجان روزى دېسە دۇتار ئېسىگە كېلىدۇ» دېگەن بىر سۆز بار ئىدى. ھازىرقى مۇشۇ دەۋرىمىزدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە شېئىر دېسە ئوسمانجان، ئوسمانجان ساۋۇت دېسە شېئىر ئەسكە چۈشىدۇ دېمەك، ئوسمانجاننىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئورنى مۇشۇنچىلىك. ئەمدى ئوسمانجان ئاكامنىڭ ئادىمىيلىكى ھەققىدە كۆپرەك توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بابا ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئاكا ناھايىتى ياخشى تەرىپلىدى. شائىر بولماق، يازغۇچى بولماق، ئالىم بولماق ئاسان گەپ بولغان بىلەن ئادەم بولماق بەك تەس. ئالدى بىلەن ئادەم بولۇڭ، ئاندىن نېمە بولسىڭىز مەيلى. مەن ئوسمانجان بىلەن 20 يىلدىن بېرى ئارىلىشىپ كېلىۋاتىمەن. مېنىڭچە، ئوسمانجان ئاكامنىڭ ھاياتىدا، تۇرمۇشىدا، يۈرۈش - تۇرۇشىدا مەن ئەمەس ھەتتا ئوسمانجان ئاكامنى يامان كۆرىدىغان كىشىلەرمۇ بىرەر نۇقسان تاپالمايدۇ. ئارقىسىدىن تېخى غەيۋەت - شىكايەت ئاڭلىمىدۇق، سورۇنلاردا كۈلكە - چاقچاق ئارىسىدا شاڭخۇغا قالغان يېرىنى بىلمەيمىز. ئوسمانجان ئاكام ناھايىتى كەڭ قورساق، ھاياتنى، تۇرمۇشنى، دوستلىرىنى بەك قەدىرلەيدۇ، دوستلىرىغا ئىشىنىدۇ. ئوسمانجان ئاكامنىڭ كەڭ قورساقلىقى مۇشۇ تەھرىرلىكتە ئىسپاتلىنىدۇ. بەزى تەھرىرلىرىمىز باشقىلارنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئەسەرلىرىنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەپ، ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتىدۇ، خۇددى ئۆزى يازغان ئەسەردەك بۇزۇپ قويىدىغان ئەھۋاللار جىق. ئوسمانجان ئاكام ئالدىغا كەلگەن ئەسەرلەرنى ئامال بار قەلەم تەگكۈزمەي، باشقىلارنىڭ ئەسىرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا تەھرىرلەيدۇ.



**خۇدابەردى ئابدۇللا:** دۇنيادا ماختاشنى خالىمايدىغان ئادەم يوق. ماختاش دېگەن ناھايىتى يېقىملىق نەرسە. لېكىن تەنقىد باشقىچە. بۇلتۇر مەن ئوسمانجان توغرىسىدا بىر پارچە ماقالە يازدىم. ئەمما مەتبۇئاتقا بېرەيمۇ، بەرمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالدىم. بۇ يىل غەيرەتكە كېلىپ بۇ ماقالىنى گېزىتتە ئېلان قىلدىم. ماقالە ئېلان قىلىش ئالدىدا تەھرىرلەر كۆرۈپ، ماڭا «سىلىنىڭ بەزى تىكەنلىك گەپلىرى بار ئىكەن. ئوسمانجاننىڭ تەسىرى چوڭ شائىر، ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىپ قالارمىكىن» دېدى. مەن: «ئوسمانجان 40 يىللىق شائىر، مېنىڭ بۇ ئىككى ئېغىز گېپىم بىلەن ئوسمانجاننىڭ ئابرۇيى چۈشۈپ كېتىدىغان بولسا ئۇ شائىر بولماي قالىدۇ. تەنقىدتىن قابىلىيەتسىز ئەدىب قورقىدۇ. ئەگەر ئۆزىگە ئىشەنچىسى بار ئادەم بولسا قورقمايدۇ» دېدىم. ئۇلار «ئۇنداقتا ماقالىنى ئوسمانجانغا كۆرسىتىپ كەلسىلە» دېدى. مەن «ئۇنداق قىلمايمەن» دېدىم. ئاخىرى ماقالە ئېلان قىلىندى. بەزىلەر ماڭا «ماقالە چىققاندىن كېيىن ئوسمانجان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى قانداق؟» دېدى. «مۇناسىۋىتىمىز قانداق بولىدۇ بۇرۇنقىدەك تۇرىدۇ» دېسەم، «ئوسمانجاننىڭ پوزىتسىيىسى قانداق» دەيدۇ. «ئوسمانجان تۆھمەت قىلمىغان بولساڭلا بولىدى» دېدى دېدىم. ئەدەبىيات ساھەسىدە ماختاشلا بولۇپ تەنقىد قىلىنىشمۇ بولمىسا بولمايدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ يېتەرسىز

تەرەپلىرى بولىدۇ. بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىن چىققان گەپلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئوسمانجانمۇ قوبۇل قىلدى. بۇ ئوسمانجاننىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تېيىپجىنىڭكام دېگەندەك: «سەن ماختاشقا كۆندۈڭ، ئەمدى خەلقنىڭ تەنقىدىگە كۆنسەڭ ئىككىسى بىرلەشسە پۈتۈن ئادەم بولىسەن». ئوسمانجاننىڭ مۇكەممەللىكى، كەڭ قورساقلىقى مۇشۇ تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.



**ماخمۇتجان ئىسلام:** شائىر ئوسمانجان ساۋۇت شېئىر خۇمار خەلقىمىزگە مول مېۋە بېرىۋاتقان، خەلقىمىزنىڭ ئالقىش، ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن شائىر. ئۇنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ»، «تاڭ لىرىكىلىرى»، «تارىم شاماللىرى»، «تۈن تىۋىشلىرى»، «تاڭلار بىلەن سۆزلىشىش» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «ۋەتىنىم سۈت بەردىڭ ھالال ۋە ئاپئاق»، «توزان قەسىدىسى»، «ياڭرا ئەجەم»، «يىلتىز ۋە يوپۇرماق»، «شائىر خاتىرىسىگە»، «دېھقان ئاتا»، «يۇلتۇزلار» دېگەندەك نۇرغۇن شېئىرى ۋە «تاڭ لىرىكىلىرى» ناملىق توپلىمى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە لىرىكا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تېما دائىرىسى كەڭ، پەلسەپۋى پىكىر چوڭقۇر، ھېسسىيات قايناق ۋە ئويناق، قۇرۇلما پۇختا، تىل رەڭدار ۋە راۋان، تۇراق ۋە قاپىيىلەر تولۇق دەپ يەكۈنلەش مۇمكىن.

«شېئىرىيەت، — دەيدۇ شائىر ئوسمانجان ساۋۇت، — ئەڭ يۈكسەك سەنئەت. ھايات — شېئىر دېمەكتۇر. جەمئىيەت، تەبىئەت، ئىنسان قەلبى شېئىر بىلەن تولغان. پەقەت ئۇنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆز، ھېس قىلالايدىغان ئويتلۇق قەلب، ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان چاقناق پاراسەت بولغاندىلا، جەمئىيەت، تەبىئەتتىكى ھەر بىر شەيئى، ھەر بىر ھەرىكەت، ھەر بىر رەڭ، ھەر بىر ئۈن شائىرنىڭ ئەڭ ياخشى شېئىرىغا ئايلىنالايدۇ». شۇڭا ئوسمانجاننىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئاددىي نەرسىلەرمۇ شائىرنىڭ كۆزىدىن قېچىپ كېتەلمىگەن. بىزنىڭ بۇ سۆزىمىزنى شائىرنىڭ «قاشلىق بۇلبۇلغا»، «قارلىغاچ ۋە قىزىم»، «قورۇق تام»، «كەچۈرگىن مېنى سەن، ئالا بوينىقىم» دېگەن شېئىرلىرى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

شائىر «ئەۋلىيا»، «پەيغەمبەر» ئەمەس، لېكىن ئۇ ئىزدەنسىلا جەمئىيەت ۋە تەبىئەت دۇنياسى، ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى نەرسىلەرنى باشقىلاردىن بۇرۇنراق بايقايدۇ ۋە ئۇنى شائىرانە كۆز بىلەن كۆزىتىپ، خاسلىقىغا ئىگە ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ، جۇشقۇن ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇپ، شېئىرغا ئايلاندۇرىدۇ. ئوسمانجان مانا شۇنداق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى يېڭى ۋە مەززىلىك تۇيۇلىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئوسمانجان شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدىغان تېما. ئۇ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ»، «يۈرىكىم — سېنىڭ قېپىڭ»، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق»، «توزان قەسىدىسى» دېگەندەك زور بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى خىلمۇخىل نۇقتىلاردىن كۈيلىگەندى. «كەچۈرگىن مېنى سەن، ئالا بوينىقىم»دا بولسا ھېچ كىشىنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان نۇقتىدىن كۈيلىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، شېئىر ئۆزىنىڭ پۈتۈن تىندىنسىيە، پىكىرلىرى بىلەن دەۋرگىلا ئەمەس، تارىخقا، مىللەتكىلا ئەمەس، ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ.

پەلسەپۋى مەزمۇن، پىكىر شېئىرغا جان ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پەلسەپۋى مەزمۇن، پىكىر قانچە چوڭقۇر، كىشىنى ئويلاندۇرالايدىغان، قايىل قىلالايدىغان دەرىجىدە بولسا، شېئىرنىڭ جېنى شۇنچە چىڭ بولىدۇ. گەپ بەزىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك «ئۆلمەس

تىمىلاردا يېزىش» تا ئەمەس، بەلكى شېئىرنى ئۆلمەس قىلىپ يېزىشتا. ئوسمانجاننىڭ «بۇ مېنىڭ مەھەللەم»، «دالا ناخشىسى»، «تاشنى تېشەر نىگاھ بىلەن ياشايمەن»، «قار باسقان داللار، قار باسقان يوللار» قاتارلىق شېئىرلىرى ئەنە شۇنداق شېئىرلاردۇر. ئۇلاردا تەسۋىرلىنىۋاتقىنى بىز كۈندە دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرىدىغان تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى، ئەمما ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقىنى ھەقىقەت دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن، تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان پەلسەپىۋى پىكىرلەردۇر.

قايناق ھېسسىيات شېئىرغا قانات بېغىشلايدۇ. ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى، ئەدەبىي تەنقىدچىلەر شېئىر توغرىسىدا گەپ بولسىلا شېئىردا لىرىك ئوبراز يارىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سۆزلەيدۇ. دېمەك، لاچىن ئۆز قانىتى بىلەن كۈچلۈك بولغىنىدەك، شېئىرمۇ قەلب چوڭقۇرىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغان چىن ھېسسىيات بىلەنلا ھەقىقىي شېئىر بولالايدۇ. ئەمما ھېسسىيات زورۇقۇپ ۋارقىراش ئەمەس، مۇبالىغىمۇ ئەمەس، بەلكى شائىرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەردىن ئالغان تەسىراتىنىڭ تەبىئىي ئۇرغۇپ چىقىشىدۇر. بىز ئوسمانجاننىڭ لىرىكىلىرىنى ئوقۇساق، ئۇلاردا چىن ھېسسىياتنىڭ گويا يامغۇردىن كېيىنكى گۈل بەرگىلىرىدە يالتىراپ تۇرغان تامچىلاردەك چاقنايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

شائىر ئوسمانجان شېئىرلىرىدا، شېئىر توغرىسىدىكى ئومۇمىي قائىدە - پرىنسىپلارغا، مەسىلەن، شېئىرىي تىل ئىشلىتىش، شېئىرىي شەكىل، شېئىرىي جۈملە تۈزۈش، تۇراق، قاپىيە، رىتىم گۈزەللىكى، ئۆزئارا ئاھاڭدارلىق قاتارلىقلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ.

مەلۇمكى، تىل - ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئېلېمېنتى. گۈزەل، نازۇك ھېس - تۇيغۇلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئەڭ نازۇك جايلىرىغىچە ئىپادە قىلالايدىغان، پىشقان، ئوبرازلىق تىل شېئىرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ. سۆزنى تاللاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە سۆز بولغاندا، فرانسۇز يازغۇچىسى فلوبېر مۇنداق دېگەنىدى: «بىز ئىپادىلىمەكچى بولغان نەرسىلەرنى پەقەت بىردىنبىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن پەقەت بىردىنبىر پېئىللا كېرەك. ئۇنىڭ خاراكتېرىنى سۈرەتلەش ئۈچۈنمۇ پەقەت بىردىنبىر سۈپەتلا كېرەك. بىز ئەنە شۇ بىردىنبىر سۆز، بىردىنبىر پېئىل، بىردىنبىر سۈپەتنى تاكى ئۇلار تېپىلغۇچە ئىزدىشىمىز كېرەك. ئىزدىگەندىمۇ يېقىنراق كېلىدىغان سۆزنى بايقاش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماسلىقىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ قىيىن ئىشكەن دەپ بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز كېرەك.» شائىر ئوسمانجان دائىم مانا شۇ «بىردىنبىر» سۆز، پېئىل، سۈپەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ئۇ تىلنىڭ گۈزەل، جانلىق، ئېنىق بولۇشىنى كۆزلەيدۇ، سۆز تاللايدۇ، سۆزنى تاۋلايدۇ، ئەمما جانلىق تىلدىمۇ، ئەدەبىي تىلدىمۇ يوق سۆزلەرنى تېرىۋېلىش كويىدا بولمايدۇ. ئادەم ئۇنىڭ ھەر بىر شېئىرىنى ئوقۇغاندا كەم دېگەندىمۇ بىر - ئىككى يېڭى سۆزنى ئۇچرىتىدۇ.

ئوسمانجاننىڭ بەزى شېئىرلىرىدا، ماۋزۇ بولغان مىسرا كۆپ قېتىم، ھەر بىر كۇپلېتتا بىر دېگۈدەك تەكرارلىنىدۇ. بۇنداق تەكرارلاش مەزمۇننى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تولۇقلاش لىرىكىچانلىقنى قويۇقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان.

شېئىردا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئىجادىي پايدىلىنىش ئىنتايىن مۇھىم. ئوخشىتىشلار، جانلاندۇرۇشلار، كېسىم - سۆزلەر يېڭى بولۇشى كېرەك، بالزاك: «قىزنى تۇنجى قېتىم گۈلگە ئوخشاتقان ئادەم دانىشمەن، ئىككىنچى قېتىم گۈلگە ئوخشاتقان ئادەم ئەخمەق» دېگەنىدى. دېمەك، شائىر باشقىلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئىشلىتىلگەن نەرسىلەرنى تەكرارلىماسلىقى كېرەك. ئوسمانجان بۇ نۇقتىدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغان. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى بەزى سىمۋولىستىك ۋاستىلەر، سۈپەتلەش، جانلاندۇرۇش سۆزلىرى دەسلەپ ئادەمگە

غەلىتىرەك، مەنتىقىغە سىغمايدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنى پەقەت سوغۇققانلىق بىلەن مۇلاھىزە قىلغان، شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرى بىلەن دەڭسەپ كۆرگەندىلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.



**تەلئەت ئىبراھىم تىلەك:** مەن شائىر ئەمەس، تەرجىمان. ئەمما خەلقىمىز ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشقا ھەۋەس قىلىمەن. مەن ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىر توپلىمىنى ئوقۇش ئارقىلىق چوڭقۇر بىر مۇھەببەت بىلەن بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلدىم. ئوسمانجان ساۋۇت ئاكىنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىش داۋامىدا، مەندە ئەدەبىياتىمىزغا نىسبەتەن شېئىرىيەتتە ھەقىقەتەن ئۈمىد زور كەن دېگەن بىر تەسىرات پەيدا بولدى. ئۆتكەن يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» نىڭ 9 - سانىغا ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئىككى پارچە شېئىرى بىلەن ئۆزۈم يازغان «ئوسمانجان ساۋۇت ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى» دېگەن ماقالەم ئېلان قىلىندى. ئۇزۇن بولمايلا ئۇلاردىن ئىككى - ئۈچ قېتىم تېلېفون كەلدى، «بىزگە خەلقىڭلارنىڭ مانا مۇشۇنداق شېئىرلىرى، مۇشۇنداق شائىرلىرى كېرەك. مۇشۇنداق شېئىرلار بولسا قانچە تەرجىمە قىلساڭلار بىز باسىمىز». دېمەك، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئوسمانجان ساۋۇت بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتىن بولسۇن، كىشىلىك دۇنيا قاراش جەھەتتىن بولسۇن، پەزىلەت جەھەتتىن بولسۇن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئۈلگىسى بولالايدىكەن. ئوسمانجان ساۋۇت ئانا تىلدىن باشقا قازاق تىلى، خەنزۇ تىلىنى ياخشى بىلىدۇ. بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر ئامىل. بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر يازغۇچى - شائىرلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا تىل بىر ئادەمنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆلچەم قىلمايدۇ. بۇ بىر ۋاستە. بۇ ۋاستە ئارقىلىق دۇنيانى چۈشىنەلەيدۇ. تىل بىلەن ئەدىبنىڭ تەپەككۇرى ناھايىتى مول، پىكىر يۈرگۈزۈش يولىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئەگەر بىر شائىرنىڭ ئۆزى بېجىرىم، دۇرۇس بولماي تۇرۇپ يازغان شېئىرلىرى ناھايىتى ياخشى دېيسە، جەمئىيەت ئېتىراپ قىلمايدىغان بولىدۇ.

ھازىر شېئىرىيەت بازىرى كاسات، خەنزۇلارنىڭمۇ شۇنداق، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭمۇ شۇنداق. لېكىن ياخشى شېئىرلار بولسا ئاز بولغان بىلەن ياخشى تەسىر پەيدا قىلىپ كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرىۋاتىدۇ. بىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسى بولغاندىكىن، ئومۇمىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ شەيئىلەرگە قاراش، ئانالىز قىلىش ، تەھلىل يۈرگۈزۈش لازىمكەن. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، بىز دېھقان شائىر بولۇپ قالساق ياكى بىر مەھەللە شائىرى بولۇپ قالساق بۇ مىللەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى، روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەش تازا ياخشى بولماسمىكىن دېگەن بىر خىل قاراش مەندە پەيدا بولدى. دېمەكچى بولغىنىم، بىز تىل ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ. خەنزۇ ئەدەبىياتىدىن، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن ئۇلارنىڭ بىزگە پايدىلىق ئوزۇقىنى ئالمىساق بولمايدۇ. مېنىڭچە، ئوسمانجان ساۋۇت بۇ جەھەتتە خېلى مۇكەممەل، خېلى بۇرۇنلا ساۋاق ئالغانىكەن دەپ قارايمەن. بۇنىڭدىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئەتىۋارلىق شائىرلىرى يەنە داۋاملىق ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش، بۇنىڭدىن تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆگەنمىسە، دۇنياغا يۈزلەنمىسە بولمايدۇ.



**چىمەنگۈل ئاۋۇت:** مەن خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئۈرۈمچىگە ئۆگىنىشكە كەلگەن. مۇشۇنداق خاسىيەتلىك مىنۇتلاردا ئۇستازلار بىلەن، دوستلار بىلەن دەرقەمدە ئولتۇرۇپتىمەن. بۇ قېتىمقى سەيرىم شۇنداق تاسادىپىي، شۇنداق كۆڭۈللۈك ھەم ئەھمىيەتلىك ئۆتتى.

ئۆگىنىشمۇ تۈگىگىلى ئىككى كۈن بولدى. مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇستازلار بىلەن كۆرۈشەي، شۇنداقلا ئوسمانجان ئاكامغا كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى قىلاي دېگەن نىيەت بىلەن ساقلاپ قالدىم. ئەسلى مۇشۇنداق ھۆرمەتلىك ئۇستازلارنىڭ ئالدىدا، دوستلارنىڭ ئالدىدا ئاتىكاچىلىق قىلمىسام بولاتتى، لېكىن بۇ يەردىمۇ كېيىنكىلەرنىڭ ھەققى بار دېگەندەك گەپ قىلاي دەپ قالدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە ئوسمانجان ئاكام خىزىر سۈپەت ئاتىسى ھەم پەرىشتە سۈپەت ئانىسىدىن تۇغۇلغاندىن بۇيان بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ ئۆزى ھەققىدە تەبىئەت. دۇنياسىغا سۆزلەپ كېلىۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدۇ. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ ئارىسىدا ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىدىكى بەزىبىر ئاجىزلىقلار بىلەن تالانتىنى ئىنكار قىلىدىغان، ئەسەرلىرىدىكى بەزىبىر تەپسىلاتلار بىلەن ئىنسانىي پەزىلىتىگە باھا بېرىدىغان كەمتۈكلۈكلەر ھەقىقەتەن مەۋجۇت. لېكىن مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان دوستلار ھەم ئۇستازلىرىمىزنىڭ ئۇلاردىن بىردىنبىر پەرقلىنىدىغىنىمىز بىز ئوسمانجان ئاكامنى شېئىر بىلەن ئەمەس، ئادىمىيلىكى بىلەنمۇ چۈشىنىمىز ھەم بىلىمىز. مۇشۇ قەلەمكەشلەرنىڭ ئارىسىدا ئوسمانجان ئاكامنىڭ نەشردىن چىققان 4 ـ 5 پارچە كىتابىنى ئوقۇمىغان بولسىمۇ لېكىن تاسادىپىي بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىملىق ئۇچرىشىشنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ كەتمەي ئۆتۈۋاتقان دوستلىرىمىز بار. مەنمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا. مەن ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا تۇنجى قېتىم ئوسمانجان ئاكامغا ئەسەرلىرىمنى ئەۋەتتىم. ئەۋەتسەم شۇ ئەسەرلەرنى كۆرۈپ ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن ماڭا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ. ئۇ خەتتە ماڭا شۇنداق بىر سۆزنى سوۋغا قىپتۇ: «سىڭلىم، سىز سەنئەتتىكى ئۆزىڭىزنى ئەمەس، ئۆزىڭىزدىكى سەنئەتنى قەدىرلەڭ»... مەن مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگىچە ئوسمانجان ئاكامنى بىلىدىغان ھەم مېنى ئاز ـ تولا چۈشىنىدىغان دوستلىرىمنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ سۆزنى سوۋغا قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئوسمانجان ئاكام ئەزەلدىن مەيلى ئەمدى قولىغا قەلەم ئالغان ھەۋەسكارلار بولسۇن ياكى قەلىمى پىشقان يازغۇچىلار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچىمۇ ئوسمانجان ئاكام ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئورنى ھەم ئادىمىيلىك پەزىلىتى سۈپىتىدىن بولسۇن ھېچكىم ئورنىنى باسالمايدىغان بىر ئادەم. شۇڭا مەن ھازىر ئۆزۈم شەخسىي نامىمدىن ھەم قەشقەردىكى ئوسمانجان ئاكامنى بىلىدىغان، چۈشىنىدىغان، سېغىنىدىغان قەلەمكەشلەر نامىدىن ئوسمانجان ئاكامغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن، ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمدى مۇھەممەت پولاتكامدەك، ئەنۋەركامدەك ئوبزورچىلىرىمىز، ئادىل تۇنىيازدەك، ئابدۇقادىر جالالىدىندەك شائىرلىرىمىز بار يەردە ئوسمانجان ئاكامنىڭ شېئىرلىرى توغرۇلۇق ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم. ئەمدى ئوسمانجان ئاكام مېنىڭ ئۇستازىم بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر شائىر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ سورۇندا چوقۇم بىر شېئىري تۇيغۇدىن يىراقلىشىپ كەتمىسەك. ئوسمانجان ئاكامنى خۇش قىلغىلى بولىدۇ دەپ ئويلاپ نورۇزدا ئوسمانجان ئاكامغا ئاتاپ يازغان ئىككى كۇپلېت شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ قالدىم.

## يالغۇز قۇش

سەھەردە يىغلىغان بۇلبۇل تۆكەر ئىشقىڭنى گۈللەرگە،
ساداقەت زەنجىرى چۈشكەن يۈرەكىڭدىن ئۈنەر ئەپغان.
قىلىچىنىڭ بىسىغا قونغان مىسالى ئۆزگە بىر قۇشسەن،
كۆيۈكۈڭنىڭ قىسمىتى جاندىن غېرىبلىقنى قىلار يەكسان.

تەبىئەتنىڭ قىياسىنى يۇغۇرساڭ مەي بولۇر سەندە،
بولۇر زاھىر ئارامىڭغا مېھىر دەشتىدە بۇك ئورمان.
زىكىر قىلساڭ ھۇزۇرىڭدا ناۋائى يالمىغان ئوتنى،
«كۆيۈك تاغلار» يېرىلغايمۇ بۇنى بىلمەيدۇ ھېچ ئىنسان.



**ئالىم نىياز:** ئوسمانجاننىڭ سۆزىمۇ، ھەرىكىتىمۇ بىر شېئىر. شېئىر بولغاندىمۇ گۈزەل شېئىر. بابا مۇھەممەت پولات ئېيتقاندەك ئوسمانجان ناھايىتى تالانتلىق شائىر، شۇڭا مەن ئوسمانجاننىڭ شېئىرلىرىكى گۈزەللىك ھەققىدە بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلەي.

«تۈن تىۋىشلىرى» نى ئوقۇپ تۇرىمەن، ئەمما ئۇ شېئىرنىڭ قۇدرەت سېھرىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. چۈنكى ئۇنىڭدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان سىرلىق، ئۆزگىچە ۋە گۈزەل ئالەملەرنى كۆرىمەن. بۇ ئالەملەرنىڭ تاغ - دەريالىرى، ئېتىز - سەھرالىرى، ئادەملەرنىڭ ئۆز ھەلەكچىلىكى، بەخت - سائادىتى، تەقدىر - قىسمەتلىرىنىڭ گىرەلىشىپ كېتىشى، ئالدىن كۆرەرلىكى ئۆزئارا ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن قائىدىگە، ھېسسىيات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كېلىش جەھەتتىن ئېرىشكەن نەتىجىلىرى كىشىنى ھەققەتەن قايىل قىلىدۇ. شۇنداقلا شېئىرنىڭ ئىدىيە قاتلىمى ئىنسان روھىنىڭ ئىنكاسى، ھاياتنىڭ ھەرىكىتى، قەلبىدىكى زىددىيەت ئىچىدىلا يېڭىلىنىپ بارغانچىمىكىن ئادەملەرنىڭ پىسخىكىسىدىكى ئۆزىنى كەمسىندۇرۇش، ئۈمىدسىزلىنىش ۋە كونا ياكى ۋاقتى ئۆتكەن ئەقىدىلەرگە ئىشىنىش قاتارلىق روھىي يوقلۇق بىلەن مەنىۋى چۈشكۈنلۈكنى تاشلىۋېتىشكە جاسارەت ۋە غەيرەت ئاتا قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ شېئىردا ھېچقانداق مۈجمەللىك يوق.

ئۇ شۇنداق بولغاچقىمىكىن، قەلبىمنى كۈچلۈك ئىلھام ۋە سېھرىي كۈچ بىلەن ئاجايىپ زوق - شوق ئىچىدىكى زىلزىلىگە سالىدۇ - دە، ماڭا يېڭى ئەقىل، يېڭى قۇۋۋەت ۋە روھىي ئوزۇق ئاتا قىلىدۇ. بۇ زامان ۋە ماكاننىڭ قېنى قويۇلغان خىيال چىنلىقىمىكىن ياكى ئىشتىياق ھۇزۇرىمىكىن!؟

مەن ھەمىشە ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدىن لەززەتلىنىش ئىشتىياقىغا چۈمۈلۈپ كېتىمەن. ئۆزۈمنىڭ رەڭدار كەچمىشلىرىم كۆزۈمنى ھالسىرىتىپ قويىدۇ. پىكىرلىرىم چاڭ - توزانلار ئارىسىدىن چىقىپ كۆڭلىرىم ۋە تۈنلىرىمنىڭ ئاچچىق ئۆكۈنۈشلىرىنى، غەزەپلىك ۋايساشلىرىنى يېڭىدۇ. ئۇنىڭ غايىۋى چاقناش ھاسىل قىلغان نۇر دولقۇنلىرى تىلسىملانغان شاماللار ئىچىگە بۆسۈپ كىرىدۇ.

«تۈن تىۋىشلىرى» نى ئوقۇپ بېرەيمۇ؟ ئۇنىڭ ئاۋازى نېمىدېگەن يېقىملىق - ھە! مانا، مەن ئارمان گۈللىگەن قىياغا چىقتىم...! «گىرىمسەننى جۇل - جۇل قىلدى چېقىن روھلىرىم» ئېھ، مېنىمۇ، سېنىمۇ پەپىلەپ ئۆستۈرگەن بۇزرۇكۋار زېمىنىم...! «بەلكى ئۇ ھۆر، بەلكى ئۇ نۇر، بەلكى ئۇ ئانا»

مەن مۇشۇ پىكىرلەر بىلەن بەنتلەندىم. بىردەم يېقىندىن، بىردەم يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ياڭراق تىۋىشنى قەلب قەلئەيىمگە سولاپ قويدۇم.

ئۇ چاغدا، ئاياغلىرىڭدىن توپا توزىتىپ ماڭغان يۈرۈشلىرىڭدە غەپلەت باسقان قاراڭغۇ كېچىنى ئاجايىپ لەرزىگە سېلىۋەتكەنلىكى ماڭا تۈگىمەس ئىلھام ۋە جاسارەت ئاتا قىلغان ئەمەسمىدى!...



**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** مەن 80 - يىللاردا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن باشلاپ ئوسمانجان ئاكامنىڭ شېئىرلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. ئوسمانجان ئاكام بىلەن دەۋرداش بولغان بوغدا ئابدۇللا، قۇربان بارات، ئارسلان قاتارلىق قۇرداش، زاماندىش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىزگە شېئىرنىڭ تەمىنى تېتىتقان. ئوسمانجان ئاكام ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا بىزنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا شېئىرىيەت قەدىمىمىزگە تەسىر كۆرسەتكەن ئۇستاز سۈپىتىدە بىزگە ئىلھام بەخش ئەتكەن مۇھىم ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرسى. ھازىرغىچە بولغان مۇشۇ جەرياندا ئەدەبىياتىمىزدا بىرقانچە خىل مەزمۇننى ئاساس قىلغان بىرقانچە تۈركۈم ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى

بوپتۇ. ھەرقانداق ئويغىنىش تارىختا شېئىرىيەتتىن باشلانغان. مېنىڭچە، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچ خىل ئويغىنىش بولدى دەپ قارايمەن. بىرى، شېئىرىيەت ئويغىنىشى؛ ئىككىنچىسى، پروزا جەھەتتىكى ئويغىنىش ۋە 90 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى تەپەككۇر ئويغىنىشى. شېئىرىيەت ئويغىنىشى دېگەندە مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى شېئىرنىڭ قېلىپلىشىشى، شوئارۋازلىق قاتارلىق ئاجىزلىقىغا زەربە بەرگەن ۋە شېئىرىيەتنى يېڭى بىر ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش جەھەتتە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان ئاپتورلىرىمىزنىڭ بىرسى مانا مۇشۇ ئوسمانجان ئاكام دەپ ھېسابلايمەن. يەنە 80 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە يەنە بىر تۈركۈم ياش شائىرلار پەيدا بولۇپ ئوسمانجان ئاكاملار باشلىغان شېئىرىيەتنىڭ ئەۋجى بىلەن شېئىرىيەتنى يەنە بىر قېتىملىق بىر خىل يېڭىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭدىن كېيىن پروزا باشلاندى. پروزىمۇ مەلۇم بىر كۆلەم بويىچە تەرەققىي قىلدى ھەم مەلۇم چوڭقۇرلۇققا يۈزلەندى. 90 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلاردا ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەۋجۇتلۇقى، تارىخىي مەۋجۇتلۇقى، بەدىئىي مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۆزىگە بىرقەدەر پەلسەپىۋى قىممەت نۇقتىئىنەزىرىدىن باھا بېرىشكە باشلىغان ماقالىلەر ۋە ئەسەرلەر يېزىلىشقا باشلىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ 20 يىل ۋاقىت جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن مۇشۇ ئويغىنىش مەزگىلىدە ئوسمانجان ئاكامنىڭ تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمەن. شۇ جەرياندا ماقالىلەر يېزىلدى، بولۇپمۇ «ئالمىدەك يۇرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» دېگەن شېئىر ھەققىدە نۇرغۇن تالاش - تارتىشلار بولدى. بولۇپمۇ شېئىر فورماللوگىيە بويىچە يېزىلىش كېرەكمۇ ياكى بولمىسا شائىر بەدىئىي تەپەككۇر بويىچە فورماللوگىكىنىڭ تەلەپلىرىنى بۇزۇش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىنى چۆرىدىگەن بولدى. ئاخىرقى ھېسابتا مۇنازىرىنىڭ ئۆزىمۇ «شېئىر دېگەن ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر دۇنيا، شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئىچكى نازۇك دۇنياسى بولىدۇ. شۇڭا نازۇك دۇنيانى يازىمەن، يارىتىمەن دەيدىكەن چوقۇم فورماللوگىكىنىڭ قېلىپىدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىش كېرەك» دەپ فورماللوگىكىنىڭ قېلىپىنى ئاخىر بۆسۈپ چىققان بولدى. شۇنىڭ بىلەن شېئىرىيەت ھەقىقىي شېئىرغا ئوخشايدىغان بىر خىل ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئوسمانجان ئاكام ئەينى ۋاقىتتا شۇ خىل تەسىرنى بەردى، كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ ئىزچىل تۈردە شېئىرىيەت ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ باردى ھەم قەلەمنى ئىزچىل تاشلىماي كەلدى. ئوسمانجان ئاكامنىڭ يەنە بىر پەزىلىتى شېئىرىيەتتىن ياكى پروزىدىن بىرنېمە يېزىپ ئاخىرقى ھېسابتا قازانغان شۆھرەتنى كۆزۈر قىلىپ تۇرۇپ ئەدەبىياتنى ساتىدىغان بۇ خىل ئىشنى قىلمىدى. ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ شائىرلىق سالاھىيىتىگە ماس ھالدا ئەدەبىياتنىڭ غورۇرىنى، ۋىجدانىنى كىشىلەرگە ھەمىشە تەكىتلەپ كەلدى ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ كەلدى دەپ قارايمەن. ئىككىنچىدىن، ئوسمانجان ئاكامنىڭ شېئىرلىرىدا تىل جەھەتتىن بىر خىل ئىزدىنىش بار دەپ قارايمەن. بەزىدە ئوسمانجان شېئىرلىرىدا قازاقچە تىللارنى ئارىلاشتۇرىدۇ دېگەن گەپلەرمۇ بولۇندى. مېنىڭچە، قازاقچە تىلدىن ئېلىنغان سۆزلەرنىڭ ئۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان سۆزلەر. ئوسمانجان ئاكامنىڭ قېرىنداش مىللەتلەردىن بولغان قازاق شېئىرىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن. قازاق ئاپتورلار بىلەن ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى جەھەتتە ئوسمانجان ئاكامنىڭ ئالغان رولى ئىنتايىن چوڭ دەپ قارايمەن. بىز ھازىر بىر مۇرەككەپ دەۋردە ياشاۋاتىمىز. مېنىڭ قارىشىمدا، شائىرلارمۇ، ئەدەبىياتچىلارمۇ بۇرۇنقى تارىختىكى ھەرقانداق بىر دەۋرگە قارىغاندا مىسلى كۆرۈلمىگەن كىرىزىسكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. مەيلى مەدەنىيەت جەھەتتىن

بولسۇن، مەيلى ئىجتىمائىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى شائىرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئىقتىسادىي كاپالىتى جەھەتتىن بولسۇن، ھەر جەھەتتىن ئەدەبىياتچىلار ناھايىتى جىددىي بىر سىناققا دۇچ كېلىۋاتىمىز. چوڭ دائىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەلقئارادا مەدەنىيەت، ئىقتىسادنىڭ ئۆزى يەرشارىلاشقاندىكىن، ئىنتېرنېت تور ئالاقىلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ غەيرىي بىر مەدەنىيەتنىڭ بىزنىڭ رايىمىزغا ئېقىپ كىرىشى ناھايىتى تېز بولۇۋاتىدۇ. ياشلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشى، ئۇنىڭغا بولغان ئىنكاسمۇ ناھايىتى روشەن بولۇۋاتىدۇ. دۆلىتىمىز خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىردى. شۇنداق بولغاندىكىن سىرتنىڭ تەسىرى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ كىرىشى مۇمكىن. ئۇچىنچىدىن، غەربىي رايوننى ئېچىش ئىستراتېگىيىسى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەتنىڭ شالغۇتلىشىش ئەھۋالى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا شائىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، شۇنداقلا مەدەنىيەتنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، باشقا بىر خىرىس قىلىۋاتقان كۆپ خىل مەدەنىيەت دولقۇنلىرىدا رىقابەت ھالىتىدە قويالىشى ئۈچۈن شائىرلارنىڭ تۇتقان ئورنى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ مۇھىم بولىدۇ. مېنىڭ قارىشىمدا، ئەدەبىياتىمىزدا سەپنىڭ كېڭىيىشى، بەدىئىي سۈپەتنىڭ ئېشىشىدىن ئىبارەت بىر نەتىجە قولغا كەلگەن بىلەن يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز، زىيالىيلىرىمىز سەل - پەل خەلقتىن يىراقلىشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. شۇنداق بولغاچقا خەلقنىڭ جەۋھەرلىك تەرەپلىرىدىن بىرئاز ئايرىلىش ئەھۋاللىرى بار. مانا بۇمۇ بىزگە يۈزلىنىۋاتقان خىرىسلارنىڭ بىرى. بۇنىڭدىن كېيىن شائىر بولماق تېخىمۇ تەس بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. نېمە ئۈچۈن دېگەندە ھازىر كىنو - تېلېۋىزىيە، ئىنتېرنېت ئومۇملىشىۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئەۋلادلىرىمىزنىڭ باشقا تىللارنى بىلىش دەرىجىسىمۇ كۈچىيىۋاتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنىڭ باشقا تىللاردىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئېھتىمالى ئىنتايىن كۈچلۈك. شۇڭا بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ كىتابخانلىرىمىزنى ئۆزىمىزگە خاس بىر خىل مىللىي ئېستېتىك مەيدان بويىچە باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويمايدىغان بىر خىل بۇرچىمىزمۇ بار بولۇشى كېرەك. بولمىسا ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقى يوقىلىپ كېتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز مەدەنىيەت توقۇنۇشى، مەدەنىيەت ئۇرۇشى يۈز بېرىۋاتقان يېڭى بىر ئېراغا قەدەم قويدۇق.



**غەيرەت ئابدۇراخمان:** ئوسمانجان ئاكامنىڭ شېئىرىي تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىش مۇمكىن. بىرى، ئوسمانجان ئاكام قەدىمكى تىللاردىن پايدىلىنىش، شۇ مىراسنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشتە كۆۋرۈك بولۇپ كەلدى. دەرۋەقە بەزىلەر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرلىرىدا قازاقچە ئاتالغۇلار كۆپ دېيىشتى. لېكىن مەن 92 - يىلىدىن باشلاپ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىندېكسىنى ئۆتكۈزۈش جەريانىدا بۇ دىۋاننى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم، شۇ جەرياندا قارىسام، بۇ تىللارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ تىلى. شۇ ۋاقىتتىكى تىللارنىڭ كۆپ قىسمى بىزنىڭ يايلاق مىللەتلىرىمىزدە ساقلىنىپ قالغان. ئەمدى بىز ئۆزىمىزدە بار قەدىمكى تىللارنى تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەبچە، پارسچە تىللارنى ئىشلەتتۇق. بۇ ئەمدى بىزنىڭ لۇغەت تەركىبىمىزگە كىرىپ كەتتى. ئۆزىمىزنىڭكىنى ئوسمانجان ئاكامغا ئوخشاش قۇتقۇزۇپ چىقىدىغان، ئۇنى شېئىرىي تىل قىلىپ قوللىنالايدىغان يازغۇچى - شائىرلىرىمىزدىن كۆپرەك بولغان بولسا بىز ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويمىغان بولاتتۇق. بۇ جەرياندا ئوسمانجان ئاكامنىڭ ئۇتۇقىنى ھەرقانداق بىر تىلشۇناس روياپقا چىقىرىپ باقمىدى. قازاقىستانلىق بىر شائىر، تىلشۇناس بار غوجاپ سۇلايمانوپ دېگەن. شۇنىڭ بىر گېپى ماڭا قاتتىق تەسىر

قىلدى. ئۇ «ئەدەبىيات كەسپىدىكى ياكى شائىرلىق كەسپىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىگە تىلشۇناسلىقتىن دەرس بەرگەن بولاتتىم، تىلشۇناسلىقتا ئوقۇۋاتقان بالىلارغا شائىرلىقتىن دەرس بەرگەن بولاتتىم. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار تىلنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، قانداق پەردە ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى» دېگەنىكەن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئوسمانجان ئاكام يالغۇز شائىرلا ئەمەس، بىر تىلشۇناس. ئۇنىڭدىن باشقا ئوسمانجان ئاكام يەرلىك دىئالېكتىك شىۋىلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ بىر ئاساسچىسى بولۇپ قالدى. ئوسمانجان ئاكامنىڭ تىل ئىشلىتىشىدە ئاتالغۇلار كومىتېتى ياساپ بەرگەن سۈنئىي سۆزدىن بىرىمۇ يوق. پۈتۈنلەي خەلق تىلى. شۇنىڭغا قاراپ ئوسمانجان ئاكام ھەر يىلى تىل تەكشۈرۈشكە چۈشىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن. يەنە بىرى، ئۇيغۇرچىدىكى نەق سۆز - ئاتالغۇلارنى شېئىرلىرىغا ياساپ كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن، ھازىرغىچە «غىڭشىق» دېگەن گەپنى ئىسىم ھالىتىدە ھېچقانداق بىر شائىر قوللىنىپ باقمىغان. بۇ ئوسمانجان ئاكامنىڭ شېئىرلىرىدا بار.

بىزدە «ئۈچ قىز چوڭ قىلغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئوسمانجان ئاكام بەش قىز چوڭ قىلىپ جەننەتنىڭ بېلىتىنى ئېلىپ بولغان ئادەم. لېكىن مەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىگە قاراپ بۇ ئادەمنىڭ يانچۇقىدا جەننەتنىڭ يەنە بىر پراۋىسى بار دەپ قارايمەن.

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** قوشۇمچە قىلىدىغىنىم، ئوسمانجان ئاكامنىڭ بىر تەرىپى شۇ ئۆزىگە ياققان، تەسىر كۆرسەتكەن ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆزى ھوزۇرلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇش جەھەتتىمۇ كۆپ كۈچ چىقارغان ئادەم. مەن مۇھەممەت پولاتكاملار ۋە ئوسمانجان ئاكاملارنىڭ سۆھبىتىگە جىق قاتناشقان. مېنىڭ قارىشىمچە، مېنىڭ رۇس ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇشۇم جەھەتتە ئۇلارنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن تەسىرى مېنىڭ باشتا كۆرگەن ھەرقانداق كىتابىمدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەپ قارايمەن. ھەرقانداق كەسپداشلار ئۆزىنىڭ كەسپىنىڭ گېپىنى قىلىدۇ. مەسىلەن، پۇشكىننىڭ شېئىرلىرىنى پولاتكامنىڭ دېكلاماتسىيىسىدىن ئەڭ ھوزۇرلىنىمەن. ئوسمانجان ئاكام مېنىڭ قارىشىمچە يېسېنىننى ئۆزىگە بەكرەك ئۇستاز تۇتقان ئادەم دەپ قارايمەن. مېنىڭ قارىشىمدا، ھەر بىر ئاپتوردا ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر خاراكتېر سۈپىتىدە باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان يارقىنلىق ئىپادىلىنىسە بۇ ئارقىلىقمۇ ئەتراپىتىكى ئادەملەرنىڭ تەربىيىلىنىشىگە تەسىرى بولىدۇ دەپ ئويلايمەن. ئاپتورلار بۇنىڭدىن كېيىن مەۋھۇم دەۋردىن مۇتەپەككۇرلۇق دەرىجىسىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشى كېرەك. بىرى، ئۆزى ياقتۇرغان نەرسىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىلمىي نەزەرىيىۋى تىل بىلەن دەپ بېرەلىشى ياكى بولمىسا تەرجىمە قىلىپ باشقىلارغا تونۇشتۇرۇپ بېرەلىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا بىز شائىرنىڭ كەڭلىكىمۇ بار بولىدۇ ھەم چوڭقۇرلۇقىمۇ بار بولىدۇ دەپ قارايمەن. ئوسمانجان ئاكام مۇشۇ جەھەتتىن بىزگە ئۈلگە تىكلىگەن ئادەم. ئوسمانجان ئاكامنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسىمۇ ئىنتايىن ياخشى، شېئىرلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەرجىمە قىلالايدۇ.



**ئوسمانجان ساۋۇت:** يۇقىرىدا كۆپچىلىك ماڭا نۇرغۇن ياخشى باھالارنى، پىكىرلەرنى بەردى. بۇ يۇقىرى باھالار مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىمگە بىر بۇيرۇق بولىدىكەن، دەپ ئويلايمەن. ئادەم ھاياجانلىنىپ تۇرغاندا نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالىدىكەن. بارلىق قەلەمكەش دوستلارنىڭ، ئىنىلارنىڭ، قېرىنداشلارنىڭ مۇشۇ يۈكسەك ئىخلاس، يۈكسەك باھاسى ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. مەن مۇشۇ خەلقىمگە، ئۇستازلىرىمغا، دوستلىرىمغا، قېرىنداشلىرىمغا داۋاملىق قەرزدارمەن. مەن مۇشۇنداق ھېس بىلەن ياشايمەن. بۇ تۇيغۇم بۈگۈن تېخىمۇ ئاشتى. كۆپچىلىككە رەھمەت.

# شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنى چۈشىنىش

ئادىل تۇنىياز

ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن
ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا،
ئوتتۇرىدا بىز ئىنسان بالىلىرى يارىتىلىپتۇق.
ئۇ كۈندىن باشلاپ ھازىرغىچە يەر يۈزىدىكى
ئىزدىنىشلىرىمىز داۋاملاشماقتا. بۇ جەرياندا يەر
شارىنىڭ ئوخشىمىغان بۇلۇڭلىرىغا تارقالغان
ىنسانلار بەزىدە خۇدانى، بەزىدە بىر - بىرىنى،
ەزىدە ئۆزىنى ئىزدەپ يۈردى. شېئىر مانا شۇ
ىزدەشلەرنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ
ەلب خاتىرىسىگە ئايلاندى. «ئىللادا»،
ئودىسسا» داستانلىرىنى، «شاھنامە» ياكى
قۇتادغۇبىلىك» نى، «قۇياش تاش» داستانىنى
كى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تولپا
ىسىپ ياتقان قېلىن - قېلىن توپلاملىرىنى
راقلايدىغان بولساق، گويا ئاشۇ دەۋرلەردىن تا
ازىرغىچە زامان ئۆتۈپ باقمىغاندەك تۇيۇلىدۇ.
ۈنكى ئادەم ئۆزگەرمىدى. شۇڭلاشقىمۇ شېئىر -
ستانلارنى يېڭىدىن يېزىش مۇمكىن ئەمەس
بىلسە كېرەك. ئۇيغۇرنىڭ روھىي
رگۈزەشتىلىرى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ يۈرەك -
رىنى ئېزىدىغان ئىپوسلاردەك سېھرىي كۈچ
ەن شائىرنىڭ قەلىمىدىن قەلبلەرگە يەتتى.
.ىرقى زامان شېئىرىيەت قەسرىدە قەدىمكى
ۋەك تۇيغۇلارنى ساقلاپ ياتقان ئاشۇ خۇشناۋا
ىرنى بىلگىمىز كېلىدۇ. شائىرنى بىلىش
ۈن شېئىرغا كىرىش كېرەك. شېئىرنى
ۇلشى جەھەتتىن قاتتىق ۋە يۇمشاق دەپ
كى قىسىمغا ئايرىش مۇمكىن. قاتتىق قىسمى
ئىرنىڭ تەركىبلىرىگە ئايلانغان شائىرنىڭ
ۇشى، يۇمشاق قىسمى شېئىرنىڭ ئۆزى.

**1. شائىرنىڭ ئارخىپى**

ئوسمانجان ساۋۇت، ئۇيغۇر، 1945 - يىلى
ىستا تۇغۇلغان. ھازىر بەش قىزى، بىر قىز،
ئوغۇل نەۋرىسى ۋە ئايالىنىڭ تۆت يىل
.نقى رەسمىي بىلەن ئاسىيانىڭ كىندىكىدىكى
شەھەر - ئۈرۈمچىدە تەنها ياشاۋاتىدۇ. شېئىر
شائىر قەلبىدىكى تەنهالىقنىڭ ئاۋازىغا ئايلىنىشى.
ئوسمانجان ساۋۇت بىر مىللەتنىڭ تەنهالىق
تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتىكى نازۇك
ھاياجىنىنى بىرلەشتۈرۈپ شېئىرلىرى ئارقىلىق
روھىي چوڭقۇرلۇققا يەتمەكچى بولغان. ئالەم
بىلەن ئىنسان قەلبى ئوتتۇرىسىدىكى ئادەتتىن
تاشقىرى دەقىقىلەردە شائىرغا ئايلىنىدىغان بۇ
ئۆزگىچە ئىنساننىڭ ھاياتى ئەلۋەتتە بىزنى شېئىر
يېزىلىشتىن بۇرۇنقى شېئىر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ روھىي قۇياشىنى
ئىزدەش جەرياندا ئۆز ئۇيۇقىدىن كۆتۈرۈلگەن
ئاجايىپ شولىلارنى كۆردى. دىللارنى يورۇتقۇچى
غايىب ئاۋازنى ئاڭلاش پەيغەمبەرلەردىن باشلىنىپ
شائىرلاردا توختىدى. بۇلاردىن ئالدىنقىسى
قاراڭغۇ ئىنسانلار ئارىسىدا كۈننى كۆتۈرۈپ
ماڭغۇچى بولسا كېيىنكىسى بىر چىراغچىغا
ئوخشايدۇ. بۇ ئوخشىتىش پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ
بىز تۇرپاننىڭ تۇيۇق غوجا دېگەن يېرىدە
شائىرنىڭ بوۋىسى بىلەن ئۇچرىشىمىز.

ئۇيغۇرلار 9 - ئەسىرلەردە بىر پۈتۈن
مىللەت سۈپىتىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان
بولسىمۇ، پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازى ئۆلىمالار ۋە
غوجىلار ئارقىلىق 14 -، 15 - ئەسىرلەردە ئاندىن
ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي يۇرتلىرىنىڭ بىرى
تۇرپانغا رەسمىي يەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي
ھاياتىدا غوجىلارنىڭ قانداق ئامەت ۋە ئاپەتكە
سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، غوجا ئەۋلادلىرى
پەيغەمبەر نەسەبى دەپ قارىلىپ تاكى يېقىنقى
دەۋرلەرگىچە دىيارىمىزدا كاتتا ھۆرمەت ۋە
نوپۇزغا ئىگە بولغانلىقىدا گەپ يوق. پىچاندىكى
تۇيۇق غوجا مازىرى ھازىرمۇ تاۋاپ قىلغۇچىلار-
نىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان مۇقەددەس جاي بولۇپ
كەلمەكتە. شائىرنىڭ بوۋىسى غوجا ئەۋلادىنىڭ
خاس چىراغچىسى ئىدى. تۇيۇق غوجا مازىرىنىڭ

چىراغچى ئەۋلادى ئىكەنلىكىنىڭ شاھىدى بولغان تولىيە بەلگىسىنى شائىرنىڭ دادىسى تا كۆزى يۇمۇلغىچە ئەتىۋارلاپ يېنىدا ساقلىغان. شائىرنىڭ دادىسىمۇ ئۇستاز - خەلپەت كۆرگەن قۇرئان ساۋاتى بار كىشى بولۇپ، كىتابخانلىق قىلىشقا ئامراق ئىشچان، بەرجەس ئادەم ئىكەندۇق. شائىر كىچىك چاغلىرىدا سارغۇچ بەتلىرىگە ئاجايىپ نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن كونا كىتابلاردىن دادىسىنىڭ سوپى ئاللايار، ناۋائى، مەشرەپ شېئىرلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلەر قىسسىسىنى تەكرار - تەكرار ئوقۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بولۇپمۇ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دېگەن كىتابتىكى «يۇسۇپ - زىلەيخا» قىسسىسىنى دادىسىدىن تۇنجى ئاڭلاۋاتقاندا بالا شائىر يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى تەرىپىدىن چۆلدىكى قۇدۇققا تاشلىۋېتىلگەنلىكىگە كەلگەندە پاڭڭىدە يىغلاپ كەتكەن. «گۈزەل يۇسۇپ قىسسىسىدىن خۇددى كۆكلەم مەۋسۇمىدە زېمىندىن ھاۋاغا توختىماي كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان نەمخۇش ھورغا ئوخشاش گۈزەللىك، چىنلىق ۋە سۆيگۈ تۇمانى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئەسىرلەردىن بېرى گۈزەل يۇسۇپ قىسسىدىن ئالەمگە تارىلىۋاتقان گۈزەل غايىلەر ئۇلۇغ ئىدىيە خەزىنىسىنى تېخىمۇ ئۇنۇملۇك، تېخىمۇ ھېكمەتلىك تەركىبلەرگە ئىگە قىلىۋەتكەنىدى. «ئەنە شۇ چاغدا تىلنىڭ سېھرىنى تۇنجى ھېس قىلغانىدىم» دەپ يازىدۇ ئوسمانجان بالىلىقىنى ئەسلەپ. مەن گۆدەك ئوغلىنى سېھىرلىك دۇنياغا مەپتۇن قىلىپ شائىرلىق كوچىسىغا باشلىغان بۇ بۈزرۈكۋار ئاتىنى بىر قېتىم كۆرگەنىدىم. ئۇ كۈنى مەن ئۆيگە كىرگەندە شائىر يوق ئىكەن. ئادەم سېغىنىپ تۇرغان بۇ بوۋاي مېنى دەماللىققا كەتكىلى قويمىدى. مېنىڭمۇ شائىرنىڭ ئاتىسى بىلەن مۇڭداشقۇم كەلدى. ئۇزايىدىن قېرىلىق يەتكىنى چىقىپ تۇرغان بۇ ئاقساقال بالا چاغلىرىدا موللىدا ئوقۇغىنىنى، تۇرپاندا ئۆزى كۆرگەن جەڭ - جېدەللار، ساۋەندىكى ھويلا - باغلىرى ۋە ئۆيىنىڭ يېنىدىكى مەسچىت ھەققىدە سۆزلىدى. بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن بىردىنلا ماڭا دەرد تۆكۈشكە باشلىدى. «كۆرمەمسىز، مېنى بۇلار داۋالىتىمىز دەپ ئەكىلىۋالغانغا ئىككى ھەپتە بولدى. يا مەسچىتنى، يا قوشنىنى، يا دەلۇ - دەرەخنى كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ ئېگىز بىنادا ماڭا نېمە بار؟ ئۆزۈمنىڭ ھويلا - باغلىرىدا ئۆز

ئەجىلىم بىلەن چىرايلىق ئۆلگىلى قويمامدۇ بۇلار، زادى بۇ يەردىن ئەتىلا كەتكىنىم كەتكەن. ساۋەندە تىكەندەك يالغۇز بولساممۇ، باغ - ۋارانلىرىم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ ئۇكام، ئوسمانجانغا گەپ قىلىڭ، مېنى كەتكىلى قويسۇن...» . شۇ چاغدىلا «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانىدىكى يىل بويى كاشتان دەرىخىگە باغلاپ قويۇلغان ئورلىئانو بۇۋاينىڭ قار - يامغۇر ئىچىدىكى غېرىب چىرايى كۆز ئالدىمغا كەلگەنىدى.

ئادەم ھاياتى ئالەم ماسلىقىدا مەۋجۇت بولىدىغان بىر ھېكمەت. غەيىپنى تونۇيدىغان، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ھاياتقا ئۆز تاللىشى دەپ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان، ئادەملەر ئارا مېھرىبانلىقنى ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ بىلگۈچى قوشنىلارنى سېغىنىدىغان، باغ - ۋارانلىرىنى ئويلاپ تەبىئەت ۋە دەل - دەرەخلەرنى ئىنسانلار بىلەن بىر گەۋدە دەپ ياشايدىغان، ئۇنىڭسىز ھاياتىدا بىر كەملىكنى ھېس قىلىدىغان شېئىرىي ئەنئەنىگە باي ئۇيغۇر روھىنى تاكى كۆزى يۇمۇلغىچە داۋاملاشتۇرغان بۇ روھ ھەقىقەتەنمۇ تالانتلىق شائىرنىڭ دادىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى.

ئادەم بېھىشتىن چىققان. گۇناھى ئۈچۈن بېھىشتىن يەر يۈزىگە قوغلانغاندىن بېرى، ئىنسان ئەقلىنىڭ بەدىلىنى تۆلەۋاتىدۇ. بۇنىڭغا شەيتان سەۋەب بولدى. ئوتتىن يارىتىلغان شەيتان ئادەمدىن ئىبارات جان كىرگۈزۈلگەن لاينىڭ ئۆزىدىن مەرتىۋىلىك بولۇپ كېتىپ جەننەتتە ياشىشىنى خالىمىغانىدى. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا بولسا جەننەتتە خۇشال - خۇرام ئويناپ يۈرەتتى. شەيتان ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۇلارغا قاراپ بىرنەرسىنى بايقىدى. چىرايلىق ھاۋا ئانىنىڭ بىر تال ئەگرى قوۋۇرغىدىن، يەنى تەندىن يارىتىلغانلىقىنى بىلدى. ئاۋۋال ھاۋا ئانىغا يېقىنلاپ ۋەسۋەسە قىلدى. ئادەم شۇنىڭ بىلەن ئازغۇنغا ئايلاندى. جەننەتتىن ۋاز كېچىپ سەرسانلىقنى تاللاش، ئىلاھىي مەنزىل شولا چېچىپ تۇرسىمۇ ئىنسانىي نەپسى ئالدىدا ئاجىز كېلىش، مانا بۇ شېئىرىي روھ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىنسان تراگېدىيىسى. تەن گۈزەللىكىنىڭ سىمۋولى بولغان ئايال ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ھېس - تۇيغۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن شائىرلارنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى. ئايال ئانىلىق

سۆپەتلىرىگە ئىگە بولغاندا ئۆز باغرىدا ئۆزگىچە تۇيغۇدىكى شائىرنى يېتىلدۈردى. يار - جانان بولغاندا شېئىرنىڭ ئۇرۇقلىرى بىخ سۈرىدىغان روھىي تۇپراققا ئايلىنىدۇ. شائىرنى تولۇق دان تۇتقان، دانلىرى پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن باشاققا ئايلاندۇردۇ.

تولۇن ئايدىن ياغلىقلىق يىرتىپ
ئارتىۋاپسەن بېشىڭغا ئانا.
پەرىشتىگە قولۇڭنى شىلتىپ
تۇرغۇزۇپسەن قېشىڭدا ئانا.

مانا بۇ شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئانىسىغا ئوقۇغان تالاي مەدھىيىلىرى ئىچىدىكى بىر مەدھىيە. ئۆزىنى شېئىرىيەت پەرىشتىسىگە تونۇشتۇرغان پەرىشتە سۆپەت مېھرىبان ئايالغا ئېيتقان چوڭقۇر تەشەككۇر.

«مېنىڭ شائىرلىق ئاچقۇچۇم ئانامدا،- دەيدۇ شائىر،- ئانام رەھمىتى ئاجايىپ تىلى ئۆتكۈر، لىۋەن سۆز ئايال ئىدى. بالا چاغلىرىمدىن باشلاپ ئانامنىڭ ئېغىزىدىن تۆكۈلىدىغان تىل دۇردانىلىرىغا مەستانە ئىدىم. ئانامنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىپادىلەشتە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تىلى بار ئىدى. ئەتىيازدا ئېرىۋاتقان قارلارنى، ‹گۆرۈچ بولغان قارلار› دەيتتى. ئەمدىلا سۈت تولۇشقا باشلىغان كۆكۋاش قوناقنى ‹كۈچۈك چىشى› دەۋالاتتى. ئۈزۈمتال يوپۇرماق چىقىرىپ تەكلەردىن كىچىك ساپاقلار ساڭگىلىغان چاغدىكى سېرىق شۇڭلارغا ‹ئالتۇنباش› دەپ ئىسىم قويۇۋالغانىدى. مېنىڭ شېئىرىي تىلىمدىكى پاساھەت، ئىستىلىستىكىلىق جىلۋە - بالاغەت بالا چاغلىرىمدا قۇلىقىمغا سىڭىپ قالغان ئانامنىڭ سۆزلىرىدىن باشلانغان. ئانام مېنىڭ نەزىرىمدە شېئىر يازمايدىغان شائىر».

شۇنداق، ئوسمانجان ساۋۇتنى ئىبارەت بالىلىق دۇنياسىدىن دەسلەپ شېئىر كۆكىگە كۆتۈرۈلۈپ پەرۋاز قىلغۇچىنىڭ بىر قانىتى دادىسى، يەنە بىر قانىتى ئانىسى ئىدى.

شائىرغا ئانا بولغۇچى تىل سېھىرگەرلىكىنى بىلىدىغان قىز بىلەن شائىرغا ئاتا بولغۇچى بۈيۈك تۇيغۇلارغا ئىگە يىگىتنىڭ قانداق ئۇتلۇق كۈنلەردە تونۇشۇپ، قانداق قۇتلۇق كۈنلەردە توي قىلغانلىقى بىز ئاڭلىمىغان ھېكايە. مانا شۇ ئالاھىدە قوشماقلارنىڭ بىر ئۆيگە كىرىشىدىن شائىر تۇغۇلغانلىقى ھەقىقەت.

گۈللەر ئېچىلغان ياكى قار تۇزۇغان يېغىلىق بولۇپ قان تۆكۈلگەن ياكى تىنچ دەۋرلەردىكى مەنىسىزلىكتىن كىشىلەر مەنە ئىزدەۋاتقان دەۋرلەردە شائىر تۇغۇلىدۇ. شائىرنىڭ تۇغۇلۇشى بىر دەۋرنىڭ مەنىگە بولغان روھىي تەقەززاسى. بىر مىللەت ئىچكى ئېنېرگىيىسىنىڭ ئۆزىگە سىغماي پارتلاپ چىقىشى. شائىر ئوسمانجان ساۋۇت 1945 - يىلى ماناستا تۇغۇلدۇ. بۇ ۋاقىت قەدىمدە شانۇ - شەۋكەتلىك مەدەنىيەت ياراتقان ۋە ئۇنتۇلاي دەپ قالغان ئۇيغۇرلار يېڭىۋاشتىن قولىغا قورال ئېلىپ ھۆرلۈك ئۈچۈن گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇش ئوتى ئاچقان، قاغجىرىغان خەلقنىڭ ياۋايى كۈچى جىنسىي ئېنېرگىيىدەك ئۇرغۇپ تاشقان مەزگىللەر ئىدى. بەتلەنگەن قورال، مىلتىق ئىستولىنىنىڭ تۆشۈكى ئالدىدا دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرەك، چېكىنىلغان تەن ۋە قانغا چىلىنىپ ئارام تاپقان جان، دولقۇنلاپ ياتقان ماناس دەرياسىنىڭ مەستخۇش ئاۋازى ۋە ھايات - مامات پاسىلىدەك قىرغاقتا توختاپ قالغان كۆچىتۇڭگۇر ئوغلانلار. . .

ئەنە شۇنداق مەڭگۈلۈك ھاياجانلىق دەقىقىلەردە ئەنە شۇ تىلسىمات يەردە شائىر تۇغۇلدى.

شائىرنىڭ بالىلىقى سۇ ۋە يوپۇرماقلار ئارىسىدا، توشقان ئىزى چۈشكەن قارلىق ئېتىزلاردا، سۈزۈك سەھەرلەردە ۋە جىمجىت گۈگۈملاردا ئۆتكىنى راست. ئۇ يىللار بۇ زېمىندىكى ئېغىر يىللار ئىدى. ئەلنى غېرىبلىق باسقان، غېرىب - غۇرۋالار، ئاچ - يالىڭاچلار كۆپەيگەن. شائىر ئوقۇدى، ئالىي مەكتەپتە چەت ئەل كىتابلىرىنى ئوقۇغىنى ئۈچۈن كۈرەشلەرگە سۆرىلىپ قىيىن - قىستاققا ئېلىنغانلىقى، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ قۇمۇل تاغلىرىغا بەش يىل سۈرگۈن قىلىنغانلىقى شائىرنىڭ قەلبىدىكى جاراھەت. بۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن ھەسرەت، غەمكىنلىكتە كېيىنچە ئۆزلۈكسىز ئوتتۇرىغا چىققان ئادەم ۋە ئادىمىيلىكنى قەدىرلەش تۇغرىسىدىكى تېمىلاردا ئاشۇ قارا يىللارنىڭ سايىسى بار.

**2. شائىرنىڭ فولكلور يىلتىزى**

بىر شېئىرنىڭ يېزىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان شائىر ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ئۇشۇقچىلىقىدىن باشقا نۇرغۇن نازۇك تەركىبلەر بار. بۇلار مىللەتنىڭ روھىي ئەنئەنىسى، شائىرنىڭ ئىلھامىنى

ئۇرغۇتقان تاسادىپىي شەيئىلەر، ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي تەسىرى، شائىرنىڭ خاراكتېرى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، شەخسىي كەچۈرمىشلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

شېئىر ئالدى بىلەن مىللەتكە تەۋە نەرسە. چوڭقۇر فولكلور قاتلىمى بولمىغان مىللەتنىڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە شېئىرلىرى بولمايدۇ، بولغان تەقدىردىمۇ شېئىرلىرىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچنى، تەبىئىي ئىچكى رىتىمنى ۋە ئەبەدىيلىك سەنئەت گۈزەللىكىنى بايقاش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى شېئىر ھازىردا مەۋجۇت بولغان ئۆتمۈش. رېئاللىقتىكى قەدىمىيلىك شائىر مىللەتنىڭ تەپەككۇرىنى، رېئال تۇرمۇشنىڭ غايىب تەركىبلىرىنى كۆپرەك ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تۇرمۇش چەكسىز يوقلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇ شېئىرنىڭ باش ئېقىنى، شائىر ئوسمانجان ساۋۇت فولكلورغا باي قەدىمىي دىنىي مىللەت - ئۇيغۇرنىڭ شائىرى. ئۇنىڭ شېئىرىغا ئىچكىرىلىمەكچى بولغان ئادەم غول يىلتىزىنى ئۇيغۇر فولكلورىدىن، بىر قىسىم شېئىرىي پىكىرلىرىنى دىنىي تەپەككۇرىدىن ئىزدەش كېرەك.

- ئائىلىمىز قويۇق دىنىي تۈسكە ئىگە ئائىلە ئىدى. ئانام بىلەن دادامنىڭ تېخى سۇبھى يۇلتۇزلىرى چاراقلاپ تۇرغان چاغدا قوپۇپ تائەت - ئىبادەت قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چوڭ بولغانمەن، روزا - رامىزان ئايلىرىدا، تۈنەك ئاخشاملىرىدا ھويلىمىز قولۇم - قوشنىلارنىڭ يىغىلىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشلىرى بىلەن ئاۋات بولۇپ كېتەتتى. ئانام - دادىلار يۇرتتىكى ئۆلۈم - يىتىم، خەتمە - قۇرئان، نەزىر - چىراغتىن قالمايتتى. مانا بۇ تۇرمۇشنىڭ مەنىسى ئىدى، - دەيدۇ ئوسمانجان.

شۇنداق، ئۇيغۇرنىڭ دىنىي ئېڭى بويىچە ئېتىقاندا ھاياتنىڭ مەنىسى ھاياتنى يارانقۇچىدا، يارانقۇچىغا ئىبادەت قىلىشتا، يېتىم - يېسىر، غېرىب - غۇرۋالارنىڭ بېشىنى سىلاپ، خەير - ساخاۋەت قىلىپ، ئۆزئارا مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشتە، تۇرمۇشتا تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈشكە مۇناسىۋەتلىك قائىدە - يوسۇنلارغا ئېتىبار بىلەن قاراپ تۇغۇم ۋە ئۆلۈمنىڭ سەۋەبچىسىگە، ئىگىسىگە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈش، مانا بۇ ئۇيغۇر شائىرلىرىنى يېتىشتۈرگەن مۇھىت، ئوسمانجان شېئىرلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئاساسى، تېماتىك مەزمۇنىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى.

قۇم بويىدىكى يېشىل يۇرتلاردا، چۆلدىكى پارچە - پارچە بوستانلاردا گۈزەل تۇيغۇدىكى خەلقىمىز بىلەن بىللە قەدىمىي رىۋايەتلەر گۈزەل چۆچەكلەر ۋە سانسىز بېيىت - قوشاقلار ياشايدۇ. ئۇلار تۇنجى شېئىرىي ھەۋەسنى ئويغىتىدۇ. قۇملۇق يىگىتلىرىنى شائىرلىق باغلىرىغا باشلايدۇ.

جۇڭغار ئويمانلىقىدىن چىقىپ ئۇيغۇرنىڭ روھ چۆللىرىدە كېزىپ يۈرگەن بۇ شائىر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى مېنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئىنىكئانام، ئوغۇز سۈتىنى ئۇنىڭدىن ئەمدىم، ساۋاتىم چىققاندا تۇنجى قېتىم مۇنداق بىر قوشاقنى ئوقۇغانىدىم:

باغ ئارىلاپ سۇ ئاقتى
ئېتىز، قىرلارغا ياقتى.

بولۇپمۇ «باغ ئارىلاپ سۇ ئاقتى» دېگەن بۇ 1 - مىسرا ماڭا ئاجايىپ يېقىپ كەتكەن. كۆز ئالدىمغا لاپپىدە شۇ مەنزىرىنى كەلتۈرگەن، تۇنجى قېتىم شېئىرنىڭ سېھرىنى ھېس قىلدۇرغانىدى. دۇنيانىڭ تەرەققىيات شامىلى يېتىپ بارمىغان، تېخى 21 - ئەسىرگە قەدەم قويمىغان جايلاردىكى بوۋاي - مومايلىرىمىز بېيىت - قوشاقلارنىڭ كانى، شېئىرىي ئۇرپ - ئادەتلەرنىڭ ئانا ماكانى، - دەيدۇ شائىر، - قۇمۇلدىكى جىگدەبۇلاق دېگەن جايدا پالىنىپ تۇرغان چاغلىرىم ئىدى. تاغ باغرىدىكى گۈلرەيھان، ئالما، ئۈزۈم، دەل - دەرەخلەرگە تولغان بۇ يۇرتتا ھاياتى يىل بويى ئوخشاش رىتىم، ئوخشاش ھالەتتە ئۆتىدىغان ئادەملەر ئارىسىدا ئۇ دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك كۆڭۈللۈك ۋە خىلۋەت ياشايتتىم. توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم، كۆك مەشرىپى ۋە مۇڭدىشىش - ئولتۇرۇشلار بېيىت - قوشاقسىز بولمايتتى. بىر كۈنى توي بولۇۋاتقان ئۆيگە بىر موماي كىرىپ كەلدى. ئادەت بويىچە سورۇندىكىلەرگە قوشاق قاتتى:

ئېشەكتىكەن گۈلنى كۆرۈڭ
تېرىمىسىمۇ ئۈنىدۇ.
بىۋاپا يارنى كۆزۈڭ
چىللىمىسىمۇ كېلىدۇ.

شائىر ۋە شېئىر دېگەن ئەنە شۇ، خەلقىمىز شائىر، ھاياتىمىز شېئىر، شېئىرنى بىز يازماي كىم يازسۇن؟

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ يۆگىشىپ كەلگەن مىسرالىرى، ئويناق سۆزلىرى، رىتىمى تەبىئىي توق قاپىيىلىرى ۋە شەكىل گۈزەللىكى ھەققىدە سۆزلەشكە توغرا كەلسە ئاۋۋال ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ شۇنداق ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەش كېرەك.

**3. شائىرنىڭ شېئىر دەقىقىلىرى**

شېئىر ئاجايىپ نەرسە، ئۇ پەرۋاز قىلىدۇ، لېكىن تۇتقىلى بولمايدۇ. ئۇ مەۋجۇت، لېكىن قانداق مەۋجۇتلۇقى سىر. ئۇ ئۆزىگە ئاشىق بولغۇچىنى بىلىدۇ، لېكىن شائىرنىڭ قېشىغا ۋەدىلەشمەي شەپىسىز كېلىدۇ. شائىر شېئىر كېلىشتىن بۇرۇن قارىغۇ، گاس - گاچا، شېئىر دەقىقىلىرىدىن باشقا چاغدا شائىر ئادەتتىكى ئادەم.

ئالەم بىلەن شائىر دۇنياسى تۇتىشىپ كەتكەن شۇنداق دەقىقىلەردە ئادەتتىكى نەرسە ئۇشتۇمتۇت جىلۋە قىلىپ، شولىلىنىپ، سىرلىقلىشىپ شائىرنىڭ شېئىر يېزىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىلھامنى چاقىرغۇچى بۇ كارامەتلىك شەيئى بەزىدە بىر نۇر توچكىسىدەك شېئىرنىڭ يادروسىغا ئايلىنىدۇ. شېئىر تەھلىلىدە ئاشۇ توچكا بەكمۇ مۇھىم. ئۇ گويا شېئىرنىڭ ئاغزىدەك بىزنى شېئىرنىڭ ئىچ - باغرىغا باشلاپ كىرىدۇ.

بىر كۈنى ئوسمانجان ساۋۇت شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كېتىدۇ، ئۆي تىمتاس، ئۇخلاۋاتقان خوتۇن - بالىلىرىنىڭ پىنىك تىنىقىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى. ئايئاق دېرىزە پەردىسى غۇۋا يورۇۋاتاتتى. ئوسمانجان دېرىزىدىن تالاغا نەزەر تاشلىدى. قاراڭغۇلۇق سۈزۈلۈپ ئۇپۇق نۇرلىنىۋاتقانىدى. ئايئاق شولىلار، يېقىن كېلىۋاتقان نۇرانە چىرايلار، پەرىشتىلەر، ئادەملەر، كۆلەڭگىلەر، تاڭ شولىلىرى ئىچىدە شائىر چاقنىدى، ئۇشتۇمتۇت ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئاشۇ بىر دەقىقىدە شائىر تاڭ، گۈل - گىياھ، يوپۇرماق، ئادەم، كائىنات، ھەممە بىلەن سۆزلىشىپ بولدى. ئاشۇ بىر دەقىقە «تاڭلار بىلەن سۆزلىشىش» ناملىق 300 نەچچە مىسرالىق شېئىرغا ئايلاندى. ياق، بۇ سۆزلىشىش تۈگىمىدى. كېيىن يەنە «باھار بىلەن سۆزلىشىش»، «ئىلھام بىلەن سۆزلىشىش» قاتارلىق داستاندەك ئۇزۇن شېئىرلار چىقتى. قارىغاندا بۇ سۆزلىشىش تۈگىمىگەندەك، ئاشۇ بىر دەقىقىدىكى ھاياجان شائىردا ئۆمۈر بويى داۋاملىشىدىغاندەك قىلىدۇ.

بەزىدە شېئىردىكى دەقىقە شائىر ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگىچە سوزۇلسا، بەزىدە ئۆمۈرلۈك سەرگۈزەشتە، ئۇزۇن يىللىق روھىي كەچمىش ۋە بىرەر ۋەقە باشلىنىپ ئاخىرلاشقىچە بولغان ئۇزاق جەريان شېئىردىكى بىر دەقىقىگە ئايلىنىدۇ.

ئوسمانجان ساۋۇت پارچە - پۇرات ۋەقەلەرگە، باش - ئاخىرى يوق ئىشلارغا، ئۈزۈلمەس سۈرەن - شاۋقۇنلارغا تولغان تۇرمۇشنى ھېسسىيات نۇقتىسىدىن ئىپادىلىگۈچى لىرىك شائىر. بىراق شائىرنىڭ بەزى لىرىكىلىرىدا تۇرمۇشتىكى ئېپىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ سۈرىتى بار. شېئىردىكى بىر دەقىقىگە سىغىپ كەتكەن رومان بولغىدەك ئاجايىپ ۋەقەلەر بار. تۇرمۇشتىكى ئەنە شۇنداق ۋەقەلەر خۇددى بىر تال ئۇرۇقتەك شائىر قەلبىدىكى بوشلۇقتا چۈشۈپ بىخ چىقىرىپ، چېچەكلەپ شېئىرغا ئايلىنىدۇ.

مەن شائىرنىڭ «كەچۈرگىن سەن مېنى ئالا بوينىقىم» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇغان چېغىمدا، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ بالىلىق دۇنياسىنى تېپىۋالغان، ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى سەزگەنىدىم. دەرۋەقە ئويلىغىنىمدەك شائىر مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

«كىچىك قىزىم ئالمىرەنىڭ 6 - 7 ياشقا كىرگەن چاغلىرى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ تۇغۇلۇپ 2 - 3 كۈنلۈك بولغان، تېخى كۆزلىرى ئېچىلمىغان بىر كۈچۈكنى ئېلىپ كەپتۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئادىتى بويىچە ‹ئىت - كۈچۈكنى ئادەم تۇرىدىغان ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاتسا بولمايدۇ، پەرىشتە ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ› دەپ ئۇنىمىدۇق. ئۇ يىغلاپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا ئاخىر ئارزۇلۇق قىزىمىزنىڭ گېپىنى يېرالمىدۇق. ئۇ بىرەر ئايدا تۈكلىرى ئالتۇندەك ۋالىلداپ تۇرىدىغان يوغانلا بىر كۈچۈك بولۇپ قالدى. ھەممىمىز بارا - بارا ئۇنىڭغا ئېچىكىشىپ كەتتۇق. قولنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇ كېچىدە قەنتنى ئېتىپ بەرسەم يەرگە چۈشۈرمەيلا ئاغزىغا ئېلىۋالاتتى. ئەركىلەپ، غىڭشىپ ئويناقلاپ كېتەتتى. تاڭ يورىغاندا ئۇخلاۋاتقان بولسام پۇتۇمنى چىشلەپ تارتىپ ئويغىتاتتى. دەرس ئۆتكىلى مەكتەپكە ماڭسام ئىشخانا،

سىنىپلارغىمۇ ئەگىشىپ كېلەتتى. بىراق ھەرقانچە مېھرىبانلىقتا باققان بىلەن ئىت ھامان ئىت ـ تە، بۇ ئىت بىرنەچچە قېتىم قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ توخۇ ـ چۆجىلىرىنى بوغۇپ قويدى. مەھەللىدىكىلەر قولىقىمىزنى ئاغرىتىشقا باشلىدى. ئىتىنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغىنىمىزغا كۆزىمىز يېتىپ ئاخىر ئۇنى ئاۋۇلدىن كەلگەن بىر قازاقىقا بېرىۋەتتۇق. قازاق مالچى ئۇنى تۆگىگە باغلاپ ئەكەتتى. بىرەر يىلدىن كېيىن ئاڭلىساق بۇ ۋاپادار جانىۋار بىزگە تارتىشىپ ھېچنېمە يېگىلى ئۇنىماپتۇ. بىزنىڭ يۇرت تەرەپكە مۆلدۈرلەپ قارىغىنىچە يالاقنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شۇ دەقىقىدە ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. ئادەمگە ياخشىلىقلارنى قىلىمىز، ۋاقتانى ۋاقتى كەلگەندە يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتىدۇ. بىراق بۇ ۋاپادار ئىت ئۆز شەپقەتچىسىنى ئۇنتۇلماپتۇ. پەرۋىشكارىنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەي ئۆز جېنىدىن كېچىپتۇ. بۇ بىر مۆجىزە، مەن ھاياجان بىلەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئىتقا مەرسىيە يازدىم». شائىردىن بۇ بايانلارنى ئاڭلىغان چېغىمدا گۈزەل تراگېدىيە پەردىسىگە ئورالغان ئۇ لىرىكىنى تولۇق چۈشەندىم.

بىز مەۋجۇتلۇقنى بىلىپ، كۆرۈپ تۇرغان ئەمما شائىر دۇنياسىدا ئۇشتۇمتۇت سىرلىق تۇس ئېلىپ قەلەمگە جان كىرگۈزگەن ئىلھامبەخش شەيئىلەر بىلەن شائىر قەلبىنى تىترەتكەن ئاجايىپ ۋەقەلەردىن باشقا بەزىدە سۆزلەرنىڭ سېھرىمۇ شائىرنىڭ ئىلھامىنى چىللاپ كېلىدۇ. بۇنداق چاغدىكى ئاشۇ بىر سۆز شۇ سۆزنى ئىچىگە ئالغان مىللەتنى، بىر پۈتۈن ئىنسانىيەتنى، ھەتتا كائىناتنى سىغدۇرىدۇ. بۇ سىغدۇرۇش بىر دەقىقە ئىچىدىلا يۈز بېرىدۇ. بۇ دەقىقە دەل شېئىر دەقىقىلىرى.

شائىر بالا چاغلىرىدا ئاپىسىنىڭ ئاغزىدىن «قېرىپ مونۇپ كەتتى» دېگەن سۆزنى تولا ئاڭلىغان. شۇڭا مونۇپ دېگەن سۆز ئۇنىڭ قۇلىقىدا قېپقالغانىدى. بىر كۈنى ئۇسمانجان 12 ـ ئەسىردە ئۆتكەن شائىر ئەخمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» دېگەن كىتابىنى ۋاراقلاۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت بۇ سۆزنى قايتا ئۇچرىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ مىڭ يىلغا يېقىن ئاشۇ بىر سۆزدە ساقلانغان مەنىسى، قەدىمكى سېھىردەك شائىرنى سېھىرلەيدۇ. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئۇخلاۋېتىپ كۈلۈمسىرىشى دەممۇدەم يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ يەنە تەبەسسۇم قىلىشى تولىمۇ گۈزەل دەقىقە. ئۇيغۇر بوۋاي ـ مومايلار بۇ ھالەتنى «چۈشىدە پەرىشتە كۈلدۈرۈۋاتىدۇ، پەرىشتە قورقۇتقاندا يۈزلىرى پۈرلىشىپ چىرايىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئەركىلەتكەندە بولسا كۈلۈمسىرەيدۇ» دەپ گۈزەل خۇراپىيلىق بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئۇسمانجان جىگدەبۇلاقتا سۈرگۈندىكى ۋاقىتلىرىدا تاغلىقلارنىڭ ئۇيقۇدىكى بوۋاقنىڭ بۇ ھالىتىنى «بۇدۇسقاپ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان. ئارىدىن 30 يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندە شائىرنىڭ ئانىسى بىر كۈنى ئۇخلاۋاتقان پەي نەۋرىسىگە قاراپ بۇدۇسقاپ دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ. مانا شۇ سۆز بىلەن شائىرنىڭ ئىلھامى قوزغىلىپ شېئىر يازىدۇ. شائىرنىڭ ئۇ شېئىردا نېمە يازغانلىقى ئانچە مۇھىم ئەمەس، بەلكى «بۇدۇسقاپ» دېگەن سۆز بۇ شېئىردىكى تىلسىمنىڭ ئاچقۇچى.

**4. تەرجىمە دۇنياسىدىكى شائىر**

شېئىر ـ دۇنيانىڭ شائىر تىلىدىكى تەرجىمىسى. شائىرغا نىسبەتەن دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز تىلى بار. تاش ئۈستىدىكى چۈمۈلە، ئالەم بوشلۇقىدا جىمىرلىغان يۇلتۇز، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ، شاختىكى چېچەك، پايانسىز ئاسماندىكى جىمجىت كۆك رەڭ. . . مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز تىلىدا ناۋا قىلىدۇ. شائىر شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت، نۇر، ئاۋاز، پۇراق ۋە رەڭ ئارقىلىق سۆزلەۋاتقىنىنى بىلىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئۆز تۇيغۇسى ئارقىلىق تەرجىمە قىلىدۇ.

ئۇسمانجان ساۋۇت رەڭمۇرەڭ شەيئىلەر بىلەن تولغان دۇنيانى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. بىز بۇ شائىرىمىزنىڭ شارابىتىدە تەبىئەت گۈزەللىكى بىلەن رەڭلەنگەن، ھايات ھېكمەتلىرى بىلەن تويۇنغان ئاجايىپ ئېسىل شېئىرلارنى ئانا تىلدا ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇق.

شۇنىڭ بىلەن سېرگېي يېسېنىن، پابلو نېرۇدا، مىلوش، پاستېرناك، ئاننا ئاخماتوۋا، مارىيانا رىلكى قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى پەردە ئۇيغۇر تىلىدا كۆتۈرۈلۈپ ئالدىمىزدا تەڭداشسىز بىر گۈزەللىك دۇنياسى نامايان بولدى. تەرجىمان ئۇسمانجان

مۇنداق دەيدۇ: «شېئىرنىڭ تەرجىمىسىنى شائىر قىلىش كېرەك. شېئىر دېگەن ئالتۇندەك نازۇك نەرسە. شېئىرىي تۇيغۇسى يوق ئادەمنىڭ شېئىرنى تەرجىمە قىلىشى ئالتۇننى زەرگەر سوقماي كەتمەن سوقىدىغان تۆمۈرچى سوقتاندەكلا ئىش، مەن بەزىدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئاجايىپ - غارايىپ شېئىرلارنى كۆرۈپ قالىمەن. بىر يېرى ئۇزۇن، بىر يېرى قىسقا، قۇيرۇقلىرى شىڭشىيىپ، مۈڭگۈزلىرى دىڭگىيىپ تۇرغان بۇ شېئىرنىڭ تەرجىمىسى غەلىتە مەخلۇق. شائىر ئانا تىلدا ئۇنىڭ پەي - سىڭىرلىرىنى سىڭىرىپ، ئۇستىخانلىرىنى يۇغۇرۇپ ئۇن قىلىۋېتىش لازىم. ئەسلى شېئىرنىڭ روھى ئۈستىدە سۆڭەكلەرنىڭ سۇنۇقىنى تېپىپ ئەكېلىپ يېڭىۋاشتىن شېئىرنىڭ ئۇستىخىنىنى تىكلەش كېرەك. يەنى ئوسمانجان تەرجىمە قىلغان شېئىر ئوسمانجاننىڭ شېئىرىغا ئايلىنىشى كېرەك».

تەرجىمە ھەققىدىكى بۇ قاراش تەبىئەتنى تۇيغۇسى ئارقىلىق تەرجىمە قىلىشقا ئادەتلەنگەن شائىرنىڭ ئۆزىگىلا خاس قارىشى ئىدى. ھازىرقى دۇنيا شېئىرىيىتىدە بىرەرمۇ يالغۇز كەنت ياكى تەنھا ئارال يوق. شېئىر تۇپرىقىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان زامانىۋى ئەللەردە ئىنتېرنېت تورى يەر شارىدىكى بارچە بوشلۇقلارنى تولدۇرۇۋاتىدۇ. كومپيۇتېر ئالدىدىكى بىلىم بىلەن كاللىسى توشۇپ كەتكەن كىشىلەر دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان يېرىدىكى شائىرلارنىڭ بىر - بىرىگە يېقىنلا يەردە تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئوسمانجان شېئىرلىرىنى ئەتراپلىق چۈشەنمەكچى بولغان ئادەم شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ھازىرقى دۇنيا تەرجىمە قىلىنىپ بولدى. شۇنداق ئىكەن، ئۆتكەن ئەسىردىكى سېرگېي يېسېنىننىڭ ئوسمانجان ساۋۇتقا بولغان تەسىرىنىلا ئەمەس، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ سېرگېي يېسېنىنغا بولغان تەسىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى شېئىر - زامانلاردىن ھالقىغان، بەزىدە ئوخشىمىغان شائىرلارغا ئوخشاش نېسىپ بولغان، دەۋرلەر ئارىسىدا ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرغان ھاياتلىق ئېقىنى.

### 5. تۇرمۇشتىكى شائىر

شائىر ـ قۇش ئۇچۇپ كەتكەن قەپەس، ئۇ ئىشىكى كەڭ ئېچىلغان ھالدا شېئىرنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ. ئەگەر شائىر تۇرمۇشىنى شېئىرنىڭ تەلپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرالمىسا شائىر شېئىرنى ئەمەس، شېئىر شائىرنى تاشلىۋېتىدۇ. شائىرنىڭ مىجەز - خاراكتېرى، ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئاياللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق تۇرمۇشتىكى نازۇك مەسىلىلەر شائىرنىڭ ئىلھامىغا ۋە شېئىرىغا تەسىر قىلىدۇ. شېئىرنىڭ سىرلىق تۈگۈنى شائىرنىڭ تۇرمۇشىدا. ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرلىرىدىكى مەخپىيەت بەزىدە ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ. شېئىرنىڭ ئىلاھىي مۇقەددەسلىكى ئىچىدە پىنھان بولغان ئادىمىيلىك، سۆز بېزەكلىرىگە يوشۇرۇنغان مەنە ھاياتنىڭ سىداملىقى ئىچىدە يالىڭاچ قالىدۇ.

شائىرنىڭ ئۆزىنى كۆرمەي، شېئىرلىرىنى ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئوسمانجان ساۋۇت ماڭا بىر ئادەم ئەمەس، نۇرغۇن ئادەمدەك بىلىنگەنىدى. شائىرنى تۇنجى كۆرگىنىمدە شائىرنىڭ سەلتەنەتلىك بىرلا ئادەم ئىكەنلىكىنى، باشقىلىرىنىڭ بولسا سان - ساناقسىز ئەينەككە بىر سىيما چۈشكەندەك ئوسمانجاننىڭ شېئىرىدىكى شولىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئاشۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىنكى ئون نەچچە يىل مابەينىدە شائىر بىلەن بولغان باردى - كەلدىم ئۈزۈلۈپ قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما تۇنجى تەسىرات ماڭا ھازىرغىچە ھەمراھ. ئالىي مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. مەندىن بىر يىل يۇقىرى سىنىپتىكى قەلەمدىشىم ئەسقەر ياسىن بىر كۈنى چۈشتە ياتىقىمغا كىرىپ: «سەن پوچتىدىن ئەۋەتكەن ‹مېنىڭ ئادرېسىم› ناملىق داستاننى ‹تارىم› ژۇرنىلى باسماقچىكەن. ئوسمانجان ساۋۇت سېنى ئۆيگە باشلاپ ئەكىلىشىمنى ئېيتتى» دېدى. قەلبىمدىكى ئورنى يۈكسەك غايىبانە شائىر بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمدىن بېشىم كۆككە يەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ يامغۇر توختاپ يەرلەر پاتقاق بولۇپ كەتكەن بىر چۈشتىن كېيىن ئىدى. يول قاسناقلىرىدا ئېقىۋاتقان يامغۇر سۇلىرىنى كېچىپ 7 - 8 مىنۇتچە ماڭغاندىن كېيىن بۇ ھۆرمەتلىك شائىرنىڭ ئىشىكىنى چەكتۇق. ئىشىكنى ئېگىز، ھەيۋەتلىك بىر ئادەم ئاچتى. بۇ ئوسمانجان ساۋۇت ئىدى. ئۆيگە كىلەم سېلىنغان بولغاچقا بىز شەھەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئايىغىمىزنى سېلىش ئۈچۈن يەرگە ئېڭىشتۇق. ئۇنىڭسىزمۇ ئاياغلىرىمىز لايغا مىلىنىپ كەتكەنىدى.

«بولدى، بولدى، گىلەمگە ئاياغ بىلەن چىقمىۋېرىڭلار، ئۇ ئادەمدىن ئۇلۇغ ئەمەس»، مانا بۇ مەن شائىردىن ئاڭلىغان تۇنجى سۆز ئىدى.

شائىر ھاياتقا، ئادەملەرگە ناھايىتى قىزغىن، ئادەمنى ئۇلۇغلاش، مېھماننىڭ ئىززىتىنى قىلىش، ئەدەپ - قائىدىلىك، مېھرىبان بولۇش شائىر ئائىلىسىدىكى ئەنئەنە. شائىر ئادەمگەرچىلىك ئەنئەنىلىرىنى شۇنداقلا ئىنسانىي كۆڭۈل ئازادىلىككە، ئەخلاقىي كامالەتكە يېتەكلەيدىغان بارلىق روھىي ئەنئەنىلەرنى ساقلىغۇچى، داۋاملاشتۇرغۇچى، تۇرمۇشقا بولغان بۇنداق كۈچلۈك ئەنئەنە قارىشى شائىرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەن بىلسەم شائىر ئۆزى بىلەن قۇراملىق «ئاكا» شائىرلار ئىچىدە توختىماي كىتاب كۆرىدىغان كىتاب موللىسى. شائىرنىڭ مېھمانخانا ئۆيىگە كىرگەن ئادەم قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان كىتابلار ئارىسىدا مىدىرلاۋاتقان بىر يوغان گەۋدىنى كۆرىدۇ. باللىرى مېھمانغا چاي قۇيماقچى بولسا شىرەدىن پىيالە قويىدىغان جاي تاپالماي قالىدۇ. تارىخقا، مەدەنىيەتكە، شېئىرىيەتكە ۋە باشقا ئاللىنېمىلەرگىدۇ ئائىت بۇ بىرنەچچە تىلدىكى ماتېرىياللار ئىچىدە يەنە ھەممىدىن كۆپى شېئىر كىتابلىرى. مانا شۇنداق تىنىمسىز ئىزدەنگۈچى بىر شائىرنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى چۇقان - سۈرەنلىرىنى، ھەر خىل شېئىرىيەت ئېقىملىرىنى، ھەتتا شېئىرغا قارشى مودېرنىزملىق شېئىرلارنى 20 - ئەسىر دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە ئايلىنىپ قالايلا دەپ قالغان ۋۇلت ۋېيتمانچە ئەركىن شەكىلنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. ھەممىنى ئۇقۇپ، كۆرۈپ تۇرىدۇ - يۇ، ئۇيغۇر شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە مەھكەم يېپىشىدۇ. ھازىرغىچە بەش شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان بۇ شائىرنىڭ بىرەر شېئىرى تېخى «تۆت چاسا» دىن باشقا شەكىلدە يېزىلىپ باققىنى يوق. بىرەر ئالماش قاپىيىسى بۇزۇلغىنى، بىرەر مىسراسى ئۇزۇن - قىسقا بولۇپ قالغىنى يوق. ئەنئەنىۋى شەكىل، ئالماش قاپىيە زەنجىرلەنگەن شائىر ئوسمانجاننىڭ شېئىر ئۇسۇلى ئوينايدىغان مەيدانى بولۇپ كەلدى.

مەن شائىرنى ئىزدەپ بارغاندا كۆپىنچە يالغۇز دەرقەمدە بولاتتۇق. قىلىشىدىغان گەپ تاپالماي بەزىدە قولايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپمۇ قالاتتۇق. مەن بۇنى بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنىڭ دەرۋىش مىجەزلىكىمدىن كۆرسەم، يەنە بىر تەرەپتىن شائىرنى «ئېغىر، كەمسۆز، ئىچ مىجەز، سۇرلۇك» ئادەم ئىكەن دېگەن يەكۈنگە كەلگەنىدىم. بۇ ئاز دېگەندىمۇ مېنىڭ شائىر بىلەن 7 - 8 يىللىق ئالاقە جەريانىدىكى يەكۈنۈم ئىدى. بىراق مەن كۆرگىنىم ئوخشاش شارائىت، ئوخشاش جايدىكى ئوسمانجان ئىكەن. كېيىنچە بىرنەچچە قېتىملىق تاسادىپىي سورۇنلاردا ۋە يار ئەكسى كۆرۈنىدىغان جام - كاسىلەردە شاراب - نۇش ئېتىپ ئاشىقلار ئارىسىدا قىيپاش كېتىۋاتقان ناتىق قىزىقچى ئوسمانجاننى كۆردۈم. باشتا ئويلىغىنىمدەك بىرلا ئوسمانجان ئەمەس، بىرمۇنچە ئادەملەر ئارىسىدا بىرمۇنچە ئوسمانجان بار ئىكەن. پاساھەتلىك سۆزلىرى بىلەن خەقنى ئاغزىغا قارىتىدىغان، سورۇننىڭ گۈلى بولۇپ كىشىلەردە «شائىر دېگەن مۇنداق بولىدىكەن - دە» دېگەن تېتىملىق تەسىرات قالدۇرالايدىغان قەدىمكى زامان شائىرلىرىغا خاس سېھىر بار ئىكەن. بۇنداق چاغلاردا ئۇنداق سورۇنلاردا ھاياجىنى ئۇرغۇپ تۇرغان شائىر قەدىمكى ئافېنا كوچىلىرىدا پەلسەپە، داستان سۆزلەۋاتقان پەيلاسوپلاردەك قايسىدۇر بەدخۇلق تەكەببۇر كىشىلەرنى «قارىغاي يۇتۇۋالغاندەك گىدىيىپ تۇراتتى» دەپ تەسۋىرلىسە، يەنە قانداقتۇر بىر بولمىغۇر قىلىقلارنى ئاجايىپ سۈپەت سۆزى ۋە قىزىقارلىق تەلەپپۇزى بىلەن ھەزىل قىلىپ ئادەمنى يۇخادىن چىققۇچە كۈلدۈرەتتى. ھەتتا مۆرىتى كەلگەندە ئۆلۈكلەرنىمۇ ئاياپ قويمايتتى. بۇ ئوسمانجان ئوچۇق - يورۇق، خۇش تەبىئەت، سورۇنلۇقى بار ئادەم ئىدى. بەزمە - باراۋەت، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ۋە ھەر خىل نامدىكى ئولتۇرۇپ قوپۇشلاردىن قالمايتتى. بۇ سورۇنلاردا خىلمۇخىل ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشاتتى. پەرىشتىگىمۇ ۋە شەيتانغىمۇ يولۇقاتتى. بىز شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىدىن يۇقىرىقى مەزمۇننى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلىمىز. ئادەملەر ئارىسىدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ چېگراسىنى كۆرىمىز.

### 5. شائىر ۋە ئاياللار

ئادەم بىلەن ھاۋا ئانا ئازمىغان بولسا ئىنسانىيەت بولمايتتى. ئايال بولمىغان بولسا شېئىر بولمايتتى. قۇتراپ تۇرغان ياۋايى كۈچ

بىلەن سىرلىق چەكلەش ئارىسىدا شائىر جان تالىشىدۇ، بۇ جان تالىشىش شېئىر، شېئىر بىزنى قۇتقۇزالىدىمۇ؟ ياق. شېئىر تۇرمۇشنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟ ياق، ئۈستىمىزدىكى جاۋابسىز بوشلۇق بىلەن ئاستىمىزدىكى قاتتىق تۇپراقتىن باشقا پاناھ جايىمىز يوق. چۈنكى بىزنىڭ ئازابىمىز تۇغما، ئەر - ئاياللارنىڭ ھەسرىتى — قوشۇلۇش ياكى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشتا ئەمەس، تراگېدىيە بىزنىڭ ئىچىمىزدە.

«ئەمدى بىز ئۇلارنى ئايال دەپ ئاتمايلى. ئۇلار بىزنىڭ ئانىمىز، قىزىمىز، ھەدە - سىڭىللىرىمىز بولسۇن. بىز تۇغۇلۇپ قالدۇق، ھېچكىم بىزنى توسۇپ قالالمىدى. بىز شائىر بولۇپ قالدۇق، ئەمما ئامالىمىز يوق. بىز شائىر بولغان چاغدا ئازابنى تېپىندۇق. ئەي بۈيۈك، بىزنى كەچۈرگىن. شائىرلارنىڭ ئەتراپىدا ئايال بار. ئەي بىناۋا ئادەملەر، بىز سىلەردىن پىنھان بولالمىدۇق، چۈنكى شائىرنىڭ يېنىدا شائىر بار. شائىر سىرىنى ساقلاپ قالالمىدى.

مەن تەنھالىقنىڭ مەنىسىنى يېشەلمەي ئېغىر قەدەملىرىمنى سۆرەپ شائىرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدىم. ئالەم تەنھا، شائىرلار تەنھالىقتا ھاياجىنىنى ئالەمگە قويۇپ بېرىدۇ. سىرلىق كۆچ مېنى چەكلەيتتى. باشقا بىر پلانىتىدىن شائىرنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم. ئوسمانجان ساۋۇت يالغۇز ئىدى، بەش قىزى، بىر قىز، بىر ئوغۇل نەۋرىسى بىلەن ئۇ گويا كاھىنلاردەك قىزلار بىلەن قورشالغان مۇقەددەس تەنھالىقنىڭ نۇر چەمبىرىكى ئىچىدە شېئىر بوشلۇقىغا ئۆرلەيتتى. بۇ ئۆيدە ئايال ئۆلگەن، بۇ ئۆيدە ئايال شائىرنىڭ ئەتراپىدا مېڭىپ يۈرگەن روھ. ئەينەك رامكىدا تۆت يىل بۇرۇن ئالەم تەنھالىقىغا قېتىلغان شائىرنىڭ ئايالى، مەن بۇ ئۆيدە-رامكىغا ئېلىنغان يەنە بىر سۈرەتنىمۇ كۆرگەن. ئۇ روسىيە شائىرى سېرگېي يېسىنىن ئىدى. تەبىئەتنى ئەڭ گۈزەل كۈيلىگەن، كوچىلاردا لاي - پاتقاقلارغا مىلىنىپ غەرق مەست ياتقان ئاياللارنى شاللاقلارچە قوغلاپ تۇرمىلەرگىمۇ كىرىپ قالغان. ئاخىرىدا ئۆزىدىكى ئېنېرگىيە بىلەن تراگېدىيىسىنى سىغدۇرۇپ بولالماي ئوتتۇز يېشىدىلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. مانا بۇ ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ قەلبىدىكى شائىر. ئۆزىنىڭ ئېنېرگىيە ئوشۇقچىلىقى ئىچىدە ئۆزگىنىڭ روھىي تۇقۇنۇشلىرىنى چۈشىنىدىغان، ئادەت قەپىسىدە جان تالىشىپ، قۇتراپ كونتروللۇقىنى يوقاتقان تالانت ئىگىسىنى ئەپۇ قىلىپ ئۆزىنى ئەخلاق زەنجىرلىرى بىلەن قات - قات باغلىۋەتكەن زىددىيەتلىك شائىر.

تۇرمۇشنىڭ مەنىسىزلىكىگە بەرداشلىق بېرىش تەس. چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ ئىچى پارلىمايدۇ. مەنىگە، تەنھالىققا، ئۇلۇغۋارلىققا يوقلۇقتىن جاۋاب ئىزدەيمىز. كۆچكە، تەنھالىققا، ئۇلۇغۋارلىققا ئاياللاردىن ماسلىق ئىزدەيمىز.

مەن ھاياجانلىق شائىرنىڭ تەنھالىقىنى يەشمەكچى بولدۇم.

- ياق،- دېدى شائىرنىڭ ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقان ئامراق يۈرەك پارىسى كەنجى قىزى ئالمىرە،- دادام توي قىلسا مەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن، ئاياللار ئەسكى، بۇ دۇنيادا ئانامدىن باشقا دادام بىلەن توي قىلسا بولغۇدەك ئايال يوق.

شۇنداق، ئايالنىڭ روھىلا شائىرغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. ھەرقانداق ئايال شائىرنىڭ روھىي تەشنالىقىنى قاندۇرالمايدۇ. چۈنكى شائىرنىڭ ئىزدىگىنى رېئاللىقتىكى نەرسە ئەمەس. بىراق شائىر ئايالنىڭ ئالىقىنىدا، مەيلى ئايال بولسۇن ياكى بولمىسۇن، شائىر ئايالنىڭ ئالىقىنىدا، شائىر مەيلى مەيخانىدا ياكى مەسچىتتە بولسۇن، شائىر ئايالنىڭ ئالىقىنىدا. . .

مەن يىگىتلىك بوسۇغىسىغا قەدەم قويغىنىمدىن باشلاپ ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ سۆيگۈ قەسىدىلىرىنى ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. شائىر شېئىرلىرىدىكى جىلۋە ناز قىلىپ تۇرغان ئايدا، قارنىڭ زېمىنىنى ئۈن - تىنسىز سۆيۈشلىرىدە، سۇنىڭ مەستخۇش ئاۋاز بىلەن غەمزە قىلىپ ئېقىشلىرىدا. . . ھەممە - ھەممىدە ئايال بار. شائىرنىڭ ئايالى بار چاغدىمۇ، يوق چاغدىمۇ بۇ مەڭگۈلۈك قەسىدە ئۈزۈلۈپ قالمىدى. مەن شائىرنىڭ يېرىم كېچىلەردە ۋە كۈندۈزلەردە، ئادەملەر ئارىسىدا ياكى تەنھا تۇرغاندا ئاياللارغا شىۋىرلاشلىرىنى ئاڭلىدىم. شېئىر مەڭگۈلۈك ئاشىقلىق كۈيى.




## ئىشقنامە

(جالالىدىن رۇمىغا)

### 1

سۆيەرمەن، ئۆزۈمدە ئۇنى سۆيەرمەن،
بار ئۇ ھەر تىنىقىمدا، جان مېنى تەرك ئەتمە.
ئىزدەرمەن، ھەر نەپەس ئۇندىن جۇدامەن،
ۋىسال ئىستەرمەن ھىجران مېنى تەرك ئەتمە.
يەردە تۇپراق ئۇ، كۆكتە قۇياش،
يەر مېنىڭ تاپىنىمدا تۇر، ئاسمان مېنى تەرك ئەتمە.
كۆرەرمەن، ھەر ئادەمدە بولۇر ئۇ ئايان.
مۇھەببەت ئەينىكى - ئىنسان مېنى تەرك ئەتمە.
كىرەي ۋۇجۇدۇمغا ئۇ ھەم ئۇندىندۇر
تەن ئىشتىياقى - ھايۋان مېنى تەرك ئەتمە.
بۇزۇپ قىرغاقلىرىمنى ئاقاي ساڭا
ئۇ ھەم سەندىدۇر سۇبھان مېنى تەرك ئەتمە. . .
يوقالدى دىلدىكى مۇقەددەس گۇمان
چېكىگە يېتەلمەس ھېچبىر ھاياجان
ئەي ئۆزىدىن ئۆزىگە قاراپ ماڭغان
دەقىقىلەردىكى مەڭگۈلۈك كارۋان
مېنى تەرك ئەتمە!

### 2

گۈل ئېچىلدى، تاڭدا ئۇخلار بۇلبۇلى
تال يېشىندى سۇدا ئوينار سۇمبۇلى
ئەر بالاغەت دەشتىدە پىيادىدۇر
ئىنتىزار، باغلاقتا كىشنەر دۇلدۇلى.
كۆلپەت مەشرەپ ئوينار ئەس - يادىمدا
ياڭرار ھەر قەدىمىدىن ئۇنىڭ مەرغۇلى.
ئۇ ئاياندۇر زۇۋانسىز رىيازەتلەردە
زامان مېنى تەرك ئەتمە.
ئىبادەت پەيتىدە بول ھەرنىغ مۈڭ - زار لازىم ئەمەس
چاپقىن قېنىنىڭنى
شېرىن - سۇخەن ئىزھار لازىم ئەمەس
ئۇ ھەم ئىبادەتتىن مۇھەببەتكە ئۆتكەن ئادەمدۇر
چۆكەي گۇناھلىرىمغا، كۆيەي گۇرۇلدەپ
ئىشق پەرۋىشكارى - شەيتان مېنى تەرك ئەتمە.
دىلىمدا تاش - چالمىلار لەكمىڭ، گۈل - گۈلزار
لازىم ئەمەس
ئۆلۈپ تىرىلەرمەن كۈندە مىڭ رەت دار لازىم ئەمەس
مېنىڭ بۇ ئاھۇ - پىغانىمدىن زۇۋانغا كىرسە تاش،
بولدى،
يەرۇ - ئاسماننى سورىغۇغۇچى ئەشئار لازىم ئەمەس.
مېنىڭ بۇ غېرىبلىقىمنى ئوخشىتار بىر كىم ئالەمگە
ئوخشىسام ئۆزۈم ئوخشاي بەس، گۇناھكار لازىم
ئەمەس. . .
ئۇ ھەم ھەقىقەتتىن «جىنايەتكە①» ئۆتكەن ئادەمدۇر
سۆيەرمەن ئۇنى، ئۆزۈمدە سۆيەرمەن
روھ قايىمى - ئىسيان مېنى تەرك ئەتمە!

## يارىمنىڭ چېچى

يارىمنىڭ ئىككى تال تۇم، ئۆرۈم چېچى
مۇھەببەت دارىنىڭ ئىككى تۈۋرۈكى.
جان تەسلىم قىلىمەن ئېسىلىپ ئاڭا
قۇش ئالتۇن قەپەسنى چاققان شۇ كۈنى.

ساقلايمەن مىڭ جاننى بىر جان ئىچىدە
ساقلايمەن سۆيگۈمنى ھىجران ئىچىدە.
ئاھ ئۇرۇپ شاھانە ئايۋان ئىچىدە
ساقلايمەن ئەركىمنى زىندان ئىچىدە.

ئاۋازىم مەنزىلنى يۈرىدۇ ئىزدەپ
چۆلدىكى يوقالغان كارۋان ئىچىدە.
قولۇمنى سوزىمەن ھەقكە، رەھىمگە
ئۆزۈمنى ھەريان ئۇرۇپ ئارمان ئىچىدە.

گۈلخانىنىڭ ئىچىدە تىترەيمەن يالغۇز،
ساقلايمەن ئىزىمنى بارخان ئىچىدە.
بىر تامچە قېنىمدىن بولۇپ مەن ئۆرە
ساقلايمەن يارىمنى ئىمان ئىچىدە. . .

ئېسىلىپ ئۆلىمەن سۆيگۈ دارىغا
قۇش ئالتۇن قەپەسنى چاققان شۇ كۈنى.

---

① جىنايەت - ھەقىقەت ئىزدەش يولىدىكى ھەرىكەت.

كېچىسى بوينۇمدا، كۈندۈز ئويۇمدا
يارىمنىڭ ئىككى تال تومى، ئۆرۈم چېچى.

## پىراق

ئاي كېچىدە دېرىزەمنى تىرىقلاتقاندا
سەن كېلىسەن يادىمغا
دۇتارىمنى يىغلىتىپ زار ـ زار
ناخشا ئېيتىمەن رامىنىڭ ئالدىدا.

تاغدىكى ئاھۇ سەن،
دەريادىكى سۈزۈك تاش،
چۆلدىكى ياھۇ سەن،
مەڭزىمدىكى تامچە ياش! . . .

مۇھەببەت ـ تەڭرىنىڭ خەۋىرى،
سېغىنىش ـ ئىبادەت،
ئۇلۇغ ھايۋان ـ
تەندىكى كامالەت.

سەن نەدە؟
تەلمۈرىمەن سۆيۈپ تۇرۇپ ئاھ،
سېغىنىمەن باغرىمغا بېسىپ.
ۋارقىرايمەن سەن قەيەردە دەپ
تۇتۇپ تۇرۇپ قولۇڭنى. . .

سەن نەدە؟
قەلبىمدىكى ۋەتەندىمۇ سەن،
شېئىردىكى ئۆي ـ ماكانىمدا؟ !

# باغرىمدا چېچەكلەر ھىجران

**ئۆمەرجان سىدىق (مىسكىن)**

## تەنھا كۈپلېتلار

سىياھ تامغان بىر ۋاراق قەغەز،
قايتىلمايدۇ ھەرگىز ئەسلىگە.
باھار ئۆتۈپ كەلسە تومۇز، ياز،
يەنە قايتماس باھار پەسلىگە.

* *

بىر ئازابقا بولدۇم مۇپتىلا،
تالاي تۈنلەر ياش تۆكتۈمغۇ ئاھ. . .
سېنىڭ ئۈچۈن يۈتاي بوپتۇلا،
قىزىق چايىنى دېمەستىن پاھ ـ پاھ. . .

* *

بىلىمەن يۈرىكىڭ چاڭقىغان ئېگىز،
تەشنالىق ئېلكىدە چاچرىتار يالقۇن.
مەرمەردەك يۈزلىرىڭ تاتارغان دېڭىز،
كۆز يېشىڭ ئۆركەشلەپ ياسايدۇ دولقۇن.

* *

ئادەملىك دەھشىتىدىن تولغىنىپ تەس،
ياشايمەن ئالىمىدە بۈيۈك، تەنھا.
تەڭرىدىن ئۇلۇغ ياكى ئىتتىنمۇ پەس،
بولايمەن ئۆز ـ ئۆزۈمدە قايتا پەيدا.

مەيلى كەت يىراق ئۈپۈق قىرغىقىغا،
ھەسرەتلىك قىسمىتىڭدىن قاچماق بولۇپ.
مەھكۇمسەن تەھقىق لەنەت تىرنىقىغا،
تۈگەيسەن، ھايات جامىڭ ياشقا تولۇپ.

* *

ئۇزاقلاردا قالغان گۈلۈمسەن،
يات تۇپراقتا پورەك چاچقىلى.
كۆلكەم ئۈچۈن ماتەم كۈيۈمسەن،
ياشاپ كەلدىڭ شەپقەت چاچقىلى.

## بىر سۈرەتكە قاراپ

(بىر قىزنىڭ سۈرىتىنى كۆرگەندىن كېيىن)

پەرەنجەڭ مەقسەتسىز سىيرىلىپ يېرىم،
سەدەپتەك كۆكرىكىڭ بولۇپتۇ ئايان.
شىشىدەك ئاق تېنىڭ شۇنچە بېجىرىم،
لال قىلىپ يۈرەكنى، قوزغار ھاياجان.

بىر قولۇڭ ساڭگىلاپ تۇرىدۇ پەسكە،
بېلىكىڭ ئۈستىدە سوغۇق چەمبىرەك:
كىمنىدۇر ئالماقچى بولۇپسەن ئەسكە،
جۇپ كۆزۈڭ ھىجراندىن بېرىدۇ دېرەك.

باشاقلار يۆگەلگەن قارا پەرەنجەڭ،
يەنە بىر قولۇڭدا قاماللانغان چىلەڭ.
ئاق ياغلىق بېشىڭدا، يوقالغان كۈلكەڭ،
سۆيۈشنى كۈتكەنچە ئېچىلغان لېۋىڭ.

ئاق قارا ئۈستۈڭدە بوپتۇ مۇجەسسەم،
ھاياجان دەملىرى تىترىدى يۈرەك.
سېھرىڭدىن بىھوش بوپ يىقىلار ئادەم،
تۇرقۇڭدىن تۆكۈلەر بىر سۆيگۈ ئەلۋەك.

# ئۈچ شېئىر

**غېنى قۇربان (قوغۇنچى)**

## ئۆكۈنۈش

ئۆتمۈشنىڭ ياسالدى غىل - پال تۈنۈگۈن،
ئۇچراشتۇق كۆزلەردە تەقدىر زورىدەك.
ئەگىيدۇ تامچىلار مەڭزىڭدە بۈگۈن،
كۆزلىرىڭ دېڭىزنىڭ قونالغۇسىدەك.

غەم ئويىنار لېۋىڭدە، چىرايىڭ سولغۇن،
سەندىكى قىزىللىق ئۇ نەدە، قېنى؟
قامىتىڭ گويىكى قۇرىغان يۇلغۇن
ئەمەسمۇ ياكى تەن ئۆزۈڭنىڭ تېنى؟

دىلكىشىڭ كۆرۈنمەس، كەتتى ئۇ قايان؟
ئۆكۈنۈش قىلىدىمۇ ئۆزىنى سوۋغا؟
كېچىكتىڭ، ئۆتمۈشلەر ئەيلەندى بايان،
ئۆزگە چۈن ئۇ سېنى تىكتىڭغۇ دوغا؟!!

تاشلاندۇق كەپىدەك شۇ غېرىب سۆيگۈڭ،
تۇرۇپتۇ پېيىڭدا پېشىڭنى تۇتۇپ.
بەئەينى ھەسرەتكە ئوخشاپسەن ئۆزۈڭ،
كەتكەندەك غەملىرىڭ شادلىقنى يۇتۇپ.

## ئىشق

بىلمىدىم، خانەمگە قانداقچە كىردىڭ؟
ئوۋلاندىم، ئوۋلىدىڭ مەيلىمنى بۇلاپ.
نەلەردە ئولتۇرۇپ مېنى چاقىردىڭ؟
كەتتىڭغۇ ھېسلىرىم ۋەسلىڭنى قوغلاپ.

قاچماقتا يۈرىكىم ئاھ... مېنى تاشلاپ،
ۋۇجۇدۇم ئۇچقۇنغا سۆركەلدى بۈگۈن.
سەلكىنلەر كەلسە گەر جىلۋەڭنى باشلاپ
ئاقىدۇ ئىچىمدە بىھېساب قىيان!

شامالغا چاچتىڭمۇ تىنىقلىرىڭنى؟
ھىدلىسام كېلىدۇ چىمەن پۇرىقى.
كۆلكىدىن ئالدىڭمۇ قىلىقلىرىڭنى؟
كۆلكىگە ئوخشايدۇ ئۆزۈڭنىڭ تۇرقى.

ھويلاڭغا تۇتۇشار سامانىڭ يولى،
چاقنايدۇ ھۆسنىڭنىڭ ئوچۇق سىماسى.
شەنىڭنى ئەگىيدۇ سازىمنىڭ تىلى،
يۇلتۇزدەك كۆي چاچار ئىشقىم جۇلاسى.

ئەجەلدەك ئاچ تۈيغۇ قۇچۇشلار ئارا،
سۆرەيدۇ غايىب كۈچ ھۇجراڭغا مېنى.
قىزىللىق نە، قىزىل چىرايىم بورا،
يادلايدۇ كۈيىدە مۇڭلۇرۇم سېنى.

## تەقدىر

كۆزلەردە نىگاھلار ئالماشقان بۈدەم،
ئۇ ساڭا، سەن ماڭا، مەن كىمگە قاراي؟
تۇمانرەڭ خىياللار چىرمىشىپ مەھكەم
يۈرەكتە ياسىغان داغلاردىن ساراي.

# كۆزلەر بالاسى

**ئەخەت كەلپىن ئىنسانى**

كۆزۈڭنىڭ ئىچىگە قارىغانسېرى
دۇنيا مۇشەققىتىگە قالدىم ئەي ئايال!
ئۇندىن قايتىپ چىقماقنى ئىستەپ
تاپالمىدىم ھېچقانداق ئامال...
مۇنداق قارىماسلىقىم كېرەكتى ساڭا
مۇنداق قارىماسلىقىڭ كېرەكتى ماڭا
مۇنداق قاراشتىن بالا تېرىلاتتى...
مەن چىدىيالمىدىم

چىداش زۇلمىتىدە تىتما - تالان بوپ.
ئېيتقىن! بۇ ماڭا نىمە تارتقۇلۇق
مەن ئۆزۈمگە سالدىمۇ قۇلۇپ
چىقىش يولۇمنى ھىم ئېتىپ تۇرۇپ؟!
كۆزۈڭنىڭ ئىچىدە قالدىم قايسىلىپ،
كۆزۈڭنى يۇمۇقلۇق دېسەم، بۇ يالغان!
يۇمۇقسىز كۆزۈڭدىن چىقىپ كېتەي دەپ
بىر تەلۋە ئاشىقمەن ئىچىڭگە ماڭغان...

# تاش ساداق

(نەسر)

قۇربان ئەمەت

**1**

تاش ساداق تاشقا قادالدى ـ دە، ئۆز ماھىيىتىگە قايتتى. بۇ ئالىقاچان روي بەرگەن ئىش بولۇپ، ئالىقاچان ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندى. تاش يۈزىدە جاراھەت قالغان ياكى قالمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ھېچبولمىغاندا تاشنىڭ قەلبىدە شۇ قېتىمقى قادىلىشنىڭ جاراھىتى ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. تاش قەلبىنىڭ تاشتەك قاتتىق بولۇشى ناتايىن بولغاچقا، ئۇنىڭدىن يانغان سادالارغا ھۆكۈم قىلىشقا مۇمكىنچىلىك بار ـ يوقلۇقىغا ئىشەنچلىك جەزم قىلىشقا بولامدۇ يوق؟ ئېھتىمال ئاشۇ سادالار بىزنىڭ تۇيغۇمىزغا بۆسۈپ كىرىشكە ئىجازەت ئالالمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. غايىب سادالار ھەققىدە تېخىچە ھۆكۈم چىقىرىلمىدى.

**2**

كىمدۇر بىرى «تاش ساداق تاشقا قادالغاندا ئۆز ماھىيىتىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەندە، پەرەز قىلىشنىڭ ئەپلىك ئۇسۇلىنى تاپالماي قالغانلىقىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ناۋادا ھەقىقەتەن ئاشۇنداق ئىش روي بەرگەن بولسا، ئۇنداقتا بىز ئېيتىۋاتقان ماھىيەت قەيەردە؟ ناۋادا ھەقىقەتەن ئاشۇنداق ئىش روي بەرگەن بولسا، ئۇنداقتا ماھىيەتنىڭ ئۇ يېقىدا يەنە بىر ماھىيەت بارمۇ؟ ناۋادا ھەقىقەتەن ئاشۇنداق ئىش روي بەرگەن بولسا، ئۇنداقتا ماھىيەتنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يەنە بىر ماھىيەت زادى قايسى؟ كىمدۇر بىرى ھېلىمۇ «تاش ساداق ئۆز ماھىيىتىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ پەرەز قىلىپ كەلمەكتە.

**3**

تاش ساداق تاشقا قادالغاندا ئۆز ماھىيىتىنى يوقاتقان دېگۈچىلەرمۇ بولغان. ئۇنداقتا تاش ساداقنىڭ تاشقا قادىلىشتىن ئىلگىرىكى ماھىيىتى نېمە؟ ئىلگىرىكى ماھىيىتى ساداق، يەنە كېلىپ تاش ساداق بولۇشى كېرەك. ئەمما ئىلگىرىكى ماھىيەتنىڭ يوقالغانلىقىغا قاراپلا «تاش ساداق تاشقا قادالغاندا ئۆز ماھىيىتىنى يوقاتقان» دېيىشكە بولامدۇ يوق؟ ھەقىقەتەن ئىلگىرىكى ماھىيىتىنى يوقاتقان بولسا، كېيىنكى ماھىيەتكە ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ چىقىشى كېرەكقۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا «تاش ساداق تاشقا قادالغاندا ئۆز ماھىيىتىنى يوقاتقان» دېيىشكە بولمايدىغاندەك تۇرامدۇ قانداق؟ ئەمما ئىلگىرىكى ماھىيىتىنى يوقاتمىغان بولسا، كېيىنكى ماھىيەتنى قانداق تاپىدۇ. بۇنىڭغا «تاش ساداق تاشقا قادالغاندا ئۆز ماھىيىتىنى يوقاتقان» دېگۈچىلەرنىڭ جاۋابى تەييارمىكىن.

**4**

گەپ تاش ساداق ئۈستىدە كېتىپ بارىدۇ. ئەمما تاش ساداققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تاش ساداققا ئائىت ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن سىرت ھادىسىلەر بولۇپ چىقىدۇ. شۇنداق دەپ ئويلاشقا ئاساسىمىز بولسا، ئۇ ھالدا تاش

ساداقنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە يەنە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈدۈل يول بارمۇ؟ بولۇشى مۇمكىن. تاش ساداق تاش پىكىرلەر ئىچىدىن ئاللىقاچان بىر يول ئاچقان، يول ئېچىلغان - دە، يەنە ئۈزۈلۈپ كەتكەن. تاش ساداق تاش پىكىرلەرگە، تاش پىكىرلەر تاش ساداققا ئۆزلىشىپ كەتكەن. بىر ناخشا تا ھازىرغا قەدەر ئېيتىلىپ كەلمەكتە. ناخشىدا تاش شائىرنىڭ تاشتەك قاتتىق نەزمىسى، ناخشىدا تاش كۈيبازنىڭ تاشتەك ئېغىر نەغمىسى، ناخشىدا تاش ناخشىۋەننىڭ تاشتەك سوغۇق غەمزىسى.

5

يەنە بىر ئۇۋچى بولغان. ئاداشقان ياكى ئاداشمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئاتقان ساداقلىرىدىن ئەسلىمە قالغان. باشقىلارنىڭ ئېيتىپ يۈرۈشلىرىچە، شۇ قېتىمدا ئاشۇ ئۇۋچى تاش ساداققا ئايلىنىپ كەتكەن. تاش قەلبىگە دەپنە قىلىنغان. تاش ساداق تاشقا دەپنە قىلىنغان بولماستىن، بەلكى ئۇنى تاش يۇتۇپ كەتكەن دېگۈچىلەرمۇ بولغان. تاشنىڭ ئابىدە ياكى ئابىدە ئەمەسلىكىنى تىلغا ئالغانلار بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئاشۇ قېتىمقى ئۇۋنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدىكى ئەڭ تولۇق خاتىرە پەقەت مانا مۇشۇ. تاش يىزىقلاردىن تاش پىكىرلەر ئەنە شۇنداق تۇغۇلۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن تاش تارىخقا ئايلىنىپ كەتكەن. تاش تارىخنىڭ تاش بەتلىرى تاش ئۇۋچىنىڭ تاش ياشلىرى بىلەن يۇيۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئېھتىمال ئاشۇ قېتىمقى ئۇۋنىڭ قىسمەن خاتىرىلىرى ئۆچۈپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن، ئاشۇ قېتىمقى ئۇۋنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدىكى ساقلىنىپ قالغان ئەڭ تولۇق خاتىرە پەقەت مانا مۇشۇ. تاش ئۇۋچىنى تاش يۇتقان بىلەن تاش تارىخنى تاش يۇتۇپ كېتەلمىگەن.

6

يەنە بىر ئۇۋچى بولغان. ئۇۋ ئۈستىدە ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ خامتالاش قىلىنىپ تاشلانغان. قايسى ۋەھشىي ھايۋاننىڭ قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ كۆكرىكى پارە - پارە قىلىۋېتىلگەن. كىشىلەر ئۇنىڭ خامتالاش قىلىۋېتىلگەن جەسىتىنى تېپىشقان ۋاقىتلىرىدا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېلىشقانىكى، خامتالاش قىلىۋېتىلگەن ئۇۋچىنىڭ يۈرىكى ئورنىدا قاپقارا تاشنى كۆرۈشكەن. تاش قاپقارا بولۇپ، ھېچقانداق قان يۇقىمۇ بولمىغان. مۇزدەك سوغۇق، كۈلدەك خۇنۇك، مۇردىدەك جانسىز ھالدا قېتىپ قالغان. ئۇلار ھازا ئاچماقچى بولۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋازلىرى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، ھازا ئېچىشقا ئامال بولمىغان. شۇڭا خامتالاش قىلىپ تاشلانغان تاش يۈرەك ئۇۋچىنى ئۈن - تىنسىز دەپنە قىلىشقان. ئۇنىڭ يۈرىكى ئورنىدىكى تاشنى بولسا يەر ئۈز قوينىغا ئالمىغانلىقى ئۈچۈن، تاش يۈرەك ئۇۋچىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ نىشانىسى قىلىپ قويۇپ قويۇشقان. شۇنىڭدىن كېيىن يۈرەكتاش تاش يۈرەك ئۇۋچىنىڭ يېگانە ئابىدىسى بولۇپ قالغان. بىراق ئاشۇ يۈرەكتاشتا تاش يۈرەك ئۇۋچى ئاتقان تاش ساداقنىڭ ئىزناسى قالغان ياكى قالمىغانلىقى تا ھېلىمۇ بىر سىر بولۇپ كەلمەكتە.

7

ئاۋازنىڭ تاشقا ئايلانغانلىقى ھەققىدىمۇ يەنە بىر ھېكايەت بار. بېشارەتچى بالا تاش شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى قاققاندا تاش سۈپا ئۈستىدە تاش ئۇيقۇسىدا ياتقان تاش ئادەملەر ئويغانمىغان. ئۇلار تاش چۈشىنىڭ قەرىگە چۆكۈپ ئۇخلاپ كېتىشكەن. بېشارەتچى بالا بار ئاۋازى بىلەن شەھەردىكى تاش ئۇيقۇسىدا ياتقان ئاۋامغا خىتاب قىلغان:

ـ سىلەر تاش شەھەرگە ياراشماق ئىستىكىدە بولماڭلار. ئۇنداق بولمايدىكەن، بەدەل تۆلەشكىمۇ چىقىنالماي قالىسىلەر.

تاش شەھەر تاش سۈكۇناتىدىن بىشىنەلمىگەن. بېشارەتچى بالا بولدى قىلماستىن يەنە

خىتاب قىلغان:

— سىلەر بەدەل تۆلەشكە چىقىنالمىغۇدەكمىز دەپ خام خىيال قىلماڭلار، خام خىيالىڭلارنى خام پېتى قالدۇرۇپ قويۇشقىمۇ ئامال تاپالمايسىلەر.

تاش شەھەر تاش سۈكۈناتىدىن زادىلا يۇلقۇنۇپ چىقالمىغاندىن كېيىن، بېشارەتچى بالا تاش شەھەردىكى تاش ئاۋامغا ئاداققى قېتىم خىتاب قىلغان:

— سىلەر ئامال قىلالمىغۇدەكمىز دەپ ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. سىلەرگە ئاداققى خىتابىم شۇكى، سىلەر ئۈمىدسىزلىنىشكىمۇ قادىر بولالمىدىڭلار.

شۇنىڭدىن كېيىن تاش شەھەردىن سادا بولمىغان. بېشارەتچى بالىنىڭ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، تاش شەھەرگە كىرگەنلىكى ياكى تاش شەھەر دەرۋازىسىدىن يانغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق. بىراق تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن چۇقان ھەققىدىكى رىۋايەت تا بۈگۈنگە قەدەر ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

8

تاش ۋاقىت ھەققىدىكى پۈتۈكلەر تولۇقى بىلەن ساقلىنىپ قالمىغان. بىراق بۇ ھەقتىكى ئۇزۇندىلەر تاش يۇقۇندىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ مەڭگۈتاش چاناقلىرىدا ساقلىنىپ كەلگەن. تاش ۋاقىت ئۆتمىگەن. ئۆتمەكچى بولغان ياكى بولمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئەمما ئۆتمىگەنلىكىگە قاراپ ئۆتمەي قالغانلىقىنى جەزم قىلىشقا بولمىسىمۇ، لېكىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. تاش ساداقنىڭ يوقالغانلىقى ئېھتىمال تاش ۋاقىتنىڭ ئۆتمەي قالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. تاش ۋاقىتنى تاش قىسمەت توساپ قالغانمۇ ياكى باشقا سەۋەبلەر بارمۇ، تاش قىسمەتنىڭ تاش ۋاقىتنى ئۆتكۈزمىگۈدەك قۇدرىتى بولغانمۇ، بۇلار ئوچۇق ئەمەس. تاش ۋاقىت ھەققىدىكى پۈتۈكلەر تولۇقى بىلەن سانىلىپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن، تاش يېزىقلارنىڭ ئۆپرىشىدىن قالغان غىل - پال ئىزنالارنى ئوقۇپ كۆرۈشكە ئامال بولمىغان.

9

تاش ساداقنىڭ تاشقا قادالغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆز ماھىيىتىگە قايتقانلىقى ئاللىقاچان رويى بەرگەن ئىش بولۇپ، ئارىدىن زادى نەچچە ئەسىر ئۆتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق.

تاش ساداق تاشقا قادالغانلىقى تۈپەيلىدىن ماھىيىتىنى يوقاتقانمۇ ياكى دەل ئاشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن ماھىيىتىنى تېپىۋالغانمۇ، بۇنى سوراپ بىلىۋېلىش ئۈچۈن تاش شەھەردىكى تاش ئادەملەرنى تاش ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنى ئويغىتىش ئۈچۈن يەنە ئاۋاز بولمىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاۋاز چۇقان مەرتىۋىسىگە يەتكەن ئاۋاز بولۇشى كېرەك. بىراق ئۇمۇ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، تاش ئاۋازنى تاش ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا تاش ساداقنى ئىشلەتمەي بولمايدۇ. بىراق تاش ساداق قەيەردە؟ ئېھتىمال ئۇ ماھىيەت بىلەن بىر يەردە بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا ماھىيەت قەيەردە؟ ماھىيەتنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىدىغان ئاخىرقى شاھىد تاش يۈرەك ئۇۋۇچى بولۇپ، ئۇنى ئاللىقاچان تاش - تۇپراق يۇتۇپ كەتكەن. ئۇنى تېپىش ئۈچۈن ئېھتىمال ئالدى بىلەن يۈرەكتاشنى تېپىشقا توغرا كېلىدىغاندۇ. يۈرەكتاشنى تاپقاندىن كېيىن، ئېھتىمال تاش ئاۋازنىڭ كۈنى تۇغۇلۇپ، تاش ئادەملەرنى ئويغىتىپ قالسا، تاش ئادەملەر تاش يۈرەك ئۇۋۇچىدىن يەنە نۇرغۇن سىرلارنى سوراپ باقسا ياخشى بولاتتى. بېشارەتچى بالىنى غايىب سادانىڭ نەق ئۆزى دېگۈچىلەرمۇ بار. ئىشقىلىپ تاش ئادەملەر تاش شەھەردىكى تاش ئۇيقۇسىدىن قۇتۇلمىغۇچە بۇ يەردە بىر ناخشا ئۈزۈلمەستىن ئېيتىلىپ كەلمەكتە. ناخشىدا تاش شائىرنىڭ تاشتەك قاتتىق نەزمىسى، ناخشىدا تاش كۈيبازنىڭ تاشتەك ئېغىر نەغمىسى، ناخشىدا تاش ناخشىۋەننىڭ تاشتەك سوغۇق غەمزىسى.




ئۇ ناھايىتى ئۇزاق ئۇچۇپ شەھەرگە كىرىپ قالدى. ئەسلى ئۇنىڭ شەھەرگە كىرىش نىيىتى يوق ئىدى. توغرىسىنى ئېيتساق، شەھەر دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ياۋايى ھايۋانلارمۇ ماكان تۇتمايدىغان تاقىر تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتتۈۋىدى، كۆز ئالدىدا بىردىنلا شەھەر دېگەن تىلىسمات نامايان بولدى. ئۇ شىددەتلىك دولقۇن قىيا تاشقا ئۇرۇلغان كەبى قاناتلىرى سۇنغۇدەك زەرب بىلەن يۇقىرىغا كۆكلەپ كەتتى. ۋەھشىي لاچىن كۆك قەرىدىن ئوقتەك شۇڭغۇپ چاڭگال سالاي دېگەندە، ئۇ ئاشۇنداق قۇتۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ خۇددى قانچە يۇقىرى ئۆرلىسە خەتەر ئۆزىدىن شۇنچە يىراقلىشىدىغاندەك خىيالدىن كېيىن توختىدى. كىچىككىنە يۈرىكى پوكىنىنى يېرىپ ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك شىددەت بىلەن دۈكۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى. ۋەھالەنكى، قاپقارا بەھەيۋەت شەھەر ئەسلىدىكىدىن تېخىمۇ زورىيىپ قالغاندەك كۆز ئالدىدا لاغىيىپ ياتاتتى.

ئۇ ھوشيارلىق بىلەن ئەتراپىنى كۆزەتكەچ، ھاۋادا ياي ھاسىل قىلىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. بۇنداق غارايىبات كۆڭلىگە ۋەھىمە سالغان بولسىمۇ، ئەقلىنى لال قىلغانىدى.

شەھەر بەئەينى تۆت چاسا غايەت زور قورام تاشلارنى رەتلىك تىزىپ قويغانغا ئوخشايتتى. تاشلارنىڭ يان - يانلىرىدا ھېسابسىز پارقىراق كۆزلەر قورقۇنچلۇق ۋالىلداپ تۇراتتى. ئايازدا سايغا كەلكۈن كەلگەندە تۇرغۇن تارماق ئېقىنلار ھاسىل بولىدۇ. شەھەردىمۇ ئاشۇ ئېقىنلاردەك ساناقسىز يوللار بار ئىدى. ئۇ شۇنداق سەپسىلىپ چۆچۈپ كەتتى. ئەپيۇھانناس! يوللارغا سىغماي قىمىشىپ يۈرگىنى قانداقتۇر ئۆمىلىگۈچى جانىۋارلار بولماستىن ئادەملەر ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە مۇنچە ئادەملەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۇ ئىككى پۇتلۇق مەخلۇقلار ئاياغ باسقان يەردە قىيامەت قايىنايتتىكى، ئورماندىكى ئەڭ ۋەھشىي جانىۋارلارمۇ بۇ يېڭىلمەس، ئەشەددىي كۈشەندىسىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيتتى. ئۇلارغا زىنھار يېقىن يولىمايتتى.

ئۇنى سۇر باستى، بۇ قورقۇنچلۇق جايدىن يىراق تۇرمىسا ھالاك بولىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيغاندەك بولدى.

بىراق شۇ چاغ ئۇ ھەيرانلىقتىن ھاڭقېتىپ قالدى. بىر توپ كەپتەر - پۈتۈن سىن - تۇرقى ئۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىر توپ كەپتەر شەھەر ئىچىدىن توپتوغرا ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز كۆزىگە چىن پۈتمەي قالدى. ئادەملەرنىڭ ماكانىدا كەپتەرلەر نېمە قىلىسۇن؟ ئادەم دېگەن ھىيلە - نەيرەڭلىرى كۆپ بۇ مەخلۇق ئۇنىڭغا جادۇ قىلغان بولمىسۇن يەنە.

كەپتەرلەر ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. كەينىدىن غەلىتە گۈڭگۈلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. ھەممىسىنىڭ تۇرقى ئوخشاش بولسىمۇ رەڭگى ھەر خىل ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق رەڭگارەڭ ئۈن كەپتەرلەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

كەپتەر ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىشىگە ئۇ تېزلىك بىلەن تاغ تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

كەينىدىن گۈڭۈلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. ئۇ بارغانچە يۇقىرى ئۆرلەپ تېخىمۇ تېز ئۇچۇپ بىردەمدىلا ئۇلارنى خېلىلا ئارقىدا قويدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇچتى. كېيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئارقىغا ياندى.

ئۇنىڭ كۆتكىنىمۇ شۇ ئىدى. شەھەرنى يوشۇرۇپ تۇرغان بۇ ئېزىتقۇ تاغلارنى ھالقىپ ئۆتۈپ ئۆز ماكانىغا كېتىۋالسا بولاتتى. قاناتلىرىدا كۈچ تېخى يېتەرلىك ئىدى. گۈگۈم چۈشكىچە يېتىپ بېرىۋالالايتتى. بىراق ئۇمۇ ئۇچۇشتىن توختاپ قالدى. كۆكتە دائىرە ھاسىل قىلىپ ئايلىنىشقا باشلىدى. بىردىنلا ئۇنىڭدا غەلىتە بىر ھەۋەس پەيدا بولغانىدى. بۇ ھەۋەس ئوت بولۇپ ئۇلغىيىپ ياش يۈرىكىنى قىزىتاتتى.

ئاشۇ مۇلايىم چىرايلىق كەپتەرلەر بىلەن بىردەمگىنە بىللە ئۇچۇپ كۆرسە - ھە! ئۇلارنىڭ قايسى ئىقلىمغا تەۋە جانىۋارلار ئىكەنلىكىنى، ئادەملەرنىڭ ماكانىدا قانداق ئاۋۇنىدىغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلىۋالسا.

ھايال ئۆتمەيلا ئۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ ھېلىقى بىر توپ كەپتەرلەرنىڭ كەينىدىن شەھەر ئىچىگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن خەتەرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ بىلىدىغان ئادەملەر بىلەن بۇ جايدىكى ئادەملەر بىر جىنس ئەمەستۇر. ئورماندىكى نۇرغۇن جانۇ - جانىۋارلار بىر - بىرى بىلەن ئىجىل - ئىناق ياشايدىغۇ. شۇنىڭدەك بۇ جايدىكى جانىۋارلارمۇ ئادەملەر بىلەن ئىجىل - ئىناق ياشايدىغاندۇر. بولمىسا شەھەردە كەپتەر نېمە قىلسۇن؟

ئۇ بىردەمدىلا كەپتەر توپىغا يېتىشىۋالدى. بىراق توپقا قېتىلماي خېلىلا ئارىلىق ساقلاپ ئۇچتى. ئۇلارنىڭ ئۇچۇش ئادىتىنىڭ ئۆزلىرىگە ئانچە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شېرىن چۈشتەك لەرزان، خىرامان ئۇچاتتى. ئۆزىدەك تېز، كۆك قەرىدە ئۇچمايتتى. شەھەرگە ئېچكىرىلىگەنسېرى ئۇنىڭ دىمىغىغا يات، سېسىق پۇراق ئۇرۇلدى. ئۇ ئەزەلدىن تىنىڭشاپ باقمىغان تۇرلۇك - تۈمەن سادالار قايتىدىن ۋەھىمە سېلىشقا باشلىدى. تۆۋەندە شەھەر باغرىغا چەمبەرچاس تارتىلغان يوللاردا ئادەملەر مىغىلدايتتى. ئادەملەر بىلەن ئاللىقانداق مەخلۇقلار ئۇچقاندەك ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرەتتى. ھەددى - ھېسابسىز كۆزلەر كۈن نۇرىدا ۋالىلداپ كۆزنى چاقاتتى.

• شۇ ئەسنادا كەپتەرلەر پەسلەپ غايەت زور قاپقارا بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىگە گۈررىدە قونۇشتى. قورام تاشنىڭ ئۈستىدە خۇددى ئۈنۈپ چىققاندەك شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر كىچىك تاش بار ئىدى. ئۇنىڭدىن كەپتەرلەر سىققۇدەك نۇرغۇن تۆشۈكلەر ئېچىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ بېرىسىدە ئاللىقانداق بىرنەرسە قىيپاش تىرەپ قويۇلغان بولۇپ، كەپتەرلەر دەل شۇ جايغا ئولۇشۇپ ئاچكۆزلۈك بىلەن دانلاشقا باشلىدى.

ئۇ كەپتەرلەرنىڭ ماكانى ئەنە شۇ قورام تاشنىڭ ئۈستى ئىكەن دەپ ئويلىدى. لېكىن ئېھتىيات قىلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئايلىنىپ ئۇچۇپ ئەتراپنى كۆزەتتى. قورام تاشنىڭ ئۈستىدە كەپتەرلەردىن باشقا ھېچقانداق جانىۋارنىڭ يوقلۇقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن، ئاستا پەسلەپ ئۇلاردىن نېرىراق قوندى. ئاندىن ئاستا - ئاستا دانلاۋاتقان كەپتەرلەر توپىغا يېقىنلاشتى. كەپتەرلەردىن ھېچبىرى ئۇنىڭغا ئېرەن قىلماي دانلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئاياغلىرىدا دانلار ماياقلىرىغا مىلىنىپ چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭمۇ نەپسى تاقىلداشقا باشلىدى. ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ ھېرىپ - ئاچقانىدى. باشتا كەپتەرلەر توپىنىڭ چېتىدىنرەك دانلىدى. ئاندىن بارا - بارا ھەممىنى ئۇنتۇپ كەپتەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن تېز - تېز دانلاپ كەتتى.

ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق بىخۇدلۇق قىلمىغانىدى. قاچاندۇر بىر چاغلاردا، جىمى يەر - جاھان باھار قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرىغا چۆمۈلگەن مەزگىلدە ئەمدىلا قېتىۋاتقان قاناتلىرىنى بىر - بىرىگە كۆز - كۆز قىلىشىپ ھەمراھلىرى بىلەن توپىدا ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ ئويىنىشىۋاتقاندا، خۇددى مۇشۇنداق بىر ئىش بولغانىدى. غايەت زور بۈركۈت قانىتىدەك بىر قارا سايىنىڭ ئۆز ئۈستىدىن شىددەت بىلەن چۈشۈۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە تېخىچە بېشىنى كۆتۈرمەي دانلىشىۋاتقان كەپتەرلەر توپىدىن ئۆزىنى سىرتقا ئۇردى. بىراق شۇنىڭ بىلەن تەڭ ھېلىقى قارا سايە ئۆزى بىلەن

بىللە ئۇنى يەرگە بېسىپ چۈشتى. ئۇ ئېسىنى يىغىپ ئۆزىنىڭ قاپقارا، ئېغىر بىر تورنىڭ ئىچىگە قاپسىلىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ھېلىقى كەپتەرلەر خۇددى كېسەل تەگكەندەك پوكىنىنى يەرگە چىڭ بېسىپ مىدىر - سىدىر قىلماي ياتاتتى. ئۇ شۇ ھامان قاناتلىرى بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇپ - سۇرۇپ بار كۈچى بىلەن ئۆزىنى تورغا قالايمىقان ئۇرۇشقا باشلىدى. بىراق سىمدىن توقۇلغان ئېغىر تور يەرگە مىخلىنىۋېتىلگەندەك مۇستەھكەم ئىدى.

شۇ ئەسنادا ھېلىقى تۆت چاسا كىچىك تاشنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەم چىقىپ كەلدى.

* * *

تور يىغىلىش بىلەن تەڭ بىنا ئۈستىدىكى كەپتەرخانىدىن بىر ئادەم ئالدىراپ - تېنەپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئايالالارنىڭكىدەك ئاپئاق، سۈزۈك يۈزىنى خۇشاللىق قاپلىغانىدى. ھېلىقى كەپتەر تور ئىچىدە باشقا كەپتەرلەرنى ئۇيان - بۇيان سۈرۈپ توختىماستىن ئۆزىنى ھەريان ئۇراتتى. تۇرقىدىن ئەزەلدىن تور ئىچىگە چۈشۈپ باقمىغاندەك قىلاتتى. ھېلىقى ئادەم تورنىڭ قېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. شۇنچە ئۇزۇن يىل كەپتەر بېقىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇندىغىنى تېخى ئۇچراتمىغانىدى. كەپتەرنىڭ بەستى ئادەتتىكى كەپتەرلەردىن خېلىلا زور بولۇپ، كەڭ قاناتلىرىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ تورنىڭ ئالدىدا خېلىغىچە كۆزىتىپ ئولتۇرۇپمۇ بۇنىڭ قانداق تورگە تەۋە ئىكەنلىكىگە جەزم قىلالمىدى.

نېمىلا بولمىسۇن بۇگۈن ئۇنىڭ ئامىتى كەلگەنىدى. بۇنداق كەپتەرلەرنى بازاردا كەپتەرۋازلار پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي تالىشىپ سېتىۋالاتتى.

ئۇ كەپتەرخانىغا كىرىپ كېتىپ بىرھازادىن كېيىن تاشلاندۇق قوش چاڭگىسىدەك ئەبجىقى چىققان بىر سىم قەپەسنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئاندىن سىم تورنىڭ بۇرجىكىدىن قول پاتقۇدەك قىلىپ ياسالغان بوشلاق ئىشىكنى ئېچىپ، قولىنى تىقتى. كەپتەر تۇتۇق بەرمەي خېلى ئۇزۇنغىچە ئاۋارە قىلدى. ئۇ مىڭ تەسلىكتە كەپتەرنىڭ بىر پۇتىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى - دە، يەنە بىر قولى بىلەن تورنى كۆتۈرۈۋەتتى. تور ئىچىدىكى باشقا كەپتەرلەر گۇررىدە ھاۋاغا كۆتۈرۈلدىيۇ، لېكىن ئۇزاپ كەتمەي بىرنەچچە قەدەم نېرىغا بىرىپلا قونۇشتى. ئۇ دەرھال كەپتەرنىڭ قاناتلىرىنى قامالاپ تۇتۇپ يەرگە بېسىپ تۇرىۋالدى. بىراق شۇ چاغ ھېچ ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. كەپتەر بىردىنلا بېشىنى بۇراپ خۇددى ياۋايى شۇڭقاردەك جان - جەھلى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى چوقۇلاشقا باشلىدى. ئۇ ئاغرىققا چىدىماي قولىنى بوشاتتى. كەپتەر شۇ ھامان شىددەت بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. كۆتۈرۈلدىيۇ، گويا ئوق تەگكەندەك ئۇنىڭ قولىدا ساڭگىلاپ قالدى. ئۇ يەنە بىر قولى بىلەن كەپتەرنىڭ پۇتىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.

ئەمدى كەپتەر قىلچە قارشىلىق كۆرسەتمەي قاناتلىرىنى جانسىز كېرىپ ئۇنىڭ قولىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. بەدەنلىرى دىرىلدەپ تىترەيتتى. ئۇ دەرھال قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كەپتەرنى سولىۋەتتى. سىم بىلەن قەپەسنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم قىلىپ چىگدى. ئاندىن كەپتەر چوقۇلىغان قولىنى سىلاپ كۆلۈمسىرىدى.

- ھە! قېنى، قىلە ئەمدى شوخلۇقنى.

بىراق كەپتەر شوخلۇق قىلىش تۈگۈل مىدىر - سىدىر قىلماي پوكىنىنى يەرگە بېسىپ، تۇمشۇقىنى يوغان ئېچىپ ھاسىراپ ياتاتتى. ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. قەپەسكە يېقىن كېلىپ قولىنى شاپىلاقلاپ كەپتەرنى ئۈركۈتتى. كەپتەر چۆچۈپ سىلكىندىيۇ، ئورنىدىن قوزغالمىدى.

- ۋاي ئاناڭنى. . . كاساپەت!

ئۇ پېشانىسىگە شاپىلاقلاپ قەپەسنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ كەتتى.

كەپتەرنىڭ بىر پۇتى سۇنغانىدى. ئۇ قەپەسنىڭ قېشىدا پۈشۈلداپ ئۇزۇنغىچە ئولتۇردى. قېنى بىرەر كېچە ئۆتۈپ باقسۇن، دەپ ئويلىدى. بەلكى پۇتى راستىنلا سۇنۇپ كەتمىگەندۇر. مۇنداقلا قايرىلىپ كەتكەن بولسا ئەتىگىچە ئوڭشىلىپ قالار. بولمىسا، ئۇچار -

قاناتقا پۇتىنىڭ كارى چاغلىق.

ئۇ قەپەس ئىچىدىكى سۇ قاچىسىغا ئازراق سۇ قۇيۇپ، بىر سىقىم دان چاچتى. ئاندىن قەپەسنى كەپتەرخانىغا ئەكىرىۋېتىپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ بىنادىن چۈشۈپ كەتتى.

ئەتراپنى ئاستا - ئاستا گۈگۈم قاپلاشقا باشلىدى. ئۇ زىندانىدەك قاراڭغۇ كەپتەرخانىدا، تار قەپەس ئىچىدە جىمجىت ياتاتتى. قاتتىق ئاغرىق دەستىدىن مىدىرلىغۇدەك ھالىمۇ قالمىغانىدى. كىچىككىنە بېشى زىڭىلداپ، ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلاتتى. پۈتۈن بەدىنى تارتىشىپ، دىرىلدەپ تىترەيتتى.

كەپتەرخانا ئىچىدە ھېسابسىز كەپتەرلەر ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ، قەپەسنى ھېلىلا ئۆرۈۋېتىدىغاندەك ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ ئۇنىڭ جېنىنى قاقشىتاتتى.

ناھايىتىمۇ ئۇزاقتىن كېيىن (بەلكى ئۇنىڭغا شۇنداق تۇيۇلدى) كەپتەرلەرمۇ تىنجىدى. شەھەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىمۇ بېسىقىپ، جاھان تۈن سۈكۈناتىغا چۆمدى.

شۇندىلا ئۇنىڭغا ئۆز ھالى توغرىسىدا باش قاتۇرۇشقا ئىمكان تۇغۇلدى.

قەپەس كەپتەرخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئەسكى ساندۇقنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغىلا كەپتەرلەرنىڭ كىرىپ - چىقىشى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان بىرنەچچە تۆشۈك بار ئىدى. شۇ يەردىن كەپتەرخانىغا گۇڭگا يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. پەقەت ئاشۇ يورۇقلۇقلا ئۇنىڭغا نىجاتلىق ئاتا قىلالايدىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ قاقشاتقۇچ ئاغرىق ئازابىغا چىداپ، تۇمشۇق تىرەپ بىر پۇتى بىلەن ئۆرە بولدى. تۆشۈكلەردىن تۈن ئاسمىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يىراق كۆك قەرىدە يۇلتۇزلار يىڭنە ئۇچىدەك پىلىلدايتتى. ئاي شەھەر ئاسمىنىدىن تېزرەك ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندەك ئىس - تۈتەكلەر ئىچىدە گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي ئىلدام ئۈزەتتى.

بىردىنلا ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىكىنىڭ قارا زۇلمىتى باسقان ئالىمى ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

- ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، باش ئۈستىدىلا خۇددى مۆجىزىدەك يۇلتۇزلار نۇر چېچىپ تۇراتتى!

ئۇ كۆككە بېقىپ مەڭدەپ قالدى. يۇلتۇزلار پەقەت ئۇنىڭ ماكانىغىلا مەنسۇپ ئىدى. قانداقلارچە بۇ قاباھەتلىك جايدا پەيدا بولۇپ قالدى - ھە! بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قاتتىق ھاياجاندىن لەرزىگە كەلدى. تومۇرلىرىدا بىر غايىبانە ياۋايى كۈچ تولۇپ تاشتى. گوياكى ئۆزىنى لەنتى تۆمۈر قەپەسنى پارە - پارە قىلىپ، كۆك قەرىدە يۇلتۇزلارغا ئەگىشىپ سۆيۈملۈك ماكانىغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك سەزدى.

ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۆمۈر قەپەسكە ئۇردى. شۇ ھامان ئارقىغا قايتىپ مۈللاقلاپ چۈشتى. چىدىغۇسىز ئاغرىقتىن كىچىككىنە مېڭىسى ۋاراسىدە يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى. لېكىن دەرھال ئۆرە بولۇپ ئالغا ئېتىلدى. ئارقىغا قايتىپ مۈللاقلاپ يىقىلدى. يەنە ئۆرە بولدى. . . يەنە يىقىلدى.

كەپتەرخانا ئىچىدە توزغان پەيلەر ئۇچۇشقا باشلىدى. كەپتەرلەر قورقۇنچقا چۈشۈپ، قاراڭغۇ بۇلۇڭلارغا تىقىلىشىۋېلىشقانىدى.

ياۋا كەپتەر توختىماي ئۆزىنى قەپەسكە ئۇراتتى.

شۇ تەرىقىدە بىر كۈن ئۆتتى. ياۋا كەپتەر تامامەن ھالسىزلاندى. كۈچلۈك قاناتلىرىنى كۆتۈرگۈچىلىكمۇ ھالى قالمىدى. پوكىنىنى مۇزدەك قەپەسكە يېقىپ يېتىپ قالدى.

كۆكتە يۇلتۇزلار ئاندا - ساندا يىڭنە ئۇچىدەك پىلىلداپ ياناتتى. ئاي شەھەر ئاسمىنىدىن تېزرەك ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندەك ئىس - تۈتەكلەر ئىچىدە گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي ئىلدام ئۈزەتتى.

كەپتەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

ئۇ ئاپىرىدە بولغاندا، ئۇنى بۇ ئالەمدىن ئايرىپ تۇرغان كىچىككىنە شاكىلىنى يېرىپ چىققاندا خۇددى بۈگۈنكىدەك كېچە ئىدى. ئاي بىپايان ئورمانلىقنى ماموق نۇرى بىلەن يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا تۇنجى بولۇپ ئاينى كۆردى. شۇ چاغدا ئۇ ئاينى ئۆزىنى بۇ جاھانغا ئاپىرىدە قىلغان ئانىسىمىكىن دەپ قالغانىدى. كېيىن ئۇ ئاينىڭ چېھرىنى كۆرسىلا

تىپىرلايدىغان، ئۇچۇشقا ئىنتىلىدىغان بولدى. ئاخىرى ئاشۇنداق تىپىرلاپ يۈرۈپ يېتىلدى، قاناتلىرى قاتتى، بالدۇر ئۇچۇرۇم بولدى.

خۇددى ئۇ ئالەمگە كۆز ئاچقان ئايدىڭ كېچىدە كۆككە، ئېگىزگە ئايغا قاراپ پەرۋاز قىلدى. لېكىن تېزلا دەرماندىن كەتتى، ئىشەنچ قىلغان قاناتلىرى بوشاپ ئۇشۇقچە بىر نەرسىدەك بولۇپ قالدى. ئورمانلىققا خۇددى بىر چالمىدەك چۈشۈپ كەتتى. ئاي ئۇنىڭ ئۇيلىغىنىدىنمۇ بۈيۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھامان بىر كۈنى پەرۋاز قىلىپ ئايغا قونۇشنى، قاشتېشىدەك گەردىشىدىن ئۆپۈشنى ئويلىدى.

مانا ئەمدىلىكتە بەختى قارا بولۇپ، پۇتلىرى سۇنۇپ، قاناتلىرى قايرىلىپ تۆمۈر قەپەسنىڭ ئىچىدە ھالسىز ياتماقتا.

شەھەر ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلاشقا باشلىدى. ھايال ئۆتمەي ئاي ھەم يۇلتۇزلارمۇ يوقتى. ئەتراپ تېنجىق، تۇم قاراڭغۇلۇققا چۆمدى.

زىنداندەك قاپقاراڭغۇ كەپتەرخانىدا، تۆمۈر قەپەسنىڭ ئىچىدە ياۋا كەپتەر تومشۇقىنى تىرەپ جىمجىت ياتاتتى. ئۇنىڭ ئەمدى مىدىرلىغۇدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى. ئۇ شۇ تەرىزدە خېلى ئۇزۇنغىچە ياتتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدا ياتقان پېتى قەپەسنى چوقۇلاشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭدا تۆمۈر قەپەستىن قۇتۇلۇشقا يارەم بېرەلىگۇدەك ئەنە شۇ ئۆتكۈر تومشۇقلا قالغانىدى. باشتا ئاستا، جانسىز چوقۇلىدى. بارا - بارا ئاداققى ئۇمىدىنى، ھەممە غەزەپ - نەپرىتىنى تومشۇقىغا يىغىپ، پۈتۈن جان - جەھلى بىلەن چوقۇلاشقا باشلىدى.

ياۋا كەپتەر زۇلمەت باسقان جىمجىت كېچىدە تۆمۈر قەپەسنى چوقۇلايتتى. تىنىم تاپماستىن، بىر دەقىقىمۇ توختاپ قالماستىن چوقۇلايتتى.

* *

تاڭ يورۇشى بىلەن ھېلىقى ئادەم ئۆگزىدىن ئېچىلغان تۆشۈكتە پەيدا بولدى. ئارقىدىن يۈزلىرى ئاپئاق، ئوماققىنە بىر ئوغۇل بالىنى ئۆگزىگە تارتىپ چىقاردى. بۇ چاغدا كەپتەرلەر بىنا ئۆگزىسىنى بىر ئالغانىدى. ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى رەڭگارەڭ كەپتەرلەرنىڭ ئۈستىدە بىر ساماۋى مەنزىرە ھاسىل قىلىپ جۇلالايتتى. بالا خۇشال ۋارقىراپ، كەپتەرلەرنى ئۈركىتىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

ھېلىقى ئادەم بۇلارغا ئېرەن قىلماستىن ئالدىراپ - تېنەپ قاراڭغۇ كەپتەرخانىدىن ياۋا كەپتەر سولانغان قەپەسنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ قەپەسكە شۇنداق سەپسېلىپلا قاتتىق چۆچۈگىنىدىن ۋارقىراپ تاشلىدى. ئاڭغىچە ئوغۇل بالىمۇ يۈگۈرۈپ كەلدى. كەلدىيۇ، ئۆكسىلى ئۈچۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى. قولىنىغا مەھكەم يېپىشىپ ئاستا پىچىرلىدى.

- دادا، ئۇ ئۆلۈپتۇ.

ياۋا كەپتەر ئۆلمىگەنىدى. ئۇ پوكىنىتىنى مۇزدەك قەپەسكە يېقىپ، بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. بىر كۆزى قۇيۇلغان، ئۆتكۈر، ئۇزۇن تومشۇقى تۈۋىدىن سۇنۇپ پەسكە ساڭگىلاپ قالغانىدى. ئەبجەق تۆمۈر قەپەسنىڭ ئۇششاق سىملىرى ئۇنىڭ بويۇن ھەم پوكىنىنى ئۆتمە - تۆشۈك قىلىپ قانغا بويىۋەتكەنىدى. شۇ تۇرقىدا ياۋا كەپتەر دەھشەتلىك قىيىن - قىستاقتىن يېڭىلا جان بولۇپ قالغان مەھبۇسنى ئەسلىتەتتى.

- ھەي! باغرى تاش ئادەم. بولدى، بەس ئەمدى. مېنى بۇ تۆمۈر قەپەسىڭدىن ئازاد قىلىۋەت. تومۇرلىرىمدىكى ئىسسىق قانلىرىم ئېقىپ تۈگەي دېدى. كۈچ - ماغدۇرۇم قۇرۇپ، ئاخىرقى نەپەسلىرىم قالدى. مەن سەن ئۈچۈن قەدىردان ئايىمدىن سەن ياقتۇرىدىغان ھەممە نەرسىلەرنى تىلەي. ھەر بىر قانات قاققاندا ساڭا مەدھىيە ئوقۇي. تۆمۈر قەپەسىڭنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەت. مەن ۋۇجۇدۇمدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈچۈمنى توپلاپ، ئۆز ماكانىمغا ئۇچۇپ كېتىۋالاي.

ياۋا كەپتەر ئادەمگە قاراپ شۇنداق نىدا قىلدى. گەرچە، ئۇ ئەركىنلىكىنى ئەزەلدىن تىلەپ ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا شۇنداق قىلدى.

– ۋاي ئىسىت! ئەسلىدە قاناتلىرىڭنى بوغۇۋەتسەم بوپتىكەن، – دېدى ئادەم.

– دادا، ئۇنى تاشلىۋېتەيلى، – دېدى ھېلىقى ئوغۇل بالا ئوماق چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ يىرگىنىچ بىلەن.

– ياق، ئوغلۇم. ئۇنى تاشلىۋەتمەيمىز. ياۋا كەپتەر دېگەن دورىلىق نەرسە. ئەتە شەنبە. ھەممىمىز ئارام ئالىمىز. ياۋا كەپتەرنى بوغۇزلاپ قېنىنى ئاپاڭنىڭ پۇتىغا ئېقىتىمىز. ئاپاڭ بالكوندا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتىدۇ. ئىككىمىز ئۇنىڭ گۆشىنى قازانغا سېلىپ مەززىلىك شورپا قىلىمىز. شورپىسىنى مەن ئىچىمەن، گۆشىنى سەن يەيسەن. ياۋا كەپتەرنىڭ گۆشىنى يېسەڭچۇ ئوغلۇم، ئاۋتوماندەك① كۈچلۈك بولۇپ كېتىدىسەن.

ياۋا كەپتەر كۈن بويى پېژغىرىم ئاپتاپقا قاقلىنىپ، خۇددى بىر پارچە كۆلرەڭ تاشتەك مىدىر - سىدىر قىلماي ياتتى.

كەچمۇ كىردى. ھېلىقى ئادەم قايتا ئۆگزىنگە چىقمىدى. ئاسمان شۇنداق بەترەڭ تۇس ئالغانىدىكى، نە ئاي، نە بىرەر تال يۇلتۇزنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى.

ياۋا كەپتەر يەنىلا شۇ ھالدا ياتاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ جىسمىدىكى تەبىئەت ئاتا قىلغان تىرىكلىكنىڭ ھەممە ئىزنالىرى تامام خاراب بولغانىدى. پەقەت ئەقىل - ئىدراك ئالىمىدىلا ئۆچۈۋاتقان جىن چىراغدەك ناھايىتىمۇ سۇس، غەلىتە ھېس - تۇيغۇلار ھۆكۈم سۈرەتتى. گاھ ئۆزىنى كىچىككىنە شاكالىنىڭ ئىچىدە كۆرەتتى. ساپسېرىق، يۇمران تۇمشۇقى بىلەن شاكالنى توختىماستىن چوقۇلاپ، يېڭى بىر ئالەمنى كۆرۈشكە تەقەززا بولاتتى. گاھ بەسلەمچى ھەمراھلىرى بىلەن كۆك قەرىدە ھەممە خىيمخەتەرنى ئۇنتۇپ ئوقتەك ئۈزەتتى. ئورمانلىقنىڭ يۇمشاق، ئىسسىق تۇپىسىغا مىلىنىپ ئېغىنايتتى.

ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئىزىتقۇ - خىيالىي تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتى. ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىسكەنجىسىدىن نېرى قىلالمايتتى.

شۇ ھالەتتە قانچىلىك ئۆتتىكىن، كۆك قەرىدىن ناھايىتى تونۇش بىر سادا كەلدى. ئۇ باشتا ئېرەن قىلمىدى. ساختا تۇيغۇمىكىن دېدى. ھېلىقى سادا بارا - بارا كۈچىيىپ، ئەمدىلىكتە ئېنىق ئاڭلاندى.

ياۋا كەپتەر چۆچۈپ ئەس - ھوشىنى يىغدى. كۆزىنى ئاچتى. پۈتۈن جاھان ئاپئاق نۇرغا تولغانىدى. كۆكتە ھېسابسىز يۇلتۇزلار چاراقلاپ ياناتتى. ئاي قېتىپ قالغاندەك جىمجىت تۇراتتى. ئادەتتىكىدىن خېلىلا چوڭىيىپ قالغانىدى. ئاينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە قارا چېكىت پەيدا بولدى. بارا - بارا پەسلەپ، يوغىناپ ئۇنىڭ باش ئۈستىگىلا كېلىپ قالدى. ئەسلىدە قارا چېكىتلەر ئۇنىڭ ئورمانلىقتىكى ھەمراھلىرى – قان قېرىنداشلىرى ئىدى. ھاياجاندىن ئۇنىڭ يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولدى، بىردىنلا پۈتۈن ۋۇجۇدىدا كۈچ - قۇۋۋەت مەۋج ئۇرۇپ، ئۆزىنى زەرب بىلەن قەپەسكە ئۇردى. شۇئان تۆمۈر قەپەس پارە - پارە بولۇپ كەتتى.

ئۇ ھەمراھلىرىغا قېتىلىپ ئاي تامان ئۇچۇپ كەتتى.

* *

ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ھېلىقى ئادەم بىنا ئۆگزىسىدە پەيدا بولدى. قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. كەيپى ناھايىتى سۇس كۆرۈنەتتى.

ئۇ قەپەس ئىشىكىنى ئېچىپ ئۆلجىسىنى ئالدى. ياۋا كەپتەر ئاللىقاچان ئۆلگەنىدى. ئۇ ياۋا كەپتەرنىڭ مۇزلاپ، تاشتەك قېتىپ كەتكەن ئۆلۈكىنى قولىدا تۇتۇپ، بىرھازاغىچە پۈشۈلداپ تۇردى. ئاندىن زەردە بىلەن بىنانىڭ ئارقىسىدىكى ئەخلەتخانىغا پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى.

ياۋا كەپتەر ئەسكى قۇلاقچىدەك شاختىن - شاخقا ئۇرۇلۇپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى.

① ئاۋتومان – ياپونىيىنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى باش قەھرىمان.



# ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى

ۋاڭ مىڭ

ئانسىيە ئەخمەت تەرجىمىسى

## قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم

غۇلجىلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن ناخشىنى ئېيتالايدۇ. ئۇلار ھەتتا ھەر بىر قېتىم ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇرۇشقاندىمۇ مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىشىدۇ.

ھاراق ئىچىش بىلەن ناخشا ئېيتىش ئىلمىي نۇقتىدىن قارىغاندا بىر - بىرىگە زىت، ئەمما كەيپىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا يەنىلا بىردەك.

مەن بۇ ناخشىنى تۇنجى قېتىم 1965 - يىلى قىشتا ئاق ئۆستەڭدىكى ئەجدىھا ئېغىزى قورۇلۇشى بولغان «جەڭگاھ» تا ئاڭلىغانىدىم. ئۇ يەردە مەن دېھقانلار بىلەن بىرگە يەر ئاستىغا كولىغان ئۆڭكۈر ئۆيدە تۇراتتىم. ئۇنىڭ ئىچىدە ۋاقىتلىق ئاشخانىمۇ بار بولۇپ، زىمىستان قىش كۈنلىرىدە ئاشخانىنىڭ قېلىن ھەم ئېغىر پاختىلىق مىلەڭزىسىنىڭ سىرتىنى مۇز تۇتۇپ كېتەتتى. مىلەڭزىنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئاشخانىغا سوغۇق كىرىپ تۇراتتى. ئېغىرلىقىدىن قايرىشىمۇ تەسكە چۈشىدىغان بۇ ئالاھىدە پەردىنى قايرىپ ئاشخانىغا كىرگەندە ئاددىيغىنە ئاشخانا ئىچىنى ھور قاپلاپ كەتكەن بولاتتى، چىراغ يورۇقىمۇ ئىنتايىن غۇۋا كۆرۈنەتتى.

ھەممە يەرنى تاماكا ئىسى ۋە گۆشنىڭ مەززىلىك ھىدى، شۇنداقلا ناخشا ساداسى قاپلىغان بولۇپ، ناخشا كىشىنى تاڭ قالدۇراتتى. ناخشا كىشى قەلبىنى كۆيدۈرۈپ قىشنىڭ سوغۇقلىرىنى ئاللىقاياقلارغىدۇر قوغلىۋەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدىكى باشقا ناخشىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇ تېخىمۇ يېقىملىق، تېخىمۇ چەكسىز، بېشىمۇ، ئاخىرىمۇ يوقتەك ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھېسسىيات ئۇنىڭغا باغلانغان بولۇپ، ئاڭلىغان ھامان سىزنى ئۆزىگە رام قىلىۋالاتتى.

مەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالدىم. غۇلجىدىكى ئۆيۈمدە كېچىلىرى دائىم دېگۈدەك «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن ناخشىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. ناخشا ئېيتىۋاتقان مەستىمۇ ياكى كېچىدە يول يۈرگۈچىمىدۇ؟ ۋە ياكى يۇلتۇزلۇق كېچىدە كېتىۋاتقان كىشىمىدۇ، ھارۋىكەشمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ناخشىنى شۇنچىلىك ھېسسىيات بىلەن ئېيتاتتى. غېرىبلىق باسقان سوغۇق كېچىدە ئۇلار ناخشىسى ئارقىلىق «قارا كۆز» قىزغا بولغان مۇھەببىتىنى، رومانتىك ئارزۇسىنى ئىپادىلەيتتى. تۇرمۇش ئىنتايىن مۇشەققەتلىك، بەزىدە ھەتتا ئىنتايىن مەنىسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ناخشىسى شۇنچە قىززغىن، ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇراتتى.

كېيىن، مەن بىرقانچە قېتىم دېھقان قېرىنداشلىرىم بىلەن بىرگە سورۇنلاردا ھاراق ئىچىشكەچ ناخشا ئېيتىشتىم. ئارىمىزدا بىر ناخشىچى بولۇپ، ئۇ خەلق قوغدىغۇچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇنىڭ ئات - جۆنى خالىق ئەمەت بولۇپ، ئۇ ناخشا ئېيتسىلا بىزمۇ ئەگىشەتتۇق. ھەر بىر مىسرانىڭ ئاخىرقى

ئاھاڭى ئۆزگىچە بولۇپ، مەن ھەرقانچە ئەگىشىپ ئېيتساممۇ، غىڭشىساممۇ يەنىلا ئاشۇ خىل قىزغىن ھېسسىيات، بىپايان غېرىبلىقتا ئەگىشەلمەيۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم.

بەزىدە ئۇلارغا ئەگىشىپ ئېيتماستىن جىمجىت تىڭشاپ ئولتۇراتتىم، پەقەت خالىق ۋە باشقىلارنىڭ پۈتكۈل ھېسسىياتى بىلەن ناخشا ئېيتقىنىغا قاراپلا ئىنتايىن ھاياجانلىناتتىم. 1973 - يىلى مەن غۇلجىدىن ئايرىلدىم. 1979 - يىلى بولسا شىنجاڭدىن ئايرىلدىم.

1991 - يىلى تاۋۇز چاغىنىدىن كېيىن ئىلىغا قايتا بېرىپ زىيارەت قىلدىم. بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزدە شائىر تېيىپجانمۇ مەن بىلەن بىرگە ئىدى. «كېپىنەك» ناملىق ئەسەرگە ئاساسەن كىنو ئىشلەش ئۈچۈن چاڭچۈن كىنو ستۇدىيىسىنىڭ رېژىسسورى ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي مېنى ئىزدەپ ئىلىغا كەپتۇ. بىر كۈنى كەچتە بىز غۇلجا «خۇڭشىڭ» (ھازىرقى خەنبىڭ يېزىسىدا، تەھرىردىن) گۇڭشېسىدا، يەنى غەربىي باغچىغا يېقىنلا يەردە پائالىيەتكە قاتناشتۇق. بىز ئىسمايىل ئىسىملىك بىر ئەما خەلق سەنئەتكارىنى تەكلىپ قىلغانىدۇق. ئۇ دۇتارنى قولىغا ئېلىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دەسلەپ ئېيتقىنى يەنىلا شۇ «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» ئىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق يېقىملىق بولۇپ، ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ لېكىن ئىنتايىن سۈزۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىۋاتقىنى مۇھەببەت ناخشىسى ئىدى. مەڭگۈلۈك سېغىنىش، شۇنداقلا بىر ئۆمۈر ئېرىشكىلى بولمايدىغان مۇھەببەت ئىدى. ئۇ ئىنتايىن يىراقتىن ئاڭلانغان ھەم مۇڭلۇق، ھەم يېقىملىق ئاۋاز ئىدى. كىشى قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا مەڭگۈ ساقلىنىغۇدەك مۇشۇنداق ناخشا ئېيتالىغان ئادەم نەقەدەر ئامەتلىك - ھە! ئادەم مۇشۇنداق ناخشىنى ئېيتىپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئارمان يوق - تە! ئەي، يورۇقلۇقتىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قالغان ئەما ناخشىچى، بەلكىم ناخشاڭدا يورۇقلۇققا بولغان ئىنتىلىش ۋە تەسەۋۋۇر باردۇر. ئىلىنىڭ بىپايان يايلىقىدا يالغۇز كېتىۋاتقان چەۋەنداز، سەن بۇ ناخشىنى ئېيتقان چېغىڭدا كىشىلەردىن ئىللىقلىق كۈتكەن بولغىيمىدىڭ؟ ناخشا دېگەن گوياكى كۈچلۈك شامال، كۆكتىكى لاچىن، گوياكى پەسىل دەريالىرىدا ئۆركەشلىگەن كەلكۈندەك شۇنچە ئەركىن بولىدۇ. ناخشا يەنە توسقۇنلۇققا ئىگە بولۇپ تۇرلۇك - تۈمەن ئازاب - ئوقۇبەتلىك كەچمىشلەر ناخشىدا بىر خىل توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

«قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن بۇ ناخشىنى ئېيتىش بىلەن كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ.

ئۇيغۇر شائىرى نەۋائىي «غەم - قايغۇ ناخشىنىڭ روھى» دەپ ئېيتقانىكەن. بۇ يەنە بىر مىللەتنىڭ خاراكتېرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىش. سەن نېمىشقا شۇنچە ئازاب چېكىسەن؟ ئاشۇ قۇرغاق قۇملۇقلار ئۈچۈنمۇ؟ سېنىڭ بوستانلىقىڭ قاغجىرىغان قەلبلەرگە سالقىنلىق ئاتا قىلىۋاتامدۇ؟ ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىدىن خەۋەرلىشەلمەي قېلىشىڭدىن ئەندىشە قىلىۋاتامسەن؟ سېنىڭ ئېتىڭ ۋە چەكسىز سەۋر - تاقىتىڭ ئالاقە قىلىشىڭغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدىغۇ؟ ياكى سۆيگىنىڭنىڭ جاۋابىغا ئېرىشەلمەسلىكتىن ۋايىم يەۋاتامسەن؟ سېنىڭ ناخشاڭ، ئۇسسۇلۇڭ، مەي - شارابلىرىڭ نەقەدەر سەرخۇش - ھە! يۇمۇرلىرىڭ بولسا ئادەمنى تېخىمۇ مەست قىلىدۇ.

قىزىقچى نەسىردىن ئەپەندى يۇرتداشلىرىنىڭ «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» گە ئېيتىپ تۇگىتەلمەيدىغان مەڭگۈلۈك مۇھەببەت كۈيلىرى بار.

مەن بۇ سىرنى يېشەلمىدىم. ئۆزۈمنى شىنجاڭنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە تۇرمۇشىنى چۈشىنىمەن دېسەممۇ تاكى بۈگۈنگىچە بۇ ناخشىنى ئېيتىشنى ئۆگىنەلمىدىم. مەن ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرسەممۇ، نۇرغۇن ناخشىلارنى ئېيتىشنى بىلسەممۇ، ئۆزۈمچە ناخشا ئۆگىنىش ئىقتىدارىمدا چاتاق يوق دەپ قارىسامۇ، بۇ ناخشا ماڭا نىسبەتەن شۇنچىلىك تونۇش ۋە شۇنچىلىك ئۆگەنگۈم بولسىمۇ بىراق يەنىلا ئۆگىنەلمىدىم. بۇ نېمىدېگەن غەلىتە ئىش - ھە!؟

مەيلى مەن «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» نى ئۆگىنەلمەي ياكى ياخشى ئېيتالماي قالاي، بىراق

مەن يەنىلا ئۇنى بىلىمەن، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭغا ئىنتىلىمەن. ئۇنى نەچچە مىڭ خىل ئاۋازلار ئىچىدىن يىراق تۇرۇپمۇ پەرقلەندۈرەلەيمەن. بۇ ناخشا مەن ياشىغان ئاشۇ ئىلى دىيارى، مېنىڭ سىرلىق پىغانلىرىم، ھېچبولمىغاندا ئىلىدىن ئايرىلغانلىقىم ئۈچۈن، ھېچبولمىغاندا ئۇ تا بۈگۈنگىچە مېنى خۇشال قىلىدىغان ھەم ماڭا تونۇش بولغان، ئەمما مەن ئاھاڭىغا كەلتۈرۈپ ئېيتالمايدىغان ئاشۇ ناخشا بولغانلىقى ئۈچۈن.

## ئانارگۈل

قەشقەرنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ ناخشىسى بىلەن ئىلىنى مەركەز قىلغان شىمالىي شىنجاڭ ناخشىسىنىڭ خېلى زور پەرقى بار. «ئانارگۈل» نىڭ مەنىسى ئانارگۈلى دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان قىزلارنىڭ ئىسمى. بۇ ئىسىم بەكمۇ چىرايلىق. «ئانارخان» ناملىق فىلىمنىڭ ئاساسلىق ناخشىسى دەل مۇشۇ «ئانارگۈل» ئاساسىدا رەتلەنگەن. ناخشا باشلىنىشىدىنلا:

راۋابىم جاراڭلايدۇ بالا،
تارىسى ئالتۇنمىكىن؟
دەپ باشلىنىدۇ.

تېكىستتىكى «بالا» سۆزى ئىنگلىزچىدىكى baby يەنى «بالا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئانارگۈل» قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭ خەلق ناخشىلىرى تېخىمۇ رىتىملىق بولۇپ، كىشىلەر بۇ ناخشىنى ئېيتقان چاغدا خۇددى ئېغىر قەدەم تاشلاۋاتقاندەك، گوياكى تاشلىق يولدا ئۇزۇن سەپەرگە كېتىۋاتقاندەك، قارلىق چوققىلار قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ، قۇرۇپ كەتكەن ئوت - چۆپلەر شامالدا يەلپۈنۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. يولۇچىنىڭ ناخشىسىدىن مەن گويا ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ جەنۇبنىڭ ئاپتىپىدا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن چىرايىنى كۆرگەندەك بولىمەن.

بەلكىم، ئۇلار بۇ ناخشىنى تۆگىگە مىنىۋېلىپ ئېيتىۋاتقاندۇ. «قۇملۇق كېمىسى» نىڭ ئۈستىدە ئۇلار زېمىننىڭ بىپايان، چەكسىز، تىنچ ۋە سىرلىقلىقىنى ھېس قىلالايدىغاندۇ؛ ئۇلار يەنە قەلبىدىكى يالقۇننىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىنى، نۇر چېچىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدىغاندۇ. ئۇلار ئۇزۇن ۋاقىت سەپەر قىلدى، شۇنچە يىل تەقەززا بولدى. ئۇلار نۇرغۇن شەھەر، بازارلارنى قۇردى، ئۇلار يەنە تېخىمۇ كۆپ بولغان ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتنى كۈتۈۋاتىدۇ.

مەن تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق بىر ناخشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. ئۇ دەل زەرەپشان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى مەكىت ناھىيىسىدىكى ۋاقتىم بولۇپ، 1964 - يىلى مەن ناھىيىلىك پارتكوم مېھمانخانىسىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ياتاق يېزىسىغا بارماقچى بولۇپ تۇراتتىم. مېھمانخانا بۇ يەرگە يېڭى ئۈي سېلىۋاتقان بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگىنى سەككىزدىن كېيىن يېزىدىن كەلگەن ۋاقىتلىق قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى ئىشقا چۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى ياش ئايال بولۇپ، ئۇلار ئالدىرىماي - تەمتىرىمەي زەمبىلدە كېسەك توشۇغاچ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى يەنىلا «ئانارگۈل» بولۇپ، ناخشا ئىنتايىن تەبىئىي ئاڭلىناتتى. ئۇلارنىڭ ناخشىسى گويا ئۆزىنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈنلا ئېيتىلغاندەك شۇقەدەر ئەركىن - ئازادە ئىدى. ئۇلار بېشىغا شەپەقرەڭ سارغۇچ كىچىك دوپپا، ئۇچىسىغا قىزىل رەڭلىك كۆڭلەك ۋە يېشىل رەڭلىك ئىشتان كىيىۋالغانىدى. ئۇلار بۇ ناخشىنى ئەتىگەندىن - چۈشكىچە ئېيتىپ، ئاندىن بىر ئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن تاكى كۈن ئولتۇرغىچە ئېيتتى. ئۇلارنىڭ روھىيىتىگە، قىزغىنلىقىغا، ئاۋازىغا چەكسىز كۈچ يوشۇرۇنغاندەك ئىدى.

بىز شەھەردە ئالدىراشچىلىق، ئەنسىرەش ياكى غەم - ئەندىشە ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسەكمۇ، لېكىن مۇشۇنداق ناخشىنى ئېسىمىزگە ئالغىنىمىزدا ئاشۇ ئىللىق ئېقىمدىن قەلبىمىز قانداقمۇ ھاياجانلانماي تۇرالىسۇن؟




**مۇھەررىردىن:** «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى، ياش تەتقىقاتچى ئۆمەرجان ئىمىن ئۆتكەن يىلى ژۇرنال خىزمىتى بىلەن خوتەندە تۇرغان مەزگىلدە، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مەخسۇس ھۆججەت چىقىرىپ تەستىقلىشى بىلەن قىسقا مۇددەتلىك «قۇملۇق ئەركىسى» ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تەشكىللىگەن. خوتەندىكى بىر قىسىم ياش تەتقىقاتچىلاردىن تەشكىل قىلىنغان بۇ ئەترەت كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماددىي - مەمۇرىي جەھەتتىن قوللىشى بىلەن، 2002 - يىلى 10 - 11 - ئايلاردا كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى تەبىئىي بوستانلىق - دەريا بويى يېزىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ قەدىمىي سىرلىق ۋادىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئەھۋالى، دەريا بويى كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى، فولكلور - ئېتنوگرافىيىسى، تىل - شىۋە ئالاھىدىلىكى. . . ئۈستىدە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، تۆگە بىلەن تەكلىماكان چۆللۈكىدە ئون كۈنگە يېقىن سەپەر قىلىپ، قۇملۇقنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى يۇمىلاققۇم، قارا دۆڭ، مارجانلىق قاتارلىق قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىغا بېرىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ تارىخ - ئارخېئولوگىيىسىگە، جۈملىدىن دەريا بويى خەلقىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن. ئاپتور «قۇملۇق ئەركىسى» ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ھەم يېتەكچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ ئەمەلىي خاتىرىسى ئاساسىدا ئۈچ بۆلۈم، 20 بابتىن تەركىب تاپقان «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت: كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش خاتىرىسى» ناملىق كىتابىنى يېزىپ پۈتتۈرگەن. بىز «قۇملۇق ئەركىسى» ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ بۇ ئەھمىيەتلىك پائالىيىتىنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا مەزكۇر كىتابتىن پارچە بەردۇق.

## بۇ گەپلەرگە ئوت گۇۋاھ

10 - ئۆكتەبىر، پەيشەنبە.

يېقىنلا جايدىن كېلىۋاتقان مۆڭگۈلۈق ئەزان ئاۋازىدا ھەممىمىز ئويغىنىپ كەتتۇق ھەم دەريا بويى يېزىسى بىلەن تېزرەك تونۇشۇش ئىستىكىدە، چالا ئويقۇلۇق كۆزلىرىمىزنى تەستە ئېچىپ سىرتقا يۈگۈرۈشتۇق. ئەتراپ ياپراقلىرى قىزىرىپ گۈزەل تۈسكە كىرگەن يوغان توغراقلار بىلەن قاپلانغان، قۇياش تېخى كۆتۈرۈلۈپ چىقمىغان بولسىمۇ، يەر يۈزى خېلىلا يورۇپ قالغانىدى. بىز ياتقان لاي تاملىق ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى يازلىق ساتمىدا ئوت كۆيۈپ تۇراتتى. ساتما ئىچىدىن كېلىۋاتقان گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭ ئاۋازىدىن ئابلا كېرەم ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېڭى بىر كۈنلۈك پائالىيىتىنى باشلىۋەتكەنلىكىنى جەزم قىلىشقا بولاتتى. بىز توغراق بادرىلىرى بىلەن بالداق توساق ھالەتتە تام چۆرۈلگەن كەڭرى ھويلىدا ئەزەلدىن ئۆچرىتىپ باقمىغان ساپ - سالقىن ھاۋادىن ھوزۇرلىنىپ تۇرۇشقىنىمىزدا، ئابلا كېرەم ئائىلىسىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ساتمىدىن چىقىپ بىزگە سالام قىلدى.

- ئوبدان قوپۇشاپلىما؟

- خۇداغا شۈكرى، ئوبدان قوپۇپتۇق. ھەرقايسىلىرىمۇ ئوبدان قوپۇشۇپلا،- بىزمۇ بىر ئېغىزدىن ئۇلارنىڭ سالىمىغا سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتۇق.

- دەي بويى دېگەن مۇشتاق چۆل ژۇت مانا،

قىينىلىپ قېلىشالىمىكىن، مېڭىشىسىلا ئۇتلاقتا كىرىلى، - ئابلا كېرەم بېشى بىلەن يازلىق ساتمىنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

بىز تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مەركىزىگە توغرا كېلىدىغان بۇ يەردىكى تۇنجى سەھەرنى قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشى مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئالدىراپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆزرە قويۇپ سىرتقا ماڭدۇق.

- يۇسۇپجان، مەختەپتە بىي ئېغىز ئۇقۇغۇچىلار ياتىغى بىكا بوتقان، مېمانلا بۇگەندىن باشلاپ شۇ يەدە تۇرسۇن، تامىقىنىمۇ ئاينىساخانىنىڭ ئاشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەلى، - ئابلا كېرەم بېشىنى هويلا تېمىنىڭ رولىنى ئوينايدىغان توغراق بادرىلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ يۇسۇپجانغا شۇنداق جېكىلەپ قويدى.

بىز يۇسۇپجاننىڭ يول باشلىشى بىلەن بىر تەنتەربىيە مەيدانىچىلىك كۆلەمدىكى بوشلۇقتا جايلاشقان يېزا مەركىزىنى - قويۇق چاتقاللىق ئارىسىغا جايلاشقان يېزىلىق هۆكۈمەت ئورگىنى، بىر ئېغىزلىق ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان ساقچىخانا، مەدەنىيەت پونكىتى، زامانىۋى ئۇسلۇبتىكى شىپاخانا ۋە مەكتەپنى كېسىپ ئۆتۈپ، 8 ـ 10 ئېغىزلىق قىڭغىر - قىيسىق



ئۆيلەردىن هاسىل قىلىنغان يېزا بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغىراق توغرا كېلىدىغان ئېگىز بىر دۆڭ ئۈستىگە چىقتۇق. بىزنى ئوراپ تۇرغان جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان تار ئەنلىك يېشىللىق كارىدورىنى هېسابقا ئالمىغاندا، شەرق - غەرب تەرىپىمىزدە بىپايان قۇم دېڭىزى يېيىلىپ ياتاتتى. بىز گويا دېڭىز گىرۋىكىدە تۇرۇپ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن قىممەتلىك نەرسىنىڭ تۇيۇقسىز سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ قېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان كىشىلەردەك كۆزىمىزنى شەرق ئۇپۇقىدىكى قۇم يۈزىدىن - قۇياش چىقىدىغان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دالالەت بېرىپ بارغانچە توق رەڭگە كىرىپ كېڭىيىۋاتقان قىزىللىقتىن ئۈزمەي تۇرۇشتۇق. غەيرەتنىڭ فوتوئاپپاراتىدىن چىقىۋاتقان «تىرىق - تىرىق» قىلغان ئاۋازنى هېسابقا ئالمىغاندا، ئارىنى ئېغىر سۈكۈنات باستى. توساتتىن گويا قۇم ئاستىدىكى نامەلۇم كۈچتۈڭگۈر تەرىپىدىن زەرب بىلەن ئۇرۇلغان هىلال ئاي شەكىللىك قىلىچنىڭ يېلىنجاپ كۆيۈۋاتقان ئەگرى بىسى قۇمنى تېشىپ چىققاندەك قۇياشنىڭ ئۈستۈنكى ئەگمىسى قۇم يۈزىگە كۆتۈرۈلدى. مەن ئون يىللار ئىلگىرى شەنشىدىكى خۇاشەن تېغىدا قۇياشنىڭ سۇنى يېرىپ چىققانلىقىنى كۆرگەن. بۈگۈن بولسا تارىمنىڭ يۈرىكىدە تۇرۇپ قۇياشنىڭ قۇمنى يېرىپ چىققانلىقىنى كۆردۈم. قۇياش ئېغىر قۇم ئاستىدىن تەستە سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋاتقاندەك ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، بارغانچە يوغىناپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ دوپ - دۈگىلەك هالىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. تەكلىماكاننىڭ مەركىزىدىكى بۇ سىرلىق بوستانلىقتىمۇ يېڭى بىر كۈنلۈك هاياتلىق باشلاندى. بىز بارغانچە ئېلىپ بېرىۋاتقان پاكىز قۇم ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشۇپ قۇياشنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈش هالىتىنى تاماشا قىلىشتۇق. ئارىدىن قانچىلىك ئۆتتىكىنتاڭ، قۇياش ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك نۇرىنى يەر يۈزىگە سېپىشكە باشلىدى. هارارەتلىك نۇر تەپتىدە كۆزلەر چاڭقىنىپ، ئۇنىڭغا داۋاملىق قاراش مۇمكىن بولمىدى.

بىز ئەتە سەھەردە يەنە مۇشۇ دۆڭ ئۈستىدە قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۈتۈۋېلىشنى پىلان قىلىپ، ئورنىمىزدىن تۇرۇشتۇق. مەن قۇم دۆڭىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ ئەتراپقا كۆز تىكتىم. دۇربۇن بىلەن يىراق - يىراقلارنى كۆزەتتىم. تەكلىماكان قۇملۇقى كۆيمەكتە، زېمىن كۆيمەكتە ئىدى. دەريا بويى يېزىسىنى نۇقتا قىلىپ شىمال

تامان سوزۇلغان چەكسىز توغراقلىق ئۆزىنىڭ كۆز پەسلىگە خاس قىزارغان ياپراقلىرى بىلەن شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قىزىل قۇياش نۇرىدا ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ، يېلىنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوت دېڭىزىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

يېزا مەركىزىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ يۇسۇپجان ماڭا يېزىنىڭ بارلىق يىغىن - مەسلىھەتلىرى ھەم يۇقىرىدىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈش - قوندۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئابلا كېرەم ئائىلىسىدە بەجا كەلتۈرۈلىدىغانلىقى، گەرچە ئابلا كېرەم يېزىنىڭ سېكرېتارلىقى، يېزا باشلىقلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن چېكىنگەن بولسىمۇ، لېكىن دەريا بويىلىقلارنىڭ ئۇنى يەنىلا ئەڭ چوڭ رەھبەر ئورنىدا كۆرۈپ ھۆرمەتلەيدىغانلىقى، يېزا تەۋەسىدە ئۇ قول تىقمىغان ئىشنىڭ ئىش بولمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ دەريا بويىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدىغانلىقى. . . قاتارلىق ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى.

شۇڭا، دەريا بويىغا بارغاندا بۇ كىشى بىلەن چوقۇم ئەتراپلىق پاراڭلىشىمەن، دېگەن نىيەتنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. يۇسۇپجاننىڭ بۇ گەپلىرى مەندىكى بۇ ئىستەكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئابلا كېرەم بىلەن پاراڭلىشىشنىڭ پېيىدە يۈردۈم. ئېرىنمەي، كۈندە نەچچە رەت ئۇنى ئىزدەپ، ئۆز مەقسىتىمنى ئىپادىلەپ تۇردۇم. بىراق ئۇ كىشى ھە دېسىلا تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. بۇ ھال كۆڭلۈمنى ناھايىتى غەش قىلدى.

بىز دەريا بويى يېزىسىغا كېلىپ 7 - كۈنى (16 - ئۆكتەبىر، چارشەنبە) چاشكا ۋاقتى بىلەن ئابلا كېرەم ئاتايىن مەكتەپتىكى ياتىقىمىزغا كېلىپ، مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ قالدى.

— ۋاي، ئەمرانجان، بىزنىڭ ئەدەملىدىن ئاڭلىدىم. ئابدان بالىكەنسىلە، نەچچە كۈندىن بېرى قارىيالمىغىنىمغا نەپسىم بەك ئىزا تارتتى. ئەسلىدە تۆگە سوياپمۇ كەلتۈرگىلى بولمايدىغان مېھمانلاركەنسىلە، بۈگەن بىي ئوتلاقتا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋالىلى، — دېدى ئۇ مېنى قولتۇقلاپ ئۆيى تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋېتىپ.

ئابلا كېرەم مېنى ئۆزىنىڭ يازلىق ساتمىسىغا باشلىدى. ساتما قۇرۇلما ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇش جەھەتتىن بىز تۈنۈگەن دەريا بويىغا كەلگۈچە پەتە قىلىپ ئۆتكەن يول ئۈستىدىكى ئۆيلەرنىڭ شۇ خىلدىكى يازلىق ساتمىلىرىدىن قىلچە پەرقلەنمەيتتى. بىز ئوت كۆيۈپ تۇرغان يانتۇ ئوچاقنىڭ ئىككى تەرىپىدە روبىرو ئولتۇرۇشتۇق. ئوت يالقۇنىدا ئۇنىڭ ئورۇق، قاپقارا چىرايى چوغ ئۈستىدە پۇرۇقلاپ قايناپ تۇرغان مىس چۆگۈندەك پارقىراپ تۇراتتى. ئابلا كېرەم مېنىڭ ئوچاقتىكى ئوتقا قارىغىنىمچە چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ كەتكىنىمدىن خىيالىمدىكىنى دەرھال سېزىۋالدى.

— ئەمرانجان، «دەييا بويىدا غېرىب بولساڭ ئوت سىن» دەيدىغان بىر گەپ بار. بۇ بىكاغا چىققان گەپ ئەمەس. ئوت دېگەن سەۋدانى كېسىپ، غەمنى يوقىتىپ، ئادەملەرنى دوستلاشتۇرىدىغان ئاجايىپ نەرسە بۇ. بىز دەييا بويىلىقلار زامانلاردىن بۇيان مۇشۇ ئوت يېنىدا تۇغۇلۇپ، ئوت يېنىدا چوڭ بولغان، ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ كۆمەچ يەپ ئۆملەشكەن خەق بىز. بىي - بىستىن قېچىپ، يىراق - يىراق توقايلارغا چېچىلىپ كەتكەن ئەدەم خالىماس بىيىنمىلىكەن دەپ قالمىسىلا بىزنى. مالچى دېگەن ئاشتاق كەڭ يەدە ياشايتقان خەقكەن ئاينا. ھەر بىي ئۆيلۈك بىيدىن توقايدا يالغۇز ياشىساقما، ساتمىلاردا قىشمۇ - ياز ئوتنى ئۆچۈرمەيمىز. ئوت بىزگە ھەمراھ. ئوتى بار ساتما چۆلدەرەپ قالمايدۇ، مۇشۇ ئوت بولغاچقىلا، يۈرىكىمىز پۈتۈن، كۆڭلىمىز توق يۈرۈيمىز! — دېدى ئۇ چوغ تېگىدىكى قىزىق قۇم ئاستىدىن يېڭىلا ئالغان سوقتا كۆمەچنى پىچاق بىلەن پارچىلاۋېتىپ.

— مەن ئىلگىرى «دەريا بويىدا 400 يىلدىن بېرى ئۆچۈرۈلمەي كېلىۋاتقان ئوت بار ئىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. مۇشۇ گەپ راستما؟ — سورىدىم مەن ئۇنىڭ گەپنى ئوتتىن باشلىغانلىقىدىن خۇش بولۇپ.

— بۇ ھۆكۈمەت كېلىشتىن ئاۋالى ئىشكەن، — ئابلا كېرەم چوڭقۇر ئويلىنىش ئىچىدە سۆزگە كىرىشتى، — ئىشقىلىپ، دەييا بويىدا مۇشۇ گۈگۈت دېگەن نەرسە پەيدا بولغان 50 - يىللاردىن ئىلگىرى ئاتا - بوۋىلىرىمىز چاقماق تاشتىن ئوت چىقىرىپ ئىشلىتىپتىكەن. چاقماق تاش بەك قىس بولغاچقا، ئوتنى بىر قالىۋالسا خېلى ئۇزاق

مەزگىلگىچە ئۆچۈرمەي ئىشلىتىپتىكەن. بىر ئۆمۈر قولدامىدا ياشاپ 90 نەچچە يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن توقسۇندامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، كوپىراتسىيە ۋاقتىدا دادىسى رۇستەمدام ئۇنىڭغا ئوچاقتىكى ئوتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ «بۇ ئوت ماڭا دادامدىن قالغان، دادامغىمۇ چوڭ دادامدىن قالغانىكەن» دېگەنىكەن. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىلگىرىكى چاغدا سىلى دېگەندەك ئەھۋالنىڭ بولغانلىقى ئېنىق.

– ئوتنى بىر قالىۋالغانچە بىرقانچە ئون يىل ئۆچۈرمەي ساقلاش ئوڭاي ئەمەس - تە، قانداقمۇ ساقلىغان بولغىيدى؟

– مەن 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا مال بېقىپ يار چۇشكەنگە بارغاندا توقسۇندامنىڭ دادىسى رۇستەمدامنىڭ ساتمىسىدا بىر كېچە قونغان. ئۇ چاغدا رەھمىتىنىڭ يېشى 100 گە يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، بالدۇرقىلار ئوتنى مۇنداق بىرنەچچە خىل ئۇسۇلدا ساقلارمىشكەن. بىرى، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن يوغان توغراق ياغىچىنى تۇپىغا كۆمۈپ، بىر ئۇچىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ قويىدىكەن. توغراق يا بەك كۆيۈپ كەتمەي، يا ئۆچۈپ قالماي دېگۈدەك بىر باشتىن كۆيۈپ تۇرىدىكەن. ھەپتە - ئون كۈندە بىرەر قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرىدىكەن. بىر توغراق كۆيۈپ تۈگەش ئالدىدا، يەنە بىر توغراق كۆتىكىنى كۆمىلىپ، ئوت ئۇنىڭغا تۇتاشتۇرۇلىدىكەن. ئوت لازىم بولسا، كۆيۈۋاتقان ئۇچىنى كولاپ چوغ ئېلىپ ئىشلىتىدىكەن. ھەر بىر ئائىلە ئۆز توقىيدىكى توغراقلارنى، چارۋا - ماللارنى قانداق ئاسرىسا، يەرگە كۆمگەن ئوتنىمۇ شۇنداق ئاسرايدىكەن. بۇنى چوڭ ئوت دېيىشىدىكەن. يەنە بىرى، ئەگەر ئۆيىدىن بىرەر ئاي ئۆپچۆرىسىدە ئاجراپ كېتىشكە توغرا كەلگەندە، ئوچاققا ئازراق چوغ قالدۇرۇپ، ئۈستىگە توغراق پورى سېلىپ، كۆل بىلەن كۆمۈۋېتىپ ماڭىدىكەن. قايتىپ كەلگۈچە ئوت ئۆچمەي تۇرىدىكەن. كىچىك ئوت دېگىنى مۇشۇكەن. چوڭ ئوتنىمۇ، كىچىك ئوتنىمۇ ئۆچۈرۈپ قويغۇچىلار ئوچاق ئاستىنى چوڭقۇر كولاپ، قولى بىلەن تەكشۈرۈپ باقىدىكەن، بارماق كۆيگۈدەك قىزىق بولسا، توغراق پورىنى شۇ جايغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، پۈدەپ يورۇپ ئوت تۇتاشتۇرۇۋالىدىكەن.

ئۇنىڭدىنمۇ ئوتقا ئېرىشەلمىگۈچىلەر باشقا توقايغا ئوت سوراپ بارىدىغان گەپكەن. ئوت سوراپ بارغۇچىلار ياشلاڭ ئىرەكتىلەر بولغاچقا، ئۆي ئىگىسىنىڭ قىز بالۋاقىلىرى بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ قالىدىغان، كېيىنچە يۇرتقا توي بېرىپ بىر تەكشىگە باش قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدىكەن. ھەتتا قىز - يىگىتلەر ئارىسىدا بىر - بىرىگە ئوت سوۋغا قىلىدىغان ئىشلارمۇ كۆرۈلۈپتىكەن. ئوت ئاشۇنداق خاسىيەتلىك بولغاچقا، كىمنىڭ ساقلىغان ئوتى كونا بولسا، شۇنىڭ يۈزى يورۇق، گېپى چوڭ بولىدىغان گەپكەن.

– دەريا بويىلىقلار باراق ھەم تەكە دەپ ئىككى قەبىلىگە ئايرىلىدىكەنسىلەر، مۇشۇ ھەقتە بىرنېمە دەپ بەرگەن بولسىلا.

– چوڭ دادامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، – ئابلا كېرەم قولىدىكى كۆسەي بىلەن ئوتنى چۇقچىلاپ تۇرۇپ سۆزگە كىرىشتى، – بۇرۇنقى زامانلاردا، كېرىيىنىڭ جاي كەنتىدە يۇمىلاق باراق، قالۇق كەنتىدە ھەمە تەكە ئىسىملىك ئىككى ئوۋچى ئۆتكەنىكەن. ئۇلار ھەمىشە بىرگە ئوۋ قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار كېرىيە دەرياسىنىڭ سۈيى ئۈزۈلىدىغان يېرىگىچە بېرىشماقچى بولۇپ، پۇختا تەييارلىق بىلەن يولغا چىقىپتۇ. نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە يېتىپ، ئوۋ ئولجىلىرىنى يەپ بىر ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈپمۇ، دەريانىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا چىقالماپتۇ. قارىسا، دەريانىڭ ئىككى قاسنىقى قويۇق يۇلغۇن - توغراقلار بىلەن قاپلانغان، سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپلىرى بولۇق ئۆسكەن ھاۋالىق بىر جاي ئىكەن. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ئۆي - ۋاقىنى، مال - چارۋىلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قېلىشنى قارار قىپتۇ ھەم شۇنداق قىپتۇ. دەريانىڭ شەرقىي تەرىپى ھەمە تەكىگە، غەربىي تەرىپى يۇمىلاق باراققا تەۋە بوپتۇ. كېيىن ئەۋلادلار كۆپىيىپ، بۇ جاي «دەريا بويى» دەپ ئاتىلىپتۇ. مانا مەنمۇ يۇمىلاق باراقنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولىمەن.

– سىزنىڭچە، يۇمىلاق باراق بىلەن ھەمە تەكىنىڭ دەريا بويىنى ماكان تۇتقىنىغا قانچىلىك يىللار بولغاندۇ؟

– تۇڭغاز باستىدا ئولتۇرۇشلۇق تەكە جامائەسىدىن بولغان قادىرئاخۇن ئاقساقالنىڭ

دادىسى روزاخۇن ئاقساقال، بوۋىسى تۇرسۇنئاخۇن ئاقساقال بولۇپ، تۇرسۇنئاخۇن ئاقساقال تەكە تامغا ئاقساقال بولغان كىشىكەن، ئۇنىڭ دادىسى توختىكام تەكە بەش بىر تۇغقان بولۇپ، ئەل ئارىسىدا «بەش تەكە» دەپ ئاتالغانىكەن. قادىرئاخۇن ئاقساقال ھېلىمۇ ھەم تەكىنى بوۋامنىڭ بوۋىسى، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنداق ھېسابلىغاندا، دەي بويىنىڭ تارىخى 150 يىلغا بارىدۇ. بۇ ھېساب كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. مېنىڭچە، قادىرئاخۇن ئاقساقال ھەمە تەكىنىڭ 7 - ياكى 8 - ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى باراق جامائەسىدىكىلەر ئەجدادلىرىمىزنى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، تارىخىمىزنى ئاز بولغاندا 280 يىل، جىق بولغاندا 350 يىلغا ئاپارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلىغان. لېكىن ئېنىق يىلىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. دەي بويىلىقلار يىل ساناپ ئادەتلەنمىگەن. ئۆزىنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنىمۇ ئۇقمايدىغان خەق بۇ.



— دەريا بويىدا 50 - يىللاردىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنىمۇ بىلىدىغانلا؟ مەسىلەن. . .

— ھە، ئەندەرەپ كەتمىسلە غوجام، دەي بويىنىڭ ئەھۋالى بىزگە قۇرئاننىڭ رۇپىسىدەك ئېنىق. بۇنىمۇ سۆزلەپ بېرەي،— ئابلا كېرەم تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قىزىقىپ سۆزلەشكە كىرىشتى،— كېرىيىدە 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قاچۇن گۆڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھازىرقى جاي، مۇغاللا يېزىلىرى قاچۇنغا تەۋە بولغان. بۇ جايلاردىكى، بولۇپمۇ جاي كەنتىدىكى چوڭ چارۋىدارلارنىڭ چارۋىلىرى ئاساسەن مۇشۇ دەي بويىدا بېقىلىدىغان بولغاچقا، 54 – 55 - يىللىرى قاچۇن يېزىسىدىكى چارۋىلارنىڭ سانىنى ئېنىقلاش بولغاندا، ناھىيىدىن مەخسۇس ئادەم كېلىپ، دەي بويىدىكى چارۋىلارنىمۇ ئېنىقلىغان. شۇ قېتىمدا، ئابدۇۋاقات دېگەن كىشىنىڭ مىڭ تۇياق چارۋىسىنى مۇسادىرە قىلىپ كېرىيە قوي فېرمىسىغا ئۆتكۈزۈۋالغان ھەم بۇ جاينى قاچۇن گۆڭشېسىنىڭ بىر ئەترىتى سۈپىتىدە ئىدارە قىلغان. 1959 - يىلى قاچۇن گۆڭشېسىغا قاراشلىق كەنت بولۇپ قۇرۇلغان. سىدىق ئىبراھىم سېكرېتار بولغان. ئۇ كىشى دەي بويىدىكى تۇنجى پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، تاكى دەريا بويىدا يېزا قۇرۇلغانغا قەدەر سېكرېتار بولغان. باۋۇدۇن روزى 1959 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە كەنت باشلىقى بولغان. 1959 - يىلى كېرىيىدىن بارات تۇردى، مەسۇم تۇرسۇنلار دەي بويىغا كېلىپ، 50 تىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ، تېرىم دېگەن يەردە بوز يەر ئاچتۇرغان. ئۇلار بىرەر يىلچە چوڭ قازاننىڭ تامىقىنى يېگەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ يۇرتتىمۇ كوپېراتسىيە باشلىنىپ كەتكەن. دەسلەپتە تۆگەز باستىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئولتۇرۇشلۇق روزى ئاقساقال دېگەن كىشىنى «تەشكىلگە بويسۇنمىدى» دەپ «بەش خىل ئۇنسۇر» قالپىقىنى كىيدۈرۈپ، 1500 تۇياق چارۋىسىنى كوپېراتسىيىگە ئۆتكۈزۈۋالغان. باشقا ئائىلىلەرمۇ چارۋىلىرىنى پايغا قېتىشقا سەپەرۋەر قىلىنغان. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 20 مىڭدىن ئارتۇق چارۋا پايغا قېتىلغان. چوڭ قويغا ئون كويدىن پۇل بەرگەن. بۇ مەزگىللەردە، دەييا بويلىقلار ئاشلىقتا بەك قىينالغان. ھۆكۈمەت ھەر ئايدا چوڭ نوپۇسقا 20 جىڭ، كىچىك نوپۇسقا 15 جىڭ قوناق ئۇنى بېرەتتى. كېرىيىدىن چىققان ئېشەك كارۋىنى 13 كۈندە دەي بويىغا يېتىپ كېلەلەيتتى. كارۋان ھەر كەلگەندە بىر نوپۇسقا 8 - 10 جىڭدىن قوناق ئۇنى تەقسىملەپ بېرەتتى. ئاشۇ ئۇننى دەپ نۇرغۇن كىشىلەر بىرقانچە كۈنلۈك يولنى پىيادە بېسىشاتتى. نورما ئاشلىقى ئاز بولغاچقا يەتمەيتتى. شۇڭا كىشىلەرنىڭ كۆزى يولدا ئىدى. ھەممە ئادەم كەنتتىن كېلىدىغان ئۇننىڭ تېزرەك

يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ، كونا ساناش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئىككى - ئۈچ كۈندە بىرەر قېتىم ئاداپ، ئۈماچ چېلىپ ئىچكەندىن باشقا، قالدى چاغلاردا ئادەملىرىمىز چۆلمۆچۆل يۈرۈپ قاغا جىگدىسىنى قېقىپ يەيتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا جىگدىنى قازاندا قاينىتىپ، ئۈستىگە ئازراق قوناق ئۇنى سېپىپ «مۇجىملاق» ئېتىپ ئىچەتتى. چارۋىغا بېرىدىغان قوناقنى چۆگۈندە قاينىتىپ يەپ كەتكەن ئەھۋاللارمۇ بولغانىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىمۇ، داۋۇي مەخسۇس تۆگە كارۋىنى تەسىس قىلىپ، كېرىيىدىن چالا ئېغىلغىچە ئۇن يۆتكىگەنىدى. چارۋىنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا بولغاچقا، كىشىلەر ھەر نۇيۇسقا بېرىلىدىغان 10 - 20 جىڭ قوناق ئۇنى ئۈچۈن ئايدا بىر قېتىم چالا ئېغىلغا پىيادە بېرىپ كېلەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇملۇقتا 200 كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. دەي بويىدا كوپىراتسىيە دەۋرىدىلا كېرىيە شىپىن گۇڭشىدىن كېلىپ ئاچقان بىر دۇكان بار ئىدى. مەخسۇس رەخت بار ئىدى. مالچىلار تېرە، يۇڭ تىۋىت ئەكېلىپ رەختكە تېگىشەتتى. ئاياللار قولىدا كىيىم تىكەتتى. تېرە كىيىم كىيىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا پۇل دېگەن نەرسىنى ئۇقمايتتۇق. 1980 - يىللاردىن باشلاپ، ھەممە نەرسە پۇل بىلەن بولىدىغان بوپ كەتتى. 1967 - يىلى كېرىيىدە قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ئارقىدىنلا دەيىيا بويىدىمۇ 30 كىشىلىك ئىنقىلابىي ئەترەت تەشكىل قىلىنغان. 1969 - يىلى كېرىيىدىن سەككىز كىشىلىك خىزمەت ئەترىتى كەلگەندىن كېيىن، ھەرىكەت تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. ئۇلار «پىيەنخانا سالىسىلەر» دەپ بەش ئورۇنغا ناھايىتى چوڭ ساتمىلارنى سالدۇردى. ئارقىدىنلا ئابلا ساچقاننىڭ كۆلكىلىك رەسىملىرىنى سىزىپ، ساتما تېمىغا چاپلاپ، ئۇنىڭ مەنقاسىم پومېشچىكقا قانداق ئېزىلگەنلىكى تەشۋىق قىلىندى. ئابلا ساچقانمۇ ھەرخىل يىغىنلاردا مەنقاسىم پومېشچىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ يۈردى. كېيىن، كېرىيىدىن مەخسۇس شوئار تولايدىغانلار كېلىپ، چۈشەنگىلى بولمايدىغان شوئارلارنى تولىدى، باشقىلارنىمۇ مەجبۇرىي تولاتقۇزدى. ئارقىدىنلا روزى ئاقساقال، ئابدۇراخمان تۇرسۇن، بەكرى تىكە، ئابدۇۋاقى تەكە قاتارلىق چوڭ چارۋىدارلارنى ئائىلىسى بويىچە سەھنىگە چىقىرىپ، يۈزىگە قازان قارىسى سۈركەپ پىپەن قىلدى. قادى كۆرەك ئۆز باش پاناھى روزى ئاقساقالنى ساتما ئوتتۇرىسىدىكى ئوتقا ئىتتىرىۋەتتى. ئايالىنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ مېيىپ قىلىپ قويدى. روزى ئاقساقال قاتارلىق تارتىپ چىقىلغانلارنى كېچىسى ئايرىم ساتمىغا سولاپ قويسا، كۈندۈزلىرى ئېغىر ئىشلارغا سالدى. يۇلغۇن - قومۇشتىن توقۇپ، ئۈستىگە تېرە تۇتۇلغان ئۇزۇن قالپاقلارنى ئۇلارنىڭ باشلىرىغا كىيدۈرۈپ، ئادىمىزات يوق توغراقلىقلاردا، چۆللۈكلەردە ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ، ئەسكى تونىكە، داسلارنى چېلىپ پىپەن قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى چالا ئېغىلدا يىغىدىن قۇرۇلغان كۈرەش ئەترىتىگە ئەكېتىشتى. كېيىن ئۇقساق، ئۇ يەردىمۇ كۈرەش ناھايىتى قىزىپ كېتىپتۇ. شۇ مەزگىللەردە زىددىيەتلەشمىگەن، دۈشمەنلەشمىگەن ئادەم قالمىغانىدى بۇ يۇرتتا. كېيىن، لىن بياۋنىڭ چەتكە قاچقىنىنى پىپەن قىلدۇق. ماۋجۇشىنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈپ تۇرساق، «تۆت كىشىلىك گورۇھنى پىپەن قىلىسىلەر» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، زامان ئۆزگىشىپ كەتتىغۇ.

– زامان ئۆزگىشالغاندىن كېيىن، قانداق ياخشى ئىشلار بولدى؟

– يۇقىرى رەھبەرلىك بەك كۆڭۈل بۆلدى. غوپۇر ئابدۇللا خوتەنگە ۋالىي ۋاقتىدا، 1987 - ۋە 1988 - يىللىرى ئۇدا ئىككى قېتىم دەي بويىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. 1989 - يىلىنىڭ بېشىدا تۆمۈر داۋامەت كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ كېتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، يەنى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى كېلىپ يېزا قۇرۇپ بەردى. مەن يېزا باشلىقى بولدۇم. مەتتۇرسۇن سۇلايمان سېكرىتار بولدى. 2001 - يىلى ۋاڭ زۇڭلى سېكرىتار، ئۆمەرجان يېزا باشلىقى بولۇپ ناھىيىدىن كەلدى. غوپۇر ئابدۇللانىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى خۇڭجى شىركىتى 2001 - يىلى ئىككى مىليونغا يېقىن مەبلەغ ئاجرىتىپ مەكتەپ، شىپاخانىلارنى يېڭىلاپ قۇرۇپ بەردى. ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسى

400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بىر قۇدۇق قېزىپ بەرگەن، سۇ چىقىرىدىغان ماتور بولمىغاچقا، تېخى ئىشلىتىلمىدى. 38 مىڭ يۈەنلىك ماتور ئالمىسا بولمىغۇدەك. توك مەسىلىسىگە كەلسەك، هازىر يېزىدا بىر ماتور بار. يېزا مەركىزىگە يېقىن جايدىكى 18 ئائىلىلىك ئايدا 20 يۈەندىن پۇل تۆلەپ چىراغ ياقىدۇ. كۈندە ئىككى - ئۈچ سائەت توك ئىشلىتەلەيدۇ. 1989 - يىلى دەييا بويىلىقلار ئۆزىمىز 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، بىر مولۇق كۆلەمدە مەسچىت سېلىۋالدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا هەربىر كەنتتە بىردىن مەسچىت بار. يېزىدىكى هەربىر رەهبەر بىردىن مەسچىتكە مەسئۇل. هازىر يېزىمىزدا 44 نەپەر پارتىيە ئەزاسى، 54 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى بار. ئۇلار خەلققە ئۈلگە بولىدۇ. يۇقىرىدىنمۇ يىلدا 50 مىڭ يۈەنلىك قۇتقۇزۇش ئاشلىقى كېلىپ تۇرىدۇ. 1965 - يىلى ئەيسا ئىبراهىم ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرىنى باشلاپ كېلىپ 20 كۈن ئويۇن قويدۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنداق ئىشلارمۇ بولمىغان. 1989 - يىلى ۋە 1992 - يىللىرى ناهىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى كېلىپ ئالاهىدە ئويۇن قويۇپ بېرىپ كەتتى. يەنە جىق ئىشلارنى قىلىمىز دېيىشىۋاتىدىغۇ.



ـ هە راست، ئابلاكا، دەريا بويىدا تۇنجى كىنو قويۇلغاندا كىشىلەر قورقۇپ كېتىپتىكەن، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغانتىم، بۇ راستمۇ؟

ـ راست. 1966 - يىلى كېرىيىدىن راشىدىن قاسىم ئىسىملىك كىنوچى «يايلاقتىكى بۈركۈت» دېگەن كىنونى ئەكېلىپ قويغان. 1968 - يىلى ئۇ يەنە بىر كېلىپ، «چاپايېف» دېگەن كىنونى قويغان. كىنودا كىشىلەرنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن كۆرۈنۈشى چىققاندا، هەممە كىشى قورقىنىدىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋېلىشقان. بەزى كىشىلەر قېچىپ كېتىشكەن. شۇڭا كىشىلەرگە تەربىيە ئىشلەشكە مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىلغان. دەييا بويىدا بۇنداق كۈلكىلىك ئىشلار خېلى بار. مەسىلەن، 1960 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئاقسۇ تەرەپتىن بىر ئايروپىلان ئۇچۇپ ئۆتكەندە هەممە كىشى

توغراقلىققا قېچىپ بېرىۋالغان. تۆگۈغاز باستىلىق مۇهەممەتشاه ئوسمان 1960 - يىللاردا ئېشەكلىك كېرىيىگە چىققاندا، ئېشىكىنى ئېتىزلىقتىكى بۇغدايلىققا قويۇۋېتىپ ئوتلاتقانىكەن. دېهقانلار ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ «مەن تېخى قىياقلىقمىكىن دەپ قاپتىمەن. بۇغداينىڭ بۇنداق يەردە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن» دەپ ئاران قۇتۇلۇپتىكەن. يەنە بەزىلەر كېرىيىگە يېڭى چىققاندا، بازاردا سېتىلىۋاتقان ئۈزۈملەرنى كۆرۈپ، هەيران بولغان هالدا ئۈزۈم سانقۇچىدىن «بۇ مېۋىنى سېپىغا قانداقمۇ ئۆتكۈزۈپ بولغانلا» دەپ سورىغانىكەنتۇق. يەنە بىر كىشى كېرىيىگە تۇنجى بارغاندا، ئېتىزلىقتىكى قوناقنى كۆرسىتىپ دېهقانلاردىن «بۇ قانداق ئوت» دەپ سوراپتۇ. دېهقانلار چاقچاق قىلىپ: «بۇ دېگەن پاسا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. هېلىقى دەي بويىلىق تېخىمۇ قىزىقىپ: «نېمانداق قۇلىقى يوغان پاسا بۇ، بىزنىڭ يۇرتتىكى پاسانىڭ قۇلىقى كىچىك بولىدىغان» دەپتۇ. دېهقانلار بىرنەچچە باش قوناقنىڭ سوپىقىنى يېرىپ كۆرسىتىپ، «بىزنىڭ پاسا مانداق مارجانلايدۇ، سىلەرنىڭ يۇرتتىكى پاسامۇ مارجانلامدۇ» دەپ ئۇنى ئەخمەق قىپتۇ. ئۇ كىشى بەكلا هەيران قاپتۇ. 1968 - يىلى دەي بويىغا تۇنجى قېتىم زەنجى تاپان

تراكتور كەلگەندە، كىشىلەر هەيرانلىق ئىچىدە ئۇنى سىيلاپ كەتتىكەن. بەزىلەر شوپۇردىن: «هەجەپ يوغان جانىۋاركەن بۇ، قورسىقىنى قانداقمۇ بېقىپ بولىدىغانسىلەر؟ هەلەپ يەمدۇ، پاسامۇ» دەپ سورىغان. شوپۇر چاقچاق قىلىپ: «بۇ جانىۋارنى پاسا بىلەن باقىمىز» دەپ جاۋاب

بەرگەندە كىشىلەر ئىشىنىپ قېلىپ، بىر باغلام پاسانى تراكتورنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، بېيىشنى كۈتۈپ تۇرۇشقان. 1970 ـ يىللاردا ئابلا مۇسا دېگەن كىشى كىچىك بىر رادىئونى كېرىيىدىن ئېلىپ كەپتىكەن، كىشىلەر: «بۇنىڭ ئىچىگە ئادەم قانداق پاتقاندۇ» دەپ ھەيران بولۇشقان. كېيىن بۇ يۇرتىمىز جىق تەرەققىي قىلىپ كەتتى. ھازىر يېزا تەۋەسىدە يۈزدىن ئارتۇق موتو، 40 تىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك ماشىنا بار. رادىئو، ئۈنئالغۇ دېگەن نەرسىلەر ھەممە ئۆيدە بار بوپ كەتتى. يېزا تەۋەسىدە يەنە يەتتە دانە تېلېۋىزور بار.

ئابلا كېرەمنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، سۆھبەت بەكلا ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. مەن ئۇنىڭغا بولغان رەھمىتىمنى بىلدۈرۈپ، قايتماق بولۇپ قوزغىلىپ تۇرۇشىمغا، ئابلا كېرەم يەنە قىزىپ سۆزلەپ كەتتى.

ـ ئەمىرانجان، بەك بەلەن ئىشقا تۇتۇش قىلىشىپلا، بىزدىن يانمىسا، خۇدادىن يانا، مۇشۇ دەيپا بويىنى راسا بىر يېزىپ، خەلقى ـ ئالەمگە بىر تونۇتۇۋەتسىلە، بىزنىڭ قانداق ئادەملىكىمىزنى ئەللەر بىلىپ قالسۇن، ـ ئۇ سۆزلەشتىن توختىماي توختاپ ئورنىدىن تۇردى ھەم پەللىكىنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ـ ئوبدان قارىسىلا غوجام، مەندە قۇيرۇق بارمىكەن. مەن سىلىگە دېسەم، دەي بويلىقىنىڭ ھېچقايسىسىدا قۇيرۇق يوق! مايمۇن ئەمەس، ئادەم بىز، سىلىگە ئوخشاشلا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن. كەلگەنلەرمۇ ساپلا رەسىمگە چۈشكىلى كېلىدىكەن بۇ يۇرتقا. بىردەم «تۆگە تېپىڭلار، مىنىپ رەسىمگە چۈشۈۋالايلى» دەيدۇ، بىردەم «كۆمەچ سالساڭلار، يەپ ئولتۇرۇپ رەسىمگە چۈشۈۋالساق» دەيدۇ. تۇرۇپلا «مەكتەپ باللىرىنى مەيدانغا يىغىڭلار، دەپتەر ـ قەلەم تارقاتقاننى رەسىمگە ئالىمىز» دەيدۇ. ئىشقىلىپ سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ بىز بىلەن مۇڭدىشىشقا

مۇڭدىشىشقا موھتاج. ئىچىمىزدە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىمىز بار. بىزمۇ ئاڭلىسا ئاڭلىغۇچىلىكى بار گەپ قىلالايدىغان خەق. ئابدۇراخمان قاھار جىق نەرسىلەرنى يېزىپ كەتكەن، سىلەرمۇ ئۇزۇنراق تۇرۇپ، جىقراق نەرسىلەرنى يېزىپ كېتىڭلار.

ـ بىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىرىگە، بىزنى چۈشەنگەنلىرىگە رەھمەت. بۇرۇنقى چاغلاردا سىلەرنىڭ ئۇستۇڭلاردىن تارقالغان «قۇيرۇقى بار ياۋايى ئادەملەر» دېگەن گەپلەر نېمە سەۋەبتىن تارقالغان بولغىيدى؟

ـ بۇ 1988 ـ يىلدىكى گەپ، ـ ئابلا كېرەم ئۆرە تۇرۇۋېلىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، ـ شۇ چاغدا يېزىنىڭ سېكرېتارى قادىر نىياز ئۆلۈپ كەتكىلى ئۇزۇن بولمىغانىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىلەكتە ئولتۇرۇشلۇق ئوبۇل ھەسەن باراقنىڭ باللىرى ئۆز توقىيىدا مال بېقىۋېتىپ بىر تۇتۇيجىگە ئۇچراپ قاپتۇ ھەم قورقۇپ كېتىپ قېچىپتۇ. تۇتۇيجىدىن ئۈچ كىشى چۈشۈپ ئۇلارنى قوغلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى بىزنىڭ تىلىمىزنى چالا بىلەمدىكەنمۇ دەيمەن، ئۇلار ئوبۇل ھەسەن بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ: «سىلەر قانچە ئادەم، تەشكىلىڭلار بارمۇ؟» دېگەن سوئالىغا ئوبۇل ھەسەن باراق: «تەشكىلىمىز يوق. باشلىقىمىز يېقىندىلا ئۆلۈپ كەتكەن، تېخى باشلىق سايلىمىدۇق. بىز 25 ئائىلىلىك» دەپ قادىر نىيازنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئۆزى تۇرۇشلۇق 6 ـ شياۋدۇينىڭ ئائىلە سانىنى بىرلەشتۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ كەلگەنلەر ئەسلى خوتەننىڭ تەۋەككۇل دېگەن يېرىدىن نېفىت ماشىنىلىرىغا يول ئېچىپ ماڭغانلار ئىكەنتۇق. شۇ چاغدا، ئوبۇل ھەسەن باراق ئۇزۇن چاپىنىنىڭ ئىچىدىكى پوتىسىغا تىۋەزىن① قىستۇرۇۋالغانىكەن. تىۋەزۈننىڭ دەستىسى ئارقا تەرەپتىن چاپاننى كۆتۈرۈپ تۇرغاچقا، ئۇلار بۇنى خاتا ھالدا قۇيرۇق بولۇشى مۇمكىن، دەپ قالغان گەپ. ئەتە ـ ئۆگۈن ئوبۇل ھەسەن باراقنىڭ توقىيىغىمۇ بارمىز تېخى، ئۇنىڭمۇ قۇيرۇقى يوقلۇقىنى شۇ چاغدا بىلىلا.

مەن ئابلا كېرەمنىڭ ئۆيىدىن يانغاندا،

---

① تىۋەزىن ـ كىچىك پالتا.

ئەسىر ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئابلا كىرەم ماڭا يېرىم قوينىڭ گۆشىنى كۆتەرتىپ قويدى.

## توقسۇن جەمەتى

13 - ئۆكتەبىر چۈشكە يېقىن، بىز يۇسۇپجاننىڭ يول باشلىشى بىلەن دەريا بويى يېزىسىنىڭ دەريا بويى كەنت سېكرېتارى مەمتىمىن توقسۇننىڭ تولدامىدىكى توقىيىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. مەقسىتىمىز - دەريا بويى يېزىسىدىكى ئەڭ چوڭ جەمەت - توقسۇن جەمەتى بىلەن تونۇشۇش ئىدى.

ماشىنا يېزا مەركىزىدىن غەربىي شىمالغا قاراپ مېڭىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، قويۇق يۇلغۇنلۇق ئارىسىدىكى تار ھەم يىلانباغرى كەتكەن كاتاڭلىق توپا يولغا چۈشتى.

ئالتۇن كۈز پەسلى بولغىنىغا قارىماي ھاۋا يەنىلا تىنجىق ئىدى. قۇرغاق توپا ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان ئاپتاپ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان دىمىق ھاۋا تولۇپ قىزارغان ياپراقلىرى بىلەن پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنىنى ئەسلىتىدىغان توغراق شاخلىرىنى، گويا ئۇستىۋاشلىرىدىكى قېلىن بىر قەۋەت توپا - چاڭنى كۆتۈرۈش ئېغىر كەلگەندەك، باشلىرىنى ئېگىپ، قىيسىيىپ تۇرۇشقان يۇلغۇنلارنى قىمىر قىلدۇرمايتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قۇرۇپ قىيسىيىپ قالغان يۇلغۇن قاقشاللىرىنىڭ ماشىنىغا ئۇرۇلغاندىكى «تاڭ - تۇڭ»لىرى بىلەن ماتوردىن چىقىۋاتقان يېقىمسىز ئاۋازنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتراپتىن ھېچقانداق شەپە كەلمەيتتى. بىز ئادەمگە بارچە ھاياتلىق ھەرىكەتتىن توختاپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان بۇ چۆل يولدا، ماشىنا يوچۇقلىرىدىن كىرىۋاتقان ئاچچىق توپا - چاڭغا مىلىنىپ ئولتۇرۇپ، تاشپاقىدەك ئاستا ئىلگىرىلەيتتۇق.

ماشىنا يۇلغۇنلۇق ئارىسىدىكى كارىدورسىمان بوغۇناق يولدىن چىقىپ، قۇرۇپ قۇملىشىپ كەتكەن كونا دەريا قىنىدىن ئۆتۈشكە، يۇلغۇنلۇق بىلەن توغراقلىق ئارىسىدا پاسىل ھاسىل قىلىپ تۇرغان كۆرۈمسىز دۆڭ ئۇستىدە بىر يۈرۈش ساتمىلىق ئۆيلەر كۆزىمىزگە چېلىقتى.

- بۇ سۇپاخۇننىڭ توقىيى. ئىشكتە قۇلپا تۇرىدۇ، مېڭىۋېرەيلى، - دېدى يۇسۇپجان ماشىنا دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن.

بىز شەرقىي شىمال يۆنىلىشكە سوزۇلغان، شور توپا ئۆرلەپ تۇرغان ئوڭغۇل - دوڭغۇل يول بىلەن قويۇق توغراقلىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتۇق ھەم يول ئۇستىدىكى ئاھالىلەرنى زىيارەت قىلىپ مېڭىش مەقسىتىدە، يۇسۇپجاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئادەم ئىزى ئۇچرىمايدىغان چاتقالliقلاردا ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا مېڭىپ يۈرۈپ، ئوبۇلئاخۇن، سەيدى ئابدۇل، سادىق ئاخۇن، نۇراخۇن، ئابلا غوجا، مەتسىدىقئاخۇن، قۇربىنئاخۇن، ئۇرايىمئاخۇن، ئەخمەتاخۇن، قاسىمئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ ساتمىلىرى ئالدىدا توختاپ ماڭغان بولساقمۇ، لېكىن ھېچقايسى ساتمىدا ئادەم بولمىغاچقا، قېرى توغراقلار بىلەن يۆگىلىپ تۇرغان بۇ توقايغا ئايرىم بىر كېلىپ زىيارەت قىلىشنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. مەن يۇسۇپجاندىن بۇ ساتمىدىكىلەرنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى سورىدىم، يۇسۇپجان:

- ھازىر دېگەن زەدەك كولاشنىڭ تازا ئوبدان ۋاقتى، بۇنداق چاغدا سەل جېنى بار ئادەملەر ئۆيىدە ئولتۇرمايدۇ، - دەپ چۈشەنچە بەردى.

بىز قاسىمئاخۇننىڭ ساتمىسىدىن شەرققە بۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ماشىنىنىڭ ئالدى



چاقلىرى ئۈستىنى بىر قەۋەت شور توپا قاپلىغان بەزلەش لايداڭغا پېتىپ قالدى. ئابلىز مايىنى قولاقچە ئۇردى، بىز ئارقىسىدىن ئىتتەردۇق. لېكىن چاقلارنىڭ يېپىشقاق سېغىز لاي ئارىسىدا بىكارغا چۆرگىلىگىنى چۆرگىلىگەنىدى. نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇشقىنىمىزدا، تۇساتتىن جەنۇب تەرەپتىكى توغراقلىق ئارىسىدىن بېشىغا ئېگىز قارا تەلپەك، ئۇچىسىغا ئاق يەكتەك كىيگەن، بېلىگە چىڭ باغلانغان پوتىسىغا قىسقا ساپلىق پالتا قىستۇرۇۋالغان، پۇتىغا ھەربىيچە چوخەي كىيىپ، پاقالچەكلىرىنى ئۆچكە يۇڭىدا توقۇلغان ئاق شىراقچە[1] بىلەن تاڭغان 60 ياشلاردىكى كەكە ساقال بىر كىشى يوغان بىر قوينى يېتىلىگىنىچە چىقىپ كەلدى.

— دەريا بويىدىكى مەنقۇۋان توقسۇن دېگەن داڭدار كىشى مانا مۇشۇ، بىز ئۆيىگە ماڭغان مەمتىمىن توقسۇن سېكرېتارنىڭ ئاكىسى، لەقىمى پوزا بۇ ئوغرىنىڭ، — يۇسۇپجان بۇ خۇشخۇي بوۋاينىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ شوخلىق دېدى.

— ئەتىگەن ئىنىم مەمتىمىنئاخۇن يۇقىرىدىن باشلىق كەلمەكچى، قويدىن بىرنى تۇتقاچ كەلسۇن دەپ خەۋەر سوقاپتىكەن، مەن شۇ ئىش بىلەن ئاينا. ئىرىغ ياشلاڭ ئىرەكتىلەركەنغۇ بولار، ۋاي، سىلەر مۇخبىركەنسىلەر - دە، بەك بەلەن بوپتۇ. كەچتە ئوتلاقتا بىر كىرىپ كەتسەك، بىزنىڭ گەپلىنى يېزىپ دەپتىرىڭلارمۇ قالمايدۇ تېخى، — مەنقۇۋان توقسۇن شوخلاق دېگىنىچە، ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— ئەسلى ئېيىنغىراق سالىدىغان گەپكەن بۇ گۆينى، شورۋىچىنىڭ يېرى، ھەجەپ پۇتۇپ كېتىپتۇ بۇ يەر، — دېگىنىچە يەكتىكىنىڭ پېشىدە قوم ئەكىلىپ چاق ئاستىغا تۆكۈشكە باشلىدى.

بىزمۇ ئەقىل تاپقاندەك بولۇپ گۈرجەك بىلەن چاق ئاستىدىكى لايىنى ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا قوم، شاخ - شۇمبا دېگەنلەرنى بېسىپ، ئىتتىرىپ يۈرۈپ ماشىنىنى ئاران چىقىرىۋالدۇق. بوۋاي قوينى كەينىمىزدىن ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قېپقالدى. ماشىنا قوزغىلىدىغان چاغدا يۇسۇپجان:

— ھەي پوزا، ئۆتتۈپ قالماي ئالچى راۋابىڭنى ئالغاچ بار جۇما! كەچتە كارامىتىڭنى بىر كۆرسەتمىسەڭ بولمايدۇ، — دەپ جېكىلىدى.

يول ئۈستىدە يۇسۇپجان بىزگە مەنقۇۋان توقسۇننىڭ دەريا بويىدىكى بىردىنبىر راۋابچى ئىكەنلىكىنى، نۇرغۇن بېيىت - قوشاق بىلىدىغانلىقىنى، ياشتا چوڭ بولسىمۇ شوخلۇقتا، چەبدەسلىكتە ياشلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى، ئۇ باش بولمىغان تويىنىڭ قىزىمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

بىز مەمتىمىن توقسۇننىڭ مەھەللىسىگە چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەردە يېتىپ كەلدۇق. تولداما - يېزا مەركىزىنىڭ شىمالىغا 17 كىلومېتىر كېلىدىغان، بۈك - باراقسان توغراقلار بىلەن قاپلانغان، كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك دەرىجىدە گۈزەل، ياشاشقا بەكلا ماس كېلىدىغان كۆكلۈلدىكىدەك توقاي. مەمتىمىن توقسۇن ئائىلىسى دەريا بويىدىكى ئەڭ چوڭ جەمەت سانالغان توقسۇن جەمەتىدىكى غوللۇق، ئابرۇيلۇق ئائىلىلەرنىڭ بىرى. بېشى 50 تىن ئەمدىلا ھالقىغىنىغا قارىماي، كەكە ساقىلىنى ئۆستۈرۈۋالىدىغان، ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە تەدبىركارلىقى بىلەن يېزا تەۋەسىدە خېلى ئوبدانلا ئابرۇي قازىنىپ قالغان بۇ ۋجىك كىشى ئايالى قۇۋانخان ۋە ئابدىلراخۇن، پەزىلەتخان، رىۋىدەخان، تالىپ، ئايشىخان، رەخمىتاخۇن، مۇسراخۇن قاتارلىق يەتتە پەرزەنتى بىلەن مۇشۇ توقاينىڭ ئەڭ ھاۋالىق يېرىدىكى دۆڭلۈككە شەرقتىن غەربكە سوزۇلدۇرۇپ ئۆزۈنىسىغا سېلىنغان كەڭرى ئۆيلەردە بەختلىك ياشايدۇ.

مەن ئۆيدىن خېلىلا يىراق جايلاردىكى يۇلغۇن - توغراق ئۆسمىگەن قوم دۆۋىلىرىنىڭ بېقىنلىرىغا ياندىشتۇرۇلۇپ يۇلغۇن، توغراق بادرىلىرىدا سېلىنغان، ھەجىمى ۋە شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈستى ئوچۇق قوتان شەكلىدىكى ئۆيلەرنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقتىم. بىلدىمكى، كىچىك تىپتىكى بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىسى بار

ئىكەن. دەريا بويىلىقلار ئەخلەت، كۆل، سۆڭەك، يۇڭ - چۇپۇر . . . دېگەندەك تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ئورۇنغا تۆكىدىكەن، ھەتتا مال ئۆلتۈرىدىغانغىمۇ مەخسۇس يالاق ئۆيلەرنى سالىدىكەن.

مەن مەسچىت سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ ئابدۇرىشاتنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىۋاتقان مەتتىمىن توقسۇندىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىۋېدىم، ئۇ كەكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ:

- ۋاي غوجام، پاكىز يۇتلار بۇ، ھەممە نەرسىنى ئارىلاشتۇرۇپ تۆكۈۋەرسەك ئۇلۇغلىرىمىزغا قانداق يۈز كېلىمىز، - دەپ جاۋاب بەردى.

دەل شۇ چاغدا غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى توغراقلىق ئارىسىدىن غىڭشىپ ناخشا ئوقۇغىنىچە مەنقۇۋان پوزا چىقىپ كەلدى. ئۇ يولدا بىر كۆرگەن يوغان ئاق قوينى يېتىلىۋالغانىدى. قولتۇقىدا بىر راۋاب تۇراتتى.

ئۇ ھەممىمىز بىلەن ئالدىراشچىلىق ئىچىدە كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن:

- راۋاب مەتان يونىڭىدىتى، ئەكېلىپ بولغۇچە ھايالشىپ قالدىم. ھاي، مۇرغىلەكلىشىپ تۇرماي تاق - تاق بولىلى، بالام ئابدىلىران، قولغا سۇ ئەكېلىڭ، ئىنىم مەتتىمىنئاخۇن قوينى يالاقا سولاپ پىچاق تەييار قىلىڭ. يورۇق ئالەمدە چىقىرىۋالىلى بۇ گۆينى، - دېگىنىچە ئۇزۇن چاپىنىنى سېلىشقا كىرىشتى.

مەتتىمىن توقسۇنمۇ:

- ئابدىلىران بالام، ئانىڭىزغا دەڭ، قىيمىلارنى تەييارلىسۇن، مەتتۇزان بىلەن ئاقىدىكى دۆڭگە ئوت قالاپ قومنى قىزىتىڭلار، پاكىز قۇمنى تاللاڭلار بالام، - دەپ جېكىلىگىنىچە پىچاقنى بىلەشكە باشلىدى.

- بۈگۈن دەريا بويىنىڭ يەرلىك كاۋاپلىرىغا ئېغىز تېگىدىغان بولدۇڭلار. سىلەرگە قېرىن كاۋىپى، تال بورداق، ياغ، بېغىر دېگەن كاۋاپلارنى قانداق پىشۇرىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى، يېزىدىن ئورۇنلاشتۇرغان، - دېدى يۇسۇپجان بىزنى چەتكىرەك تارتىپ.

ھەممىمىز خۇش بولۇپ كېتىشتۇق.

- قوي سويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاكا - ئۇكا توقسۇنلار گۆشنى تاتقۇشلاپ يورۇپ، ئۆگە - ئۆگىلىرىدىن ئاجراتتى - دە، يېرىم جىڭ، بىرەر جىڭدىن پارچىلاپ ساتمىغا يۆتكىدى. قوۋانخان قاراموچ، زەنجىۋىل، تۇز ۋە ئۇششاق توغرالغان پىيازنى ئېلىشتۇرۇپ قىلغان قىيمىسىنى قولى بىلەن تېتىپ كۆردى - دە، يوغان تۇڭكا داستىكى گۆش ئۈستىگە تۆكۈپ خېلى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۈستىنى لېگەن بىلەن يېپىپ قويۇپ، تېخى ھورى كەتمىگەن جىگەرنى ساتمىنىڭ شەرق تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان، ئوت كۆيۈپ تۇرغان مورىسىز تىك ئوچاقتىكى قازانغا سالدى. مەتتىمىن توقسۇن سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوت كۆيۈپ تۇرغان يانتۇ ئوچاقنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ، داستىخاندىكى چاۋا ياغلارنى نېپىز قىلىپ پېرىشقا باشلىدى. ئون مىنۇتلاردىن كېيىن، قوۋانخان قازاندىكى چالا پىشقان جىگەرنى سۈزۈۋېلىپ ئۇششاق توغراپ، ئۇنىڭغا پىياز، قاراموچ،



زىرە، تۇز قاتارلىقلاردىن قىلىنغان قىيمىنى ئېلىشتۇرۇپ، شاپتۇل ئۇچكىسى چوڭلۇقىدا كومىلاچلاشقا باشلىدى. مەتتىمىن توقسۇن ئوخشاش چوڭلۇقتا كومىلاچلانغان بۇ قىيمىلارنىڭ ھەر بىرىگە چاۋا ياغنى نەچچە قاتتىن يۆگەپ، يۇلغۇن شوپۇڭىدىن قىلىنغان زىخقا ئۆتكۈزۈپ، ئوچاقتىكى چوغقا قاقلاپ پىشۇرۇشقا باشلىدى. دەريا بويىلىقلار بۇ كاۋىپىنى «ياغ بېغىر» دەپ ئاتايدىكەن. ياغ بېغىر كاۋىپى گەرچە ھەر بىرىمىزگە ئىككى تالدىن تەگكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزگىچە مەززىلىك تەمى تىلىمىزنىڭ

ئۇچىدىلا قالدى. ياغ بېغىر كاۋىپى يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەتقۇۋان توقسۇن ئىنىسىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن تال بورداق كاۋىپىنى ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن تالنىڭ بىر چېتىدىن بارماق پاتقىدەك تۆشۈك ئېچىپ، بېگىز بارمىقى بىلەن كېڭەيتىپ، تاماكا خالتىسى شەكلىگە كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، قوۋانخان قارامۇچ، زىرە، تۇز ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاپ بەرگەن چاۋا ياغ قىيمىسىنى ئاۋايلاپ ئىچىگە سالدى - دە، ئۇنى يۇلغۇن شوپۇڭىدىن ياسالغان ئىككى تال زىخقا ئۆتكۈزۈپ، ئوتقا قاقلاپ پىشۇردى. بۇ كاۋاپمۇ ھەر بىرىمىزگە بىر چىشلەمدىن تەگكەن بولسىمۇ، ياغ بېغىر كاۋىپىغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە تەمى بىلەن بەك تېتىپ كەتتى. ئارىدىن يېرىم سائەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن، قوۋانخان چوڭ قىزىنىڭ ياردىمىدە قېرىننى قايتا - قايتا يۇيۇپ، پاكىز تازىلاپ تەييار قىلدى. مەمتىمىن توقسۇن يوغان تۇنكا داستىكى قىيما تېتىتقۇلىرى سىڭىشىپ تەييار بولغان گۆشنى قېرىن ئىچىگە تۆكۈپ، ئاغزىنى كۆك يۇلغۇن شوپۇڭىدا ياماپ، ساتما ئارقىسىدىكى دۆڭدە ئۇلۇغ كۆيۈۋاتقان گۈلخان تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقتۇق. باللار ئوتنى يانغا تارتىۋېتىپ، ئاستىدىكى قىزىق قۇمنى كەتمەن بىلەن كولاشقا باشلىدى. كۆيۈپ قىزغۇچ رەڭگە كىرىپ قالغان ھارارەتلىك قۇم پۈتۈن بىر قوينىڭ گۆشى تىقىلغان قېرىننى ئۆز قوينىغا ئالدى. بىز قېرىن كاۋىپى كۆمۈلگەن قىزىق قۇمنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتۇق.

كەچ كىرىپ كۆز باغلانغان چاغ بولۇپ قالغانىدى. پۈتۈن ئەتراپنى ئۇنسىز قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. مەتقۇۋان توقسۇن: «ئازراق مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشىم بار ئىدى» دەپ ئىنىسى مەمتىمىنئاخۇننى ساتمىغا ئەكىرىپ كەتكەچكە، بىز بۇ ئائىلىدە ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان مەتتۇردىئاخۇن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئىككى سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاكا - ئۇكا توقسۇنلار بىر - بىرىنى قولتۇقلاشقىنىچە، پەس ئاۋازدا پاراڭلىشىپ چىقىپ كەلدى. مەمتىمىن توقسۇن خېلىلا سوۋۇپ قالغان قۇمنى قولى بىلەن ئىككى يانغا تارتىپ، قېرىننىڭ ئۈستۈنكى يۈزى كۆرۈنگەندە ئېڭىشىپ تۇرۇپ پۇراپ باقتى - دە:

- قىل قاپتۇق ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتكىلى، يەنە ئازراق تۇرغان بولسا كۆيگەن يەرلىرى تېشىلىپ، ئىچىگە قۇم كىرىپ كېتەتتىكەن، - دېگىنىچە، قول چىراغنىڭ يورۇقىدا گويا سەللا سىلكىنىپ كەتسە پارتلاپ كېتىدىغان بومبىنى كولاپ ئېلىۋاتقاندەك، قېرىننىڭ تۆت تەرىپىدىكى قۇمنى ئاۋايلاپ ئېلىشقا باشلىدى. ناھايىتى مەززىلىك ھىد دىماغلارغا ئۇرۇلدى. ئۇ تونۇرغا كۆمۈلگەن كاۋاپقا ئوخشاش تارشىدەك قېتىپ سارغىيىپ، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى كۆيۈشكە باشلىغان قېرىننى ناھايىتى ئاۋايلاپ ئالدى - دە، ئۈستىدىكى قۇم يۇقۇندىلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن سىپاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن چوڭ داسقا تۆكتى. ساتمىغا داستىخان تارتىلىپ قېرىن كاۋىپى زىياپىتى باشلاندى. بىز دورا - دەرمەكلەرنىڭ تەمى سىڭىپ، سۆلۈق ھەم يۇمشاق پىشقان مەززىلىك كاۋاپنى يەپ، شىرنىدەك قويۇق سۈيىنى ئىچىپ ناھايىتى ھوزۇرلاندۇق. قورساق تويۇپ، هاردۇقىمىز بىراقلا چىقىپ قالغانىدى.

ئەتىسى يېزا مەركىزىگە قايتىدىغان بولغاچقا، سائەتنىڭ 11 بولۇپ قالغانلىقىغا قارىماي، مەتقۇۋان توقسۇننى راۋاب چېلىپ بېرىشكە تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدۇق. ئۇمۇ ئويۇنخۇمار، كۆڭۈلچەك كىشىكەن. تەلىپىمىزگە دەرھال ماقۇل بولدى. بىز باشقىلارنىڭ ئارام ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ساتما ئارقىسىدىكى دۆڭگە قايتىدىن سورۇن قۇردۇق. مەتىسلىم، غەيرەتلەر يېقىن ئەتراپتىن توغراق ئوتۇنلىرىنى يىغىپ كېلىپ گۈلخان سالدى. ئوت پاراسلاپ كۆيۈپ، توغراق بويى ئېگىزلىكتە كۆيۈشكە باشلىدى. بىز مەتقۇۋان توقسۇننى ئارىمىزغا ئېلىپ، ئوتقا قاراپ ئولتۇرۇشتۇق.

ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن مەن راۋابقا تارا ئۇلاۋاتقان مەتقۇۋان توقسۇندىن گەپ سوراشقا باشلىدىم:

- دەريا بويىدا سازەندە - نەغمىچىلەر خېلى بارمۇ؟

- هاي ياقەي، نەغمىچى - سازەندە دېگەن تۆت كوننى يوقتىشتا تۈگىگەن هاي بۇ ژۇتلاردا. بىزدىن بىلەك تۇزۇكرەك راۋابچىمۇ قالمىدى ئاينا. زەيلىكتىكى قاسىم ئىسلام، يالغۇز توغراقتىكى مەتشىرىپئاخۇن، ئىيىندىكى توقايدا ئولتۇرۇشلۇق مەمتان پولار مۇشۇ راۋابنى سورىۋېلىپ ئاندا - ساندا تىرىڭشتىپ يۇرىشىدۇ قالىسلا.

- ئۇنداقتا، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى نەغمىچى - سازەندىلەر خېلى كۆپكەنتۇق - تە، بۇ يەردە؟



- بىز كىچىك چاغلىدا، هەي. . . ئاجايىپ زامانلارتى ئۇ. مۇشۇ مەتتۇداندەك شاش چاغلىرىم ئىدى. بىر قېتىم دادۇي بوغالتىرى قادىر نىياز هېساب تەكشۇرگىلى چىققاندا مېنى هازىرقى 3 - شودۇي بېشىدىكى خانىقا دېگەن توقايغا بىرگە ئېلىپ باردى. بۇ توقايدا ئوغۇلەك ئانام ئىسىملىك يېشى 70 تىن ئاشقان، ئورۇق، ئېگىز كەلگەن ئاپئاق چاچلىق بىر موماي ئولتۇرىدىكەن. ئۇ مەزلۇم دۇتار چېلىپ ناخشا ئوقۇشقا بەك يامانكەن. بارغان كۇنىمىز بالا - ۋاقلىرىنى يىغىپ كىچىچە مەشرەپ قىلىپ بەردى. ئۆزى تاڭ ئاتقۇچە دۇتار چېلىپ ناخشا ئوقۇدى. باللىرى، كېلىن - نەۋرىلىرى ئۇسسۇل ئوينىدى. قادىر نىيازمۇ راۋاب چالدى. هەيران قالدىم. شۇ كۇندىن باشلاپ ئىچىمگە بىر پارچە ئوت كىرىۋالغاندەك بولۇپ قالدىم. قادىر نىيازغا ئەگىشىپ يۇرۇپ مازاردا ئولتۇرۇشلۇق سىدىق قويچى، خانىقاغا يېقىن جايدىكى قادىر كۆرەك، تۇرسۇن كالدىرلار بىلەن تونۇشتۇم. سىدىق قويچى ماڭا راۋاب ئۆگەتتى. نۆۋەت بىلەن بولۇپ تۇرىدىغان مەشرەپلەردە يۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ سازەندىلەر بىلەن تونۇشتۇم. يىراق - يىراق جايلاردىن ئات - ئۇلاغلىق كېلىپ، بىزنى مېهمانغا تەكلىپ ئېتىشەتتى. توي - تۆكۈن بىز بولمىساق قىزىمايتتى. 1968 - يىلى مۇشۇ چوڭ دەريا ئىككىگە ئايرىلىدىغان يوغان توغراقتا تۇغ باغلاش بولغاندا، ناهىيىدىن چىققانلار سازلىرىمىزنى بويىنىمىزغا ئېسىپ سازايى قىلىپ تۆت كوننى يوقتىش ئېلىپ باردى. ئارقىدىن دەپيا بويىدىكى بارلىق سازلارنى ۋە نۇرغۇن كونا كىتابلارنى كۆيدۇردى. ئۇستازىم سىدىق قويچىنى بىرسى بەك ئۇرۇۋەتكەچكە بىر مەزگىل كېسەل تارتىپ ئۆلۈپ كەتتى. مۇشۇ راۋاب ئاشۇ رەھمىتىدىن قالغانىدى. بىر كۇنى ناهىيىدىن كەلگەن ئۇچ كىشى كالتەكلەرنى كۆتۇرۇشكەن هالدا بىزنىڭ توقايغا كېلىپ «راۋابنى چىقار» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار مېنى يالىڭاچلاپ، ساتما ئالدىدىكى قېرى توغراققا باغلاپ بىر كېچە پاشىغا يەم قىلدى. مەن زۇۋان سۇرمەي تۇرۇۋالغاچقا، ئۇلار مېنى خېلى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەندىن كېيىن كېتىپ قېلىشتى. ئەسلىدە بۇ راۋاب مېنى باغلىغان توغراقنىڭ كاۋىكىغا تىقىقلىق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردا، بەك يوغانىم ئۆرلەپ كەتسە، راۋابنى جۇۋامغا يۆگەپ قۇملۇققا كىرىپ كېتىپ، بىرەر كېچە قانغۇدەك چېلىۋېلىپ، يەنە شۇ توغراق كاۋىكىغا يوشۇرۇپ قويۇپ يۇردۇم. يۇڭ - تېرىلەرنىڭ ئارىسىغا يۆگەپ ساقلىدىم دېسىلە بۇ كاساپەتنى. ئاشۇ 15 - 20 يىل ئىچىدە مەندە راۋاب بارلىقىنى خەق تۇگۇل ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇقماي قېلىشتى. كېيىن بىز قېرىغاندا زامان ئوڭشالدى دېيىشتى. . . - ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يىغا ئارىلاش چۇشۇرۇۋەتتى.

جىمجىتلىق بۇ يەرنىڭ دائىملىق ھەمراھى. بۇيەرنىڭ سەھىرى جىمجىتلىق ئىچىدە باشلىنىدۇ. جىمجىتلىق يەنە كېچىگە ئۇلىنىدۇ. كېچىمۇ جىمجىتلىق ئىچىدە سەھەرنى كۈتىۋالىدۇ. لېكىن سەن باغرىڭنى قۇمغا يېقىپ يېتىپ، قۇلاق سېلىپ تىڭشىساڭ ھەر بىر تۇپ توغراق، ھەر بىر تال يۇلغۇن، قومۇشنىڭ ھەتتا ھەر بىر تال گىياھنىڭمۇ شۇبرلاپ ئېيتىۋاتقان چۆچىكىنى ئاڭلىيالايسەن. . . ئەتراپ سىياھتەك قاراڭغۇ، يۇلتۇزلار گويا باش ئۇستىمىزگىلا ئېسىلغان سانسىز نىئون چىراغلىرىدەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. مەتقۇۋان توقسۇننىڭ گەپلىرى كەيپىمىزنى ئۇچۇرۇۋەتتى. بىز ئۆكسىنىش، خۇرسىنىش ئارىلاش ئۇلۇغ - كىچىك تىنىقلار ئىچىدە جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىشتۇق.

بىر كەمدە، مەتقۇۋان توقسۇننىڭ راۋابى سايراپ كەتتى. ئۇ راۋابنى خوتەن - كېرىيە تەرەپلەردە تاغ راۋابىدا (قويچى راۋابى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئورۇندىلىدىغان، بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ئۇششاق پەدىلەرگە چېلىپ، ئۆزىنىڭ بىر يۇرۇش ناخشىسىنى باشلىۋەتتى. مەن جۇمەنىياز تۇتۇپ بەرگەن قول چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان تېكىستلەرنى بىرمۇ بىر خاتىرىلەپ ماڭدىم. بۇۋاي ناخشىسىنى بىر باشلىۋالغانچە 70 كۇپلېتتىن ئارتۇقراق ئوقۇپ توختىدى. بۇ يەردە ئۇلگە سۈپىتىدە بىرقانچە كۇپلېت كەلتۇرۇش بىلەن چەكلەندىم.

قوي كېلەر قوزا بىلەن،
بىر - بىرىنىڭ ئىزى بىلەن.
مېنىڭ يارىم قاچان كېلەر،
قارا كۆزى، قېشى بىلەن.

دۆڭمۇ دۆڭ قۇمنى ساناپ،
ئالدىم قولۇمغا بىر راۋاب.
قايسى چۆلدە يۇرىسىز،
مەڭزى قىزىل باغرى كاۋاپ.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بارىپ،
چار ئارغامچا تېپ بالدىم.
سەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
يۇرەك ئاغرىقى تېپ بالدىم.

ئات بولسا جەدە بولسا،
كالپىسى كىچىك جەدە باش.
يارى بولسا نوچى بولسا،
بۇغداي ئۆڭلۇك قاراقاش.

سەن كېلىسەن يۇقىرىدىن،
مەن يېغلىسام سەن كۇلىسەن.
ھەممە ئىشنى بىلىسەن،
ئوتقا سېلىپ كۆيدۇرىسەن.

ئوچاققا ئوتان سالسام،
چۆچۈل بولۇپ كۆيمەيدۇ.
كىچىككىنە يار تۇتسام،
خىجىل بولۇپ سۆيمەيدۇ.

بىز ئەتىسى چاشكا ۋاقتى بىلەن مېھمانخانا ئۆيدىكى ئەزەلدىن ئادەم يېتىپ باقمىغاندەك پاكىز كۆرۈنىدىغان، دۇخاۋا، خادەنلەر بىلەن تاشلانغان ئاپئاق ئەستەرلىك يوتقان - كۆرپىلەر ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، توقسۇن جەمەتىدىكى يېڭى بىر كۇنلۇك ھاياتىمىزنى باشلىدۇق. قۇۋانخان كۆمەچ سالدى. چايدىن كېيىن باشقىلار ئۆزلىرى قىزىقىدىغان تېمىلار بويىچە تەكشۇرۇشكە چىقىپ كەتتى. مەن ئوت كۆيۈپ تۇرغان ئوچاق ئالدىدا ئاكا - ئۇكا توقسۇنلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، توقسۇن جەمەتىنىڭ ئائىلە نەسەبىنى ئېنىقلاشقا باشلىدىم.



# غالجىر بۇقا ۋە شىرىپ تەلۋە

(ئەسلىمە)

ئىبزىز ساۋۇت



كۆز ئالدىمىزدا سۈپسۈزۈك سۇلىرى ئەتىگەنلىك سەلكىن شامالدا بىلىنەر - بىلىنمەس داۋالغۇپ تۇرغان ئەشمەكۆل نامايان بولدى. ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان، كەڭ كەتكەن بۇ تەبىئىي كۆل، چىرايلىق كۆرۈنۈشى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى. بېلىق ئالغۇچلار، ئۆردەك، چۆمگەك ئاقچاپاق قاتارلىق ئۇچار - قۇشلار توپى كۆلنى ئۆزىگە يازلىق ماكان قىلىشقان. ئۇلارنىڭ زېمىن تالىشىپ كۆتۈرۈشكەن قىيا - چىيالىرى، سۇ دولقۇنلىرىدەك ئاستا - ئاستا يىراقلارغا تارقىلاتتى.

مەن بوستان كەنتى (ئىلگىرى دادۇي) نىڭ بىر قىسىم كەنت، مەھەللە كادىرلىرى بىلەن كەنت ۋە ھەرقايسى مەھەللىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش ئۈچۈن مەھەللىمۇ مەھەللە ئايلىنىپ كېتىپ باراتتىم. 1978 - يىلى 8 - ئاي مەزگىلى ئىدى. ئالدىنقى كۈنى باشقا مەھەللىلەرنى تەكشۈرۈپ، ئەشمەكۆل بويىدىكى تۆتىنچى مەھەللىگە نۆۋەت كەلگەندە كەچ كىرىپ كېتىپ ئىشلار ئەتىگە قالغانىدى. مانا بۈگۈن سەھەردىلا، جەنۇبىتىكى ئەشمەكۆلگە يانداش بولغان بۇ مەھەللىنىڭ ئىشلىرىنى. كۆزدىن كەچۈرۈشكە چۈشتۇق. يول ئەشمەكۆل بويىدىن ئۆتەتتى. مەھەللە ئىچىگە يېقىنلاشتۇق. دەل شۇ چاغدا مەھەللىنىڭ غەربىي چېتىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان قېلىن سوقما تاملىق قوتان ئىچىدىن، بىر ھايۋاننىڭ ئاچچىق ۋە دەھشەتلىك تارتقان نەرىسى ئاڭلاندى. كۆپچىلىك چۆچۈپ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراشتۇق. ئارىمىزدىكى مەمتىلى:

- بۇ ھېلىقى غالجىر بولۇپ قالغان نەسىللىك سېرىق ئالا بۇقىنىڭ ئاۋازى، بىز ئۇنى نەسىل ياخشىلاش ئۈچۈن قىممەت باھادا سېتىۋالغانىدۇق. ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى كەنتىمىز ۋە قېرىنداش - قوشنا يېزىلارغا نەسىللەندۈرۈپ بېرىپ ئوبدان نەپ بەرگەن. بىزمۇ كۆپ كىرىم قىلىۋالغانىدۇق. ئەمدى ئويلىمىغان يەردىن غالجىر بولۇپ قالدى. ھېلىمۇ يېنىك ۋاقتىدا ئاشۇ يالغۇز قوتانغا سولىۋېتىپتىكەنمىز. بارغانسېرى غالجىرلىقى كۈچىيىپ كەتتى. ئادەم يولاتمايدۇ. ئەلپازى بەك يامان، قورقۇنچلۇق. كۈندە ئۆگزىگە چىقىپ ئوت، بوغۇز، سۇ چۈشۈرۈپ بېرىمىز. خىرىس قىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بوشاپ كېتىدىغان بولسا بالايىئاپەت!... ھەي ئىست!...- دېدى ئەلەم بىلەن.

- قانداق بولۇپ غالجىر بولۇپ قالدى بۇ بۇقا؟- دەپ سورىدى ئارىمىزدىن بىر مەھەللە باشلىقى.

- باققۇچىلار بۇقىغا ئوت - چۆپ بەرگەندە، جاڭگالدىكى تەلۋە ئوت دەپ ئاتىلىدىغان ياۋا بىدە تىپىدىكى بىر خىل زەھەرلىك ئوت ئارىلىشىپ قاپتۇدەك. شۇنى يەپ سېلىپ غالجىر بولۇپ قالدى دېيىشىدۇ. راست، تەلۋە ئوتنى يەرلىك مال - چارۋىلار يەپ سالسىمۇ تەلۋە بولۇپ، چۆرۈلۈپ يۈرۈپ ئۆلۈپ كېتىدۇ،- دېدى مەھەللە باشلىقى پەرىشان ھالدا.

- ياق!- دەپ ئېتىراز بىلدۈردى كەنت باشلىقى، ئېگىز، چوقۇرراق كەلگەن سايىت ئاخۇن،- ئازراق يەپ سالغانغا بۇنداق زور بۇقىغا ھېچقانچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. چارۋا دوختۇرلىرىدىن سورىسام، «بۇ بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل. يۇلۇن سۇر ماددىسىنىڭ ياللۇغلىنىشىدىن بولىدىغان تاسادىپىي كېسەللىك» دېدى، ئەمما داۋالاپ كۆرۈۋېدۇق، ئەكسىچە ئەدەپ كەتتىكى، كار قىلالمىدى.

- بۇقا ئالىمادىس بوشىنىپ كەتسە، ئالدىغا

ئۈچرىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئۇسۇپ - چەيلەپ گۇمران قىلىپ بالا تىرىيدۇ، - دېدى كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى، دىغماق، تەمبەل، ئاقسېرىق چىراي ھەببۇللا كېتىپ بېرىپ، - ئۆتكەندە بۇقىنى ئېتىۋېتىپ ئاندىن چەت يەرگە ئاپىرىپ چوڭقۇر كۆمۈۋېتىڭلار، دېمىگەنمىدىم؟

- يېزىنىڭ، كەنتنىڭ يازما قارارى، ناھىيىنىڭ قورالىق قىسمىنىڭ ئوق چىقىم قىلىش يازما تەستىقى بولمىسا قانداق ئىجرا قىلالايمىز؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ قىممەتلىك نەسىللىك بۇقا تۇرسا؟ . . . - مەھەللە باشلىقى پاتىڭنى قاشلاپ ئېتىراز بىلدۈردى.

- بىر بۇقىنى دەپ زىرائەتلەرنى، ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى خەۋپكە ئۇچراتساق بولامتى ئەمىسە؟ ئادەم ھەممىدىن مۇھىم. بۈگۈن مىنىبنىڭ پەيىنىڭ مىلتىقلىرىدىن بىرنى، مەرگەن مىنىبڭلارنىڭ بىرىنى ئېلىپ تام تۆپىسىگە چىقىپ ئېتىۋېتىڭلار! بەك ياخشى قارىغا ئېلىڭلار! پېشانە، مېڭىسىگە ئېتىڭلار! بىر پاي ئوق بىلەن يىقىلىدىغان بولسۇن. چالا تەگكۈزۈپ ياردار قىلىپ قويساڭلار، قورۇق تاملارنى ئۆرۈپ بالانىڭ چوڭىنى تىرىيدۇ. . . سىلەر تەلەپ قىلغان يازما تەستىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلىپ ئېلىپ كەلدىم، ھېلى بېرىمەن.

گەپ بىلەن بىردەمدىلا مەھەللە ئىنچىگە يېقىنلىشىپ قاپتىمىز. شۇ كۈنى بۇ ئىشنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىمىز ھەيران. ھەببۇللا شۇجىنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا يەنە بۇقىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ قېتىمقى چىرقىراش غەلىتە ۋە تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. ھەممىمىزنى سۈر باستى. دەم ئۆتۈپ «گۇلدۇر - غالاپ» قىلىپ ئېغىلنىڭ سوقما تاملىرى ئۆرۈلدى - دە، چاڭ - توپىلار قايىلىغان يوچۇقتىن دەھشەتلىك بىر مەخلۇق ئېتىلىپ چىقىپ كەلدى ۋە چىرقىراپ - ھۆركىرىگىنىچە بىزگە قاراپ يۈگۈردى.

كۆز ئالدىمىزدا، بىزنىڭ يەرلىك بۇقىلىرىمىزدىن ئۈچ ھەسسە زور، كۆكرىكى شىرنىڭكىدەك يوغان، كەينى ئىنچىكە، پاچاقلىرى تۆۋرۈكتەك، ئېگىلىپ بورتۇپ چىققان قۇدرەتلىك بويۇن - گەدەنلىرى بەھەيۋەت، چوققىسىدىكى ئەركەك تۈكلىرى ھۈرپەيگەن، چىرايلىق مۈڭگۈزلىرى نەيزىدەك تىكلەشكەن، كۆزلىرى ئالايغان، ھەيۋەتلىك بۇرنى، ئېغىزىدىن

شايلىسى ئاققان زور بىر ئاقسېرىق ئالا بۇقا بىزگە ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى.

تۇۋا، تىلسىز بۇ ھايۋان، ئۆزىنىڭ بۈگۈن ئېتىۋېتىلىش خەۋىرىنى قانداق ئۇقۇپ قالغاندۇ؟ يا بىرسى «خەۋەر» بەرمىسە؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ھايۋانلىق سەزگۈرلۈكىگە تاياندىمۇ ياكى ئۇنى بۇ يەرگە ئەجەل سۆرەپ كەلدىمۇ؟ كىشىلەر ئاغزىدىن: «ھايۋانلار ئارىسىدا ياۋا توڭگۇز بىلەن ياۋا غاز، قاغىلار دولا باقىدۇ، ئاسان تۇتقىلى، ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇ، ئۆزلىرىنى ئۇۋلاش - ئۆلتۈرۈش كويىدا، جىمجىت يوشۇرۇنۇپ، كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان ئادەم ياكى باشقا جانلىقلارنىڭ نىيىتىنى ئالدىن سېزەلەيدۇ - دە، قېچىپ قۇتۇلىدۇ. مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى كۆرەلەيدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم. لېكىن بۇقا - كالىلارنىڭ بۇنداق خىسلەتلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن.

- تېز قېچىڭلار! ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار! بالىلارغا ھامىي بولۇڭلار! - دەپ ۋارقىرىدى ھەببۇللا شۇجى بىزنى ۋە ئېتىزدا ئىشلەۋاتقانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاندىن يېنىدىكى ياش مىنىبنىڭ پەيجاڭىنى بۇيرۇدى، - جۇگۇ ئۇكام! دەرھال كەنت ئىسكىلاتىدىن ئوق - مىلتىق ئېلىپ كەل!

مىنىبنىڭ پەيجاڭى يۈگۈرۈپ كەتتى. بىزمۇ، ئېتىزدىكىلەرمۇ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ، دەرەخ ئۈچىغا، ئۆگزىلەرگە چىقىشىپ، دالدىلارغا مۆكۈشتۇق. غالجىرلاشقان بۇقا قۇتراپ - چىرقىراپ ئېتىزلارنى تىلغاپ، زىرائەتلەرنى چەيلەپ، چەللە - باراڭلارنى ئۆرۈپ - يىقىتىپ مەھەللە ئىچىگە كىرىپ كەلدى - دە، تېخىمۇ غالجىرلىشىپ تاملارنى، دەل - دەرەخلەرنى ئۇسۇپ قىڭغايتىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. مەنمۇ بىر بۆلەك دېھقانلار بىلەن پۇختا سېلىنغان بىر تامنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالغانىدىم. يەنە بىر ئۆگزىدىكى بىر خوتۇننىڭ:

- ۋاي ئىسىت بالام! ئەمدى قانداق قىلارمەن؟! - دېگەن نالە - پەريادى ئاڭلاندى. قارىساق، يول بويىدىكى سۇسىز ئېرىق ئىچىدە ئۈچ ياشلاردىكى يالىڭاچ بىر ئوغۇل بالا، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز قۇم ئويناپ ئولتۇراتتى.

بۇقىنىڭ قىلىقلىرىغا تېخىمۇ ھەيران قالدۇق. دەھشەتلىك چىرقىراپ، ئۇسۇپ - چەيلەپ، يۈگۈرۈپ - چاپچىپ كېلىۋاتقان بۇقا بالىنى كۆردى - دە، چىرقىراشتىن توختاپ بالىغا

بىر پەس قاراپ تۇردى. ئاندىن سالماق قەدەم تاشلاپ بالىغا قاراپ ماڭدى. ئوق - مىلتىقمۇ ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىدى. ئارىمىزدىكى ھېچكىمدە بۇقا بىلەن ئېلىشىپ بالىنى قۇتقۇزۇۋالالايدىغان جاسارەت يوق ئىدى. ھەممىمىز قورقۇنچ، ۋەھىمە ئىچىدە ئۆرە - تۆپە بولۇشاتتۇق. شۇ چاغدا يولدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر ئادەم پەيدا بولدى - دە، «ھوش. . . ھوش! ھەي، نىجىس كەت نېرى! بالىغا تەگمە!» دېگىنىچە بۇقىغا ئېتىلىپ كەلدى. ئۇ سېپى قاۋۇل، تىغى توم ئۇزۇن پالتا كۆتۈرگەن، گىرۋى ئادەم ئىدى. نېرىدا يول ئۈستىدە لىق قاقشال ئوتۇن بېسىلغان، سېرىق ئۆي قوشۇلغان بىر هارۋا تۇراتتى.

— ۋاي، بۇ شېرىپ تەلۋىغۇ؟

— ئۇ قاراكۆل جاڭگىلىغا ئوتۇنغا كەتكەن ئەمەسمىدى؟

— قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ.

— ئۇ بالىنى قۇتقۇزالارمۇ؟ ئۇ بالىنى دەپ ئۆز جېنىنى. . .

— ئۇنى «شېرىپ تەلۋە، شېرىپ گاژگون» دەپ ياراتماي يۈرۈپتىكەنمىز، مانا ئەمدى ھەممىمىز خۇتۇن كىشىدەك تىترىشىپ تۇردۇق. ئەرلىكنى كۆرسەتتى - دە، شېرىپ ئاخۇن!

ئۆگزىلەردە ئاشۇنداق غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. مەن كەنت كادىرلىرىدىن، مەھەللىنىڭ كوللېكتىپ ئەمگەكلىرىگە قاتناشمايدىغان، كەنت - مەھەللە كادىرلىرىنى كۆزىگە ئىلمايدىغان، گېپىگە كىرمەيدىغان، ئاچچىقى تۇتسا ئالەمنى مالەم قىلىدىغان ئاشۇنداق مەستخۇش، جۇنۇن سۈپەت بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. كەنتتىكىلەرمۇ ئۇنىڭ جۇنۇن مىجەزىگە قاراپ چىشىغا تەگمەي، مەيلىگە قويۇۋەتكەن. شېرىپ تەلۋىنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىمۇ ئاشۇ بۇقىدەك قورقۇنچلۇق، ھەيۋەتلىك ئىدى. بىر مېتىر توقسان سانتىمېتىرلىق بويى، بىرەر مېتىر كەڭلىكتىكى يەلكە - گەۋدىسى، بۇقىنىڭكىدەك بويۇن - دولىسى، كۆچلۈك بىلەك، تۆۋرۈكتەك مەزمۇت پاچاقلىرى، تاۋاقتەك يوغان ئەمما ئورۇق - قاتاڭغۇر، قارامتۇل سۇرلۇك يۈزى، قېلىن قارا قاشلىرى ئارىسىدا پارقىراپ ئويناپ تۇرىدىغان كۆزى. . . گويا ئەپسانىلەردىكى گىگانت ئادەمنى ئەسلىتەتتى.

بۇقا پالتا كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان شېرىپ تەلۋىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بېشىنى بۇراپ بىر قارىدى - دە، بالىنى تاشلاپ دەھشەتلىك چىرقىرىغىنىچە شېرىپ تەلۋىگە ئېتىلدى. شېرىپ تەلۋىمۇ قىلچە تەمتىرىمەستىن پالتىنى يانغا، ئارقىسىغا ياندۇرۇپ، بېشىنى سەل يانتۇ ئېگىپ ئۇسمەكچى بولۇپ ئۆزىگە تاشلانغان بۇقىنىڭ ئىككى مۈڭگۈز ئارىلىقىدىكى پېشانىسىنى چەنلەپ كۈچ بىلەن ئۇردى. پالتا پېشانە سۆڭەكلىرىنى پاچاقلاپ ئۆتۈپ مېڭىسىگە تۆۋىگىچە كىرىپ كەتتى. بۇقا جان ئاچچىقىدا بىر چىرقىراپ، ئىككى مۈڭگۈزى بىلەن شېرىپ تەلۋىنى ئېلىپ دەس كۆتۈرۈپ، بىر سىلكىپ يىراققا ئېتىۋەتتى. ئارقىدىنلا زەربە تەسىر قىلغان بۇقا دەلدۈگۈنۈپ، بويۇن ۋە بېشىنى تىترىتىپ گويا تاغ يىقىلغاندەك يانغا ھەيۋەت بىلەن «گۈپ» قىلىپ يىقىلدى - دە، ئىككى - ئۈچ پۇت تېپىپ جىمىقتى. پالتا مېڭىسىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئېرىق ئىچىدە بالا ھېچنەرسىدىن بىخەۋەر غەمسىز ئويناۋاتاتتى. يىراققا ئېتىۋېتىلگەن شېرىپ تەلۋە يول ئۈستىدە ئىڭراپ ياتقىنىچە قوپالماي قالدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ دەھشەتلىك قىيامەت جېڭى ئاخىرلاشتى. ھەممىمىز ئالمان - تالمان ئۆگزە، دەرەخلەردىن چۈشۈپ، شېرىپ تەلۋىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈشتۇق. شېرىپ ئاخۇننىڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ، مۇنچاق - مۇنچاق تەرلەپ كەتكەنىدى. يەرگە قاتتىق چۈشكەنلىكتىن ئۈچ تال قوۋۇرغىسى سۇنۇپ، ئۆپكىسىنى قىسىۋالغانىكەن. بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ئامان قالغان ئوغلىنى كۆتۈرۈپ، ھاسىراپ ياتقان شېرىپ ئاخۇننىڭ قېشىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى - دە، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ:

— جېنىم شېرىپ ئاخۇن، بالىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، كۆپ رەھمەت! ئوغلۇم، شەپقەتچى داداڭنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قوي! — دېدى. ئوغۇل ئىڭراپ ياتقان شېرىپ ئاخۇننىڭ پېشانىسىگە يۇمران لەۋلىرى بىلەن ئىللىققىنە سۆيۈپ قويدى. ھەببۇللا شۇجى:

— بولدى، كېيىن سۆيۈشۈۋالايلى! ماڭ ھاشىر، تراكتورنى ئوت ئالدۇر! شېرىپ ئاخۇننى دەرھال يېزا دوختۇرخانىسىغا ئاپىرايلى. كەنت ئىتتىپاق ياچېيكا شۇجىسى ئاۋۇت مەسئۇل بولۇپ ئاپارسۇن! داۋالاشنىڭ پۇتۇن چىقىمى كەنت پاراۋانلىق فوندىدىن بولسۇن! — دېدى ئېتىش ئورۇنلاشتۇرۇپ.

— مەنچۇ؟ مەن نېمە ئىش قىلىمەن! — دېدى بالىنىڭ دادىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ رەنجىگەن

هالدا، - بارلىق چىقىملارغا مانا مەن بار! ھېچنېمەم قالمىسىمۇ، قەرزگە بوغۇلۇپ كەتسەممۇ، كۈتۈش، پەرۋىش، داۋالاش. . . بارلىق چىقىملىرىنى ئۆزۈم كۆتۈرىمەن!

قاراپ تۇرغانلىرىمىز بۇ مەرد دېھقاننىڭ ھىممىتىگە «باركاللا!» دېيىشتۇق.

- ھىممەتلىرىگە باركاللا! - دېدى ھەبىبۇللا شوجىمۇ ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ، - شۇنداق بولسىمۇ بىزمۇ قاراپ تۇرساق بولمايدۇ. سىلىنىڭمۇ تېرىلغۇلىرى بار. قىينچىلىقلىرى ئېغىر، قېنى، شېرىپ ئاخۇننى تراكتورغا يانتۇزۇڭلار!

كىشىلەر قولمۇقول كىگىز - كۆرپىلەر سېلىنغان تراكتور ئۈستىگە شېرىپ ئاخۇننى كۆتۈرۈپ ئاۋايلاپ يانتۇزدى. تراكتور قويۇق ئىس چىقىرىپ ئورمانلار ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى. دەل شۇ پەيتتە ئىككى مىنىبىكنى ئەگەشتۈرۈپ، مىلتىق كۆتەرگەن ھالدا ھېلىقى پەيجاڭ پەيدا بولدى.

- «ئۇجمە تۈگىگەندە سوپىياڭ تاز كەپتۇ!» دەپ، ئەتىدىن بېرى نېمە ئىش قىلدىڭ، ھەزىلەك!؟

بۇقىنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرۈپ توختاپ قالغان پەيجاڭ - ياش يىگىت، ئاچچىق گەپتىن چىچاڭشىپ، ھۆرپەيگەن ھالدا ھەبىبۇللا شوجىغا گەپ ياندۇردى قوللىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ:

- ئەتىگەنكىياقى نېمە ئىش قىلاتتىم، ئېشەك باقتىم! ئاچقۇچنى تېپىپ بولغۇچە ۋاقىت كەتتى!

- قۇلۇپنى چېقىشنىمۇ بىلمىدىڭمۇ، ھەزىلەك! - شوجىنىڭ تېخىمۇ ئوغىسى ئۆرلەپ كەتتى.

- ئۇ دېگەن قورال ئىسكىلاتى! قۇلۇپنى چاقسام سوتقا تارتىلمامدىمەن! ئىنتىزامغا خىلاپ بولمامدۇ؟

- ھەي، لاتا غالاپ، ياغاچ پىچاق! مۇشۇنداق خەلقنىڭ ھاياتى جىددىي خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندا، ھەربىي تۈزۈم، ئاچقۇچ دەپ تەمتىرەپ يۈرۈشنىڭ ئۆزى ھەربىي قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئىشنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەر تاپقان رەھبەرلىك، ھېلىغۇ ناھىيە رەھبەرلىرى، قوراللىق قىسىم مەسئۇللىرى بولسۇن، ھەتتا مەركەزنىڭ رەھبەرلىرى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىمۇ: «ناھايىتى توغرا قىلىپسىلەر!» دەپ كۆكسۈڭگە ئالتۇن مېدال ئاسقان بولاتتى. ئەمدى مېدالنى شېرىپ ئاخۇن ئېلىپ بولدى. كۆزۈمدىن يوقىلە! ماڭ، بېرىپ خوتۇنىڭنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالا!

- قالىسام قالىدىم! نېمە تىللايلا؟! - پەيجاڭ غالداسلاپ كېتىپ بېرىپ گەپ ياندۇردى.

- بۇگۈنكى خىزمەت پوزىتسىيەڭنىڭ ئۆزىمۇ، سېنىڭ لاياقەتلىك مىنبىڭ ۋە پەيجاڭ ئەمەسلىكىڭنىڭ ئىسپاتى، كىسپۇرۇش، كېيىن ھېسابلىشىمىز تېخى سەن بىلەن.

ھەبىبۇللا شوجى غەزەپلىنىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى.

- ئۇ قانداقلارچە مىنبىڭ پەيجاڭى بولۇپ قالغان؟

- بىر نەۋرە ئاكىسى يېزا قوراللىق قىسمىدا، شۇنىڭ كۈچى بىلەن بولمامدۇ! - دېدى كەنت مۇدىرى.

- بۇگۈنكى پوزىتسىيىسى يېتەرلىك. باشقا ساغلام، ياش، جاسارەتلىك پەيجاڭ قويۇش كېرەك. بۇ يولنى ئۆزۈم ماڭىمەن، - دېدى ھەبىبۇللا شوجى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن تەكىتلەپ.

- شېرىپ ئاخۇننى قويىمىزمۇ يا؟ - دېدى ئارىمىزدىن بىرسى. ھەممەيلەن بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى.

- ياق! - دېدى ھەبىبۇللا شوجىمۇ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، - ئۇ ياخشى، جاسارەتلىك ئادەم. بۈگۈنكى باتۇرلىقىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئەمما. . . ئەمما. . . - ئۇ قاراپ تۇرغانلارغا ئېغىزدىكى قالدى گېپىنى «دەيمۇ - دېمەيمۇ؟» دېگەندەك دەڭسەپ تۇرۇپ قالدى - دە، ئاخىر دەۋەتتى:

- ئەپسۇس، ئۇنىڭ تەبىئىتى تازا نورمال ئەمەس. رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ. كەنتىمىز ئىچىدە مۇناسىپ كېلىدىغانلار يەنە چىقىپ قالار. بۇنى كېيىن دېيىشەيلى. قېنى، ئىشىمىزنى داۋام قىلىۋېرەيلى. بۈگۈنلا بۇقىنىڭ گەۋدە - گۆشلىرىنى چەتكە ئېلىپ بېرىپ چوڭقۇر ئازگال كولاپ كۆمۈۋېتىڭلار! يەنە «ئۇ نېمىسى لازىم، بۇ نېمىسى لازىم» دەپ تاتقۇشلايدىغانلارغا قەتئىي يول قويمايلى! - دەپ ئورۇنلاشتۇردى مۇئاۋىن كەنت باشلىقىغا.

قالغانلىرىمىز يەنە ئۆز ئىشىمىزغا چۈشۈپ مېڭىپ كەتتۇق.



# يارىلانغان سوقرات

(ھېكايە)

ب. بېرشت (گېرمانىيە)

رىشات ئىنايىتۇللا تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** گېرمانىيە يازغۇچىسى فوشتۋاگ مۇنداق دېگەنىدى: «سوقراتنىڭ خاراكتېرى بېرشتنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە بالقىپ تۇرىدۇ». بىز تۆۋەندە بېرشتنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى سوقراتنىڭ ئوبرازىنى كۆرەلەيمىز.

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى سوقرات (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 399 - يىلىدىن 469 - يىلىغىچە) نىڭ مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزى بار: «مەن ئۆزۈمنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن». ئۇ مۇنازىرىلەشكەن چېغىدا، دائىم رەقىبىنىڭ باشتا سۆزلىشىگە يول قوياتتى. ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قارشى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رەقىبىنى نۇقتىئىنەزىرىنى توغرىلاشقا دەۋەت قىلاتتى. مۇشۇنداق شەكىلدىكى تەكرار مۇنازىرىلەردىن كېيىن، ئۇنىڭ رەقىبى ئىدىيىسىنى قانداق قىلىپ مۇكەممەل ھالدا ئىپادىلەشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالاتتى. ھەقىقەتنى سوئال - جاۋاب شەكلى ئارقىلىق تونۇشنىڭ بۇ خىل شەكلى دىئالېكتىكا دەپ ئاتىلىدۇ. سوقراتنىڭ ئۆزى بولسا بۇنى «روھنى تۇغدۇرۇش ئۇسۇلى» دەپ ئاتىغان. بۇ ھېكايىدە، بېرشت سوقراتنى ئۆزى ئۇچۇن ئىدىيە تۇغدۇرغۇزىدۇ.

سوقرات گرېتسىيە بىلەن سپارتانىڭ زومىگەرلىك تالىشىپ قىلغان بىروبىنىس ئۇرۇشىدىكى ئۈچ قېتىملىق جەڭگە قاتنىشىپ، باتۇرلۇق كۆرسەتكەنىدى. ئەمما بۇ ھېكايىدە بولسا، ئاپتور ئۇنى گرېتسىيە بىلەن پىرسىيىنىڭ سودا مەنپەئىتى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرىدۇ. ئۇ بۇ ئۇرۇشقا گۇمانىي پوزىتسىيىدە بولىدۇ. باشپىياز يەپ قورقۇنچنى باسىدۇ. ئەمما جەڭ مەزگىلىدە سەپتىن قاچىدۇ (بۇ پۈتۈنلەي تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس). ئاپتور بۇ ئارقىلىق كىتابخانىلارنىڭ ئەجەبلىنىش ۋە گۇمانىنى قوزغايدۇ، كېيىن ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا سوقراتنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بىراق ئاپتور كىتابخانىلارنى «باتۇرلۇق»قا نىسبەتەن يېڭى تونۇشقا ئىگە قىلىدۇ. بۇ بېرشتنىڭ دراما يېزىش ئۇسۇلىنى ھېكايىچىلىققا تەدبىقلىشىدىكى بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك مىسال.

«يارىلانغان سوقرات» 1949 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، كېيىن «كالېندار ھېكايىلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ باش تېمىسى «يۇلىئوس. سىزارنىڭ سودىسى»غا ئوخشاش بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بۇرژۇئازىيىنىڭ قەھرىمانلىقىغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

تۇغۇت ئانىسىنىڭ ئوغلى سوقرات باشقىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، بىر تەرەپتىن قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ، سۆھبەتدىشىغا چاقچاق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ توغرا ئوي - پىكىرلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن قوبۇل قىلاتتى، ھەمدە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرى بىلەن بىردەك كۆرەتتى. ھەرگىز باشقا ئۇستازلاردەك ھەممىنى شالغۇت پىكىر قاتارىغا چىقىرىۋەتمەيتتى. ئۇ پۈتكۈل يۇنانلىقلار ئارىسىدا ئەڭ زېرەك كىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ باتۇرلار قاتارىغا كىرەتتى. پلاتون ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىشىلەر سوقراتنىڭ ئۆزىنى ئۆز دۆلىتى ۋە خەلقىگە بېغىشلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېرىشكىنى ئاخىر بېرىپ دائىرىلەر سۇنغان ئوغا

ئىكەنلىكىنى، سوقراتنىڭ ئۇنى خۇشاللىق بىلەن چىرايىنى ئۆزگەرتىپمۇ قويماي بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتكەنلىكىنى بىلىشەتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ باتۇرلۇق شان - شەرىپى بىكار تارقالمىغانىدى. ئەمما ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى باتۇرلۇقى ئۈستىدە ئېغىز ئېچىش زۆرۈر دەپ قارايتتى. ئۇ ھەقىقەتەن دالۇبىن جېڭىگە قاتناشقانىدى. ئۇ پەقەت يېنىك قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەر قىسمىدىلا ئەسكەر بولالايتتى. چۈنكى مەيلى ئۇنىڭ دەرىجىسى (ئۇ موزدۇز ئىدى)، ياكى ئۇنىڭ كىرىمى (ئۇ پەيلاسوپ ئىدى) بولسۇن، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرى، چىقىمى تېخىمۇ كۆپ بولغان ئەسكىرىي قىسىمغا قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئالاھىدە باتۇرلۇقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن ئىدى.

جەڭ باشلانغان كۈنى سەھەردە، سوقرات بۇ قېتىملىق قان تۆكۈش ئۈچۈن ئىمكانىقەدەر تولۇق تەييارلىق كۆردى، ئۇ ھەدەپ باشپىياز چاينايتتى. ئەسكەرلەرنىڭ ئېيتىشىچە، باشپىياز يېسە قورقماس بولارمىش. سوقرات نۇرغۇن جەھەتلەردە گۇمانىي پوزىتسىيىدە ئىدى. بۇ ئۇنىڭ باشقا بىر مۇنچە جەھەتلەردە يېنىكلىك بىلەن ئىشىنىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇ روھانىيلىققا قارشى بولۇپ، ئەمەلىي تەجرىبىنى قۇۋۋەتلەيتتى. شۇڭا ئۇ ئىلاھلارغا چوقۇنماي باشپىيازغا ئىشىنەتتى.

ئەپسۇسكى، ئۇ باشپىيازنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە ئۈنۈمىنى كۆرمىدى. شۇڭا، ئۇ روھسىز ھالدا بىر توپ شەمشەرۋازلارغا ئەگىشىپ، ئېتىزلىقتا قاتارلىشىپ پەرىشان ھالدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالدى ۋە ئارقىسىدا ئافىنا شەھىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى يېزىدىن كەلگەن ئىككى ياش ماڭدامدا بىر دېگۇدەك ئېتىزغا پۈتلىشىپ - مۇدۇرۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار ئافىنانىڭ قورال - ياراغ دۇكانلىرىدا ياسالغان دوبۇلغا - ساۋۇتلارنىڭ سوقراتتەك سېمىز كىشىلەرگە بەك كىچىك كەپقالىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ سەمىگە سالاتتى. سوقراتتىمۇ شۇنداق ئويى بولغانىدى. بىراق ئۇنىڭ ئويلىغىنى پەقەت كەڭ يەلكىلىك كىشىلەر بولۇپ، بۇنداق كۈلكىلىك ھالدىكى كىچىك دوبۇلغا - ساۋۇتلار ئۇلارنىڭ بەدىنىنىڭ يېرىمىنىمۇ ياپالمايتتى.

سوقراتنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى ئىككى ياش بىلەن چوڭ قورال - ياراغ سودىگەرلىرىنىڭ كىچىككىنە دوبۇلغا - ساۋۇتلارنى ياساپ، كۆپلەپ پايدا ئالغانلىقى توغرىسىدىكى پاراڭلىرى «ئارام ئېلىڭلار» دېگەن بىر ئېغىز بۇيرۇق بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى.

كۆپچىلىك بۇغداي ئېتىزى بىلەن قاپلانغان ئېتىزدا ئولتۇردى. كوماندىر كېلىپ، سوقراتنى دوبۇلغا - ساۋۇت ئۈستىدە ئولتۇرماقچى بولغىنى ئۈچۈن ئەيىبلىدى. باشلىقنىڭ تىللىنى ئاڭلىسىغۇ مەيلى، سوقراتنى ساراسىمىگە سېلىپ ھودۇقتۇرغان ئىش، ئۇنىڭ پەس ئاۋازدا تىللىغىنى بولدى. بۇنىڭدىن دۈشمەننىڭ يېقىن ئارىلىقتا ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

شەھەردىن ئۆرلىگەن كۆلەڭ تۇمان ئالدى تەرەپتىكى ھەممە نەرسىنى توسۇۋالغانىدى. ئەمما ئاياغ تىۋىشلىرى ۋە قورال - ياراغلارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ ئاۋازلىرى، تۈزلەڭلىكنىڭ قوشۇن بىلەن تولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

سوقرات ئۈنۈگۈن كەچتە ئاقسۆڭەك بىر ياش بىلەن قىلىشقان گەپلىرىنى ئەسلەپ، كەيپى ئۇچتى. ئۇ بۇ كىشى بىلەن سەھنە ئارقىسىدا ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ئۇ ھازىر ئاتلىق ئەسكەر قىسمىدا سەركەردە ئىدى.

— ئىنتايىن ئەپچىل چارە، — دېگەنىدى بۇ سۆلەتۋاز بايۋەچچە، — بۇ دېۋەڭ پىيادە ئەسكەرلەر تۈپىنى قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا تۇتۇپ بېرىش كېرەك. شۇ چاغدا ئاتلىق ئەسكەرلەر ئويمانلىق-تىن ئايلىنىپ، دۈشمەننى ئارقىسىدىن قورشىشى كېرەك.

بۇ ئويمانلىق ئوڭ تەرەپتىكى خېلى يىراق جايدا بولۇپ، تۇماندا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇ تاپتا ئۇ يەردىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر بەلكىم ئاتلانغاندۇ.

سوقرات دەسلەپتە بۇنى ياخشى، ھېچبولمىغاندا يامان ئەمەس پىلان ئىكەن دەپ قارىدى. ھامان پىلان بولۇشى لازىم. بولۇپمۇ دۈشمەن ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغان چاغدا تېخىمۇ شۇنداق. ئەمما جەڭ راستىنلا باشلانغاندا، ھەممە ئىش ئاددىيلىشىپ، پەقەت ئالدىغا كەلگەننى چېپىشقا ئايلىنىپ، ھەرىكەتمۇ پىلان بويىچە بولماي قالىدۇ. دۈشمەننىڭ قەيىرى ئاجىز بولسا، سەن ئۆزۈڭنى شۇ يەرگە ئۇرۇشۇڭ كېرەك.

ئەمما، ھازىر تۇمانلىق شۇ سەھەردە، بۇ پىلان سوقراتنىڭ قارىشىچە شۇنچە ئەرزىمەس كۆرۈندى. بۇ نىمە گەپ، ئەمدى! پىيادە ئەسكەرلەر نىمىشقا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى كېرەك ئىكەن؟ دۈشمەننىڭ قىرىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئەسكىرىي كۈچنى ساقلاپ قېلىش كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئىش ئەمەسمىدى! ھازىرقى ئەپچىل پىلان ئۇلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ھەممىدىن يامىنى، سەركەردىنىڭ ئۆزى ئاتلىق ئەسكەرلەر توپىدا ئىدى.

بازاردىكى باشپىياز ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئادەملەرنىڭ يېيىشىگە يېتىشمەيتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش تەبىئىي ئەمەس ئىدى. شۇنچە قاقبودا كارىۋاتتا تاتلىق ئۇخلاپ ياتماستىن، بەلكى كەڭ كەتكەن ئېگىزلىقتا ئون نەچچە كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر ساۋۇتنى كىيىپ، قولىدا شەمشەر تۇتۇپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۆز شەھىرى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، ئۇنى چوقۇم قوغداش كېرەك! ئۇنداق قىلمىسا بالايىئاپەتتىن قېچىپمۇ قۇتۇلالمايدۇ. ئەمما شەھەر نىمىشقا ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ؟ چۈنكى كىچىك ئاسىيادىكى سودا كېمىلىرىنىڭ خوجايىنلىرى، ئۈزۈمزار غوجىدارلىرى ۋە قۇل سودىگەرلىرى پىرسىيىدىكى سودا كېمىلىرىنىڭ خوجايىنلىرى، ئۈزۈمزار غوجىدارلىرى ۋە قۇل سودىگەرلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە تاجاۋۇز قىلغانىدى. بۇ ئاساسلار يېتەرلىكقۇ!

كۆپچىلىك بىردىنلا قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇشتى.

سول تەرەپتىكى تۇمان ئىچىدىن چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭغا تۆمۈرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندىكى جاراڭ - جۇرۇڭ ئاۋازىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ ئاۋاز ناھايىتى تېزلا ھەممە يەرگە تارقالدى. دۈشمەن ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى.

ئەسكەرلەر ئورنىدىن تۇرۇشتى. كۆپچىلىك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئالدى تەرەپتىكى قويۇق تۇمانغا تىكىلگەنىدى. ئون ماڭدام نېرىدا بىرەيلەن يەرگە يىقىلىپ، ئىنجىقلىغان پېتى ئىلاھلارنىڭ ناملىرىنى چاقىرغىلى تۇردى. سوقرات كېچىككەنلىكىنى ھېس قىلدى. تۇيۇقسىز ئوڭ تەرەپتىكى سەل يىراق جايدىن ئېچىنىشلىق ئاۋاز ئاڭلاندى. ياردەم تەلەپ قىلغان بۇ ئاۋاز بىردەمدىلا ئۆلۈم ئالدىدىكى ئىڭراشقا ئايلاندى. سوقرات بىر تال قىسقا تۆمۈر كالتەكنىڭ تۇمان ئىچىدىن ئۆزىگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئاتار نەيزە!

ئارقىدىنلا ئالدى تەرەپتىكى چاتقاللىق ئىچىدە بىر توپ ئادەملەر غۇۋا كۆرۈندى، بۇ دۈشمەن ئىدى!

سوقراتنىڭ كاللىسىدا پەقەت بىرلا ئۇقۇم قېپقالغانىدى. بەلكىم بۇ ئۇقۇمنىڭ پەيدا بولغىنىغا خېلى بولغاندۇر. ئۇ ئېغىر قەدەم بىلەن ئارقىغا بۇرۇلۇپ قېچىشقا باشلىدى. ساۋۇت ۋە ئېغىر تۆمۈر تىزلىق ئۇنىڭ يۈگۈرۈشىگە كاشىلا قىلاتتى. ئۇلار قالقانغا قارىغاندا خەتەرلىك ئىدى. چۈنكى ئۇلارنى دەرھال سېلىپ تاشلىۋەتكىلى بولمايتتى.

بۇ پەيلاسوپ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ ئېگىزلىقتىن چىقتى، ھەممە ئىش ئالدىدا يۈگۈرۈپ، يېتەرلىك ئارىلىق قالدۇرۇش ياكى قالدۇرالماسلىقىغا باغلىق ئىدى. ئۇ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ياش يىگىتلەرنىڭ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا بىر مەھەل دال بولۇپ تۇرۇشىنى تىلەيتتى.

تۇساتتىنلا قاتتىق بىر ئاغرىق ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىلدى. ئۇنىڭ سول تاپىنى خۇددى ئوتتا كۆيگەندەك ئېچىشىپ ئاغرىپ، زادىلا چىدىيالماي قالدى. ئۇ ئىنجىقلىغىنىچە يەرگە ئولتۇردىيۇ، دەرھال قاتتىق ئاغرىقتىن ئىڭراپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئالاق - جالاق بولغان ھالدا ئەتراپقا قاراپ، ئۆزىنىڭ جىغانلىق ئىچىگە كىرىپ قالغىنىنى كۆردى.

بۇ غۇزمەك ئۆسكەن جىغاننىڭ تىكەنلىرىمۇ ئۆتكۈر ئىدى. تاپىنىغىمۇ يوغان بىر تال تىكەن سانجىلغان ئوخشايدۇ، ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئەتراپتىن ئولتۇرغۇدەك يەر ئىزدىدى ۋە ساق پۇتى بىلەن سەكرەپ يۈرۈپ ئالنىقاندەك بىر پارچە يەرنى تاپتى - دە، دەرھال ئولتۇرۇپ پۇتىغا كىرگەن تىكەننى ئېلىش بىلەن ئاۋارە بولدى.

ئۇ ئالدى تەرەپتە، يۈز ماڭدام يىراقلىقتا ھەدەپ كۈچىيىۋاتقان ئۇر - چاپ ئاۋازىغا تەشۋىش ئىچىدە قۇلاق سالدى. بۇ ئاۋازلار ئاستا - ئاستا، ئەمما ناھايىتى ئېنىق ھالدا ئۇ تۇرغان يەرگە يېقىنلاشماقتا ئىدى.

سوقرات پۇتىدىكى يازلىق ئاياغنى سالالمىدى، چۈنكى ئۆتكۈر تىكەن ئۇنىڭ نىپىز چەمىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ، تاپىنىغا چوڭقۇر كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلار نېمىشقا بۇنداق نېپىز چەملىك ئاياغنى بەرگەندۇ؟ ئۇ پۇتىغا كىرگەن تىكەن بىلەن ھەپىلەشكەنسېرى قاتتىق ئاغرىق يۈرىكىگە سانجىلاتتى. ئاخىر ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. سېمىز بىلەكلىرى پەسكە ساڭگىلاپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى.

ئۇنىڭ ئەلەملىك كۆزلىرى يېنىدىكى خەنجەرگە چۈشتى ۋە بىردىنلا كاللىسىغا بىر ئوي كەچتى ھەم ئۇنى باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەن چاغلىرىدا ئويلاپ تاپقان ئوي - پىكىرلىرىدىنمۇ بەكرەك خۇش قىلىۋەتتى: بۇ خەنجەرنى قەلەمتىراچ ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولماسمۇ؟ ئۇ دەرھال خەنجەرنى قولىغا ئالدى.

دەل مۇشۇ چاغدا، ئۇ ئېغىر قەدەم ئاۋازىنى ئاڭلىدى، بىر توپ كىشىلەر دەرەخلىق ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېلىشتى. خۇداغا شۈكۈر، ھەرنېمە بولسا ئۇلار ئۆز ئادەملىرى ئىكەن! بۇ كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپلا بىرقانچە دەقىقە جايىدا تۇرۇپ قېلىشتى. «ھېلىقى موزدۇز ئىكەن»- سوقرات ئۇلارنىڭ شۇنداق دېيىشكەنلىرىنى ئاڭلىدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇلار قاچقانچە نەگىدۇر يوقالدى.

ئەمما، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سول تەرىپىدىمۇ ئادەم شەپىسى ئاڭلىنىپ، چەت ئەل تىلىدا بېرىلگەن بۇيرۇق ئاڭلاندى.

سوقرات ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، ئىنتىراق قىلىپ ئېيتقاندا، گەرچە قىسقا بولسىمۇ قولىدىكى شەمشەرنىڭ سېپىغا تايىنىپ، ئوڭ پۇتى بىلەن ئورنىدىن تۇردى. دەل شۇ چاغدا ئۇ سول تەرەپتىكى كىچىككىنە بىر پارچە بوشلۇقتا قوچاقلاشما جەڭ قىلىنىۋاتقان ئەسكەرلەرنى كۆردى، ئۇلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى، قىلىچ - خەنجەرلەرنىڭ تۆمۈر ئادەمگە چېپىلغان چاغدىكى ئاۋازلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدى.

سوقرات جىددىيلىشىپ قالدى، ئۇ ساق پۇتى بىلەن جېنىنىڭ بارىچە دىڭگاڭلاپ سەكرەپ ئارقىغا قېچىشقا باشلىدى. سوقۇشۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پەسكە ئېڭىشىۋىدى، يارىدار بولغان پۇتى يەرگە تېگىپ، ۋايجانلىغىنىچە يىقىلىپ چۈشتى. قوچاقلاشما جەڭ قىلىنىۋاتقانلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس، تەخمىنەن يىگىرمە - ئوتتۇزچە ئادەم ئىدى. ئۇلار ئالدىغا بىرقانچە قەدەم يېقىنلاشقاندا پەيلاسوپ ئىككى توپ تىكەننىڭ ئارىسىغا زوڭ ئولتۇرۇپ، ھولۇققىنىچە دۈشمەنگە قارىدى.

ئۇ قىمىرلىيالمايتتى، قورقۇنچ تاپىنىنىڭ قاتتىق ئاغرىشىدىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، ئارقىدىنلا چۇقان - سۈرەن سېلىپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

ئەسلىدە ئەھۋال مۇنداق بولغانىدى: ئۇ ئۆزىنىڭ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەڭ كۆكرىكىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازنىڭ خۇددى كانايدىن ئېتىلىپ چىققاندەك جاراڭلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى: «3 - ئەترەت، بۇياققا كېلىڭلار! بالىلىرىم، ئۇلارنىڭ كۆرگۈلۈكىنى راسا كۆرسىتىپ قويايلى».

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ قولىدىكى شەمشەرنى ھەدەپ ئوڭغا، سولغا پۇلاڭلاتقانلىقىنى كۆردى، چۈنكى بۇ چاغدا چاتقاللىق ئىچىدىن چىققان بىر پىرسىيىلىك ئەسكەر نەيزىنى تەڭلەپ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. نەيزە بىر چەتكە قېقىلىپ، ھېلىقى پىرسىيىلىك ئەسكەرمۇ يىقىلىپ چۈشتى.

سوقرات يەنە ئۆزىنىڭ چۇقان - سۈرەن سالغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى: «بالىلىرىم! بىرقەدەممۇ چېكىنىشكە بولمايدۇ! بۇ ئىتنىڭ بالىلىرى بىزنىڭ قاپقىنىمىزغا چۈشتى! كلاپروس، 6 - ئەترەتنى ئېلىپ كەل! نوروس، ئوڭ تەرەپكە بار! كىم چېكىنسە مەن شۇنى چېپىپ تاشلايمەن!»

ئۇ يېنىغا كېلىپ قالغان ئۆز ئادەملىرىنى كۆردى، ئىككىيلەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. «ۋارقىراڭلار» دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، «خۇدا ھەققى، ۋارقىراڭلار!» ئۇلارنىڭ بىرى قورققىنىدىن تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. يەنە بىرى ھەدەپ چۇقان - سۈرەن سېلىشقا باشلىدى، ئەمما نېمە دەپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى پىرسىيىلىك ئەسكەر ئورنىدىن ئىڭ تەستە قوپۇپ، چاتقاللىققا قېچىپ كىرىپ كەتتى.

يان تەرەپتىكى بوشلۇقتىن ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىرقانچە ئادەملەر سەنتۈرۈلۈپ كېلىشتى. پىرسىيىلىكلەر چۇقان - سۈرەن ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئارقىغا قېچىشتى. ئۇلار

بۆكتۈرمە بار ئوخشايدۇ دەپ قورققانىدى.

ــ بۇ يەردە نېمە بولدى، ــ دەپ سورىدى بىر سەپدىشى سوقراتتىن، ئۇ يەنىلا يەردە ئولتۇراتتى.

ــ ھېچنېمە بولغىنى يوق، ــ دېدى سوقرات، ــ مېنى مۇنداق ئورىۋېلىپ قاراپ تۇرماڭلار، سىلەرنىڭ ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ۋارقىراپ بۇيرۇق چۈشۈرگىنىڭلار تۈزۈك، بولمىسا دۈشمەن بىزنىڭ ئازلا ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى سېزىپ قالىدۇ.

ــ ئەڭ ياخشىسى، بىز چېكىنەيلى، ــ دېدى ھېلىقى ئادەم شۈبھى بىلەن.

ــ بىرقەدەممۇ چېكىنىشكە بولمايدۇ، ــ دەپ سوقرات ئۇنىڭغا قارشى چىقتى، ــ سىلەر شۇنداق توخۇ يۈرەكلەرمۇ؟

دەل شۇ چاغدا ئۇلار خېلى يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ تۇياق تىۋىشلىرى ۋە ۋارقىرىغان ئاۋازلارنى ئاڭلىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇلار يۇنانلىقلار ئىدى! شۇ كۈنى پىرسىيىلىكلەر ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى، ئۇرۇش مۇشۇنداق ئاياغلاشتى.

ئارچىبىيادېس① ئاتلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ جىنغانلىققا كەلگەندە، بىر توپ پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ بىر سېمىز ئادەمنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئۇ ئېتىنى توختىتىپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ سوقرات ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئەسكەرلەر ئارچىبىيادېسقا دەل مۇشۇ ئادەمنىڭ باتۇرلارچە قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، تەۋرىنىپ قالغان سەپنى مۇقىملاشتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

ئۇلار سوقراتنى كۆتۈرگەن پېتى، يول بويى غەلىبىنى تەنتەنە قىلىشىپ كارۋان ئەترىتىگە كېلىشتى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ۋارقىراپ قارشى تۇرۇشقا پەسەنت قىلماي، ئاشلىق توشۇيدىغان هارۋىغا يانقۇزۇشتى. ئاندىن كېيىن سوقرات هارۋىنى چۆرىدەپ مېڭىپ، تەرلەپ - پىشىپ جېنىنىڭ بارىچە توۋلىشىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە پايتەختكە قايتىپ كەلدى.

كىشىلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ، پاكار ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى.

سوقراتنىڭ ئايالى سانتىپا ئۇنىڭغا پۇرچاق شورپىسى قاينىتىۋاتاتتى. ئۇ ئوچاق ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قوۋۇزىنى كۆپتۈرۈپ ئوتنى پۈۋلەيتتى. بەزىدە قايرىلىپ سوقراتقا قاراپ قوياتتى.

سوقرات ھېلى سەپداشلىرى ئولتۇرغۇزۇپ قويغان ئورۇندۇق ئۈستىدە قىمىرلىماي ئولتۇراتتى.

ــ سەن نېمە ئىشقا يولۇقتۇڭ؟ ــ ئۇ شۈبھىلىنىپ سورىدى.

ــ مەن، ــ سوقرات دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى، ــ ھېچنېمە.

ــ ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ باتۇرلۇقۇڭ توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتىدۇ، بۇ نېمە ئىش، ــ دېدى سانتىپا ئېنىق سوراپ بىلىۋالماقچى بولۇپ.

ــ ھەممىسى كۆپتۈرمە گەپ، ــ دېدى سوقرات، ــ شورپا ھەجەپمۇ خۇش پۇراق بوپتۇ.

ــ ئەمدىلا ئوت ياقا - ياقماي تۇرغان نەرسە قانداقمۇ خۇش پۇراق بولسۇن؟ سېنى يەنە باشقىلار ئەخمەق قىلغان چېغى، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن، ــ مەن ئەتە بولغا سېتىۋالغىلى بارغاندا، يەنە باشقىلار مېنى مازاق قىلىشىدىكەن - دە! ؟

ــ مەن ھەرگىزمۇ ئەخمەق قىلىنمىدىم. مەن جەڭ قىلغىلى باردىم.

ــ سەن مەست بولۇپ قالدىڭمۇ؟

ــ ياق، ئۇلار چېكىنگەن چاغدا، مەن ئۇلارنى توسۇۋالدىم.

ــ سەن ئۆزۈڭ ئورنىڭدىن تۇرالماس بوپقاپسەنغۇ، ــ دېدى سانتىپا ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ چاغدا ئوت ئۇلغايغانىدى، ــ شىرە ئۈستىدىكى تۇزنى ئېلىۋەتكىنە.

ــ مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ــ دېدى سوقرات ئاستا، خۇددى بىرنېمىنى ئويلاۋاتقاندەك ھالدا، ــ ھېس قىلىشىمچە، پۇرچاق شورپىسىنى ئىچمىسەم بولغۇدەك، ئاشقازىنىم سەل ئاغرىۋاتىدۇ.

ــ مەن دېمىدىممۇ، سەن جىق ئىچىۋاپسەن، ئورنىڭدىن تۇرۇپ ئۆي ئىچىدە مېڭىپ باق، شۇ چاغدا نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇ سوقراتقا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلماي، خېلى ئازابلىدى. ئۇنىڭ نېمىلا بولمىسۇن ئورنىدىن تۇرغۇسى، سانتىپاغا ئۆزىنىڭ ماڭالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكۈسى يوق

① ئارچىبىيادېس (مىلادىدىن بۇرۇنقى 403 ـ 450 يىللار) ، ئافىنانىڭ سىياسىئونى ۋە باش قوماندانى، سوقراتنىڭ تالىپى.

ئىدى. نېمىنىڭ سوقراتقا پايدىسىز ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشقا توغرا كەلگەندە، سانتىپا ناھايىتى ئەقىللىق ئىدى. ئەمما ھازىر كۆپچىلىك سوقراتنىڭ جەڭدە قەتئىي تەۋرەنمەي تۇرغانلىقىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر سەۋەبلىرىنى بىلىپ قالسا، ئاقىۋىتى پايدىسىز بولاتتى.

سانتىپا بىر تەرەپتىن قايناۋاتقان يۇرچاق شورپىسىنى ئىلەشتۇرگەچ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىنى دېگىلى تۇردى.

- مەن جېزمىلەشتۇرەلەيمەنكى، يەنىلا سېنىڭ ھېلىقى قىممەتلىك دوستلىرۇڭ، ساڭا ئارقا سەپتىكى يىراق بىر يەردە، سەپەر ئۇچىقىنىڭ يېنىدا يوشۇرۇنىدىغان جاي تېپىپ بەرگەن گەپ، بۇ ساختىپەزلىك.

سوقرات چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئۆيىنىڭ پەنجىرىسىدىن تار كوچىغا قارىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئاق پانۇسلارنى كۆتۈرۈپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇلار غەلىبىنى تەبرىكلەۋاتاتتى.

ئۇنىڭ مەرتىۋىلىك دوستلىرىنىڭ بۇنداق ئىش قىلىش خىيالى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوقراتمۇ ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمايتتى، ھېچبولمىغاندا يېنىكلىك بىلەن ماقۇل بولمايتتى.

- ئۇنداق بولسا ئۇلار سەن موزدۇز بىلەن بىللە جەڭگە بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرەتتىمۇ؟ ئۇلار ھەرگىز سېنىڭ غېمىڭنى يېمەيدۇ. ئۇلار ئۇ دېگەن بىر موزدۇز، بېرىپ ئۆزىنىڭ موزدۇزلۇقىنى قىلسۇن، بولمىسا بىز ئۇنىڭ ئەسكى ئۆيىگە قانداقمۇ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە سائەت پاراڭلىشىپ ئولتۇرالايمىز؟ دېيىشىدۇ. يەنە ھەممىلا يەردە سېنىڭ توغراڭدا كۇسۇرلىشىۋاتقان: «قاراڭلار، ئۇ موزدۇزمۇ ياكى ئەمەس؟ بۇ ئاقسۆڭەكلەر راستتىنلا ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن فىلىرسوفىيە①توغرىسىدا سۆزلىشەرمۇ؟ كىرەكسىز بىرنېمە!

- فىلىرسوفىيە، - دېدى سوقرات سەۋرچانلىق بىلەن. سانتىپا ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن گۆلەيدى.

- ماڭا ئۇگۇت - نەسىھەت قىلمايلا قوي، بىلىمىم يوقلۇقىنى ئۆزۈم بىلىمەن، ئەگەر مەن شۇنداق بولمىغان بولسام، سەن ئۆزۈڭگە پۇت يۇيىدىغان سۇ ئەكېلىپ بېرىدىغان كىشىنى تاپالماس ئىدىڭ.

سوقرات تىنترەپ كەتتى ۋە دەرھال سانتىپانىڭ كۆرۈپ قالماسلىقىنى تىلىدى. بۇگۈن نېمە بولسا مەيلى، ئۇنىڭغا پۇتۇمنى يۇغۇزمايمەن. خۇداغا شۈكۈر. سانتىپا باشقا ئىشلار ھەققىدە كوتۇلدىغىلى چۈشتى.

- قارىغاندا سەن ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالماپسەن. باشقىلارمۇ ساڭا يوشۇرۇنىدىغان جاي تېپىپ بەرمەپتۇ، ئۇنداقتا سەن بىر جەڭچىگە ئوخشاش ئۇرۇشقاندۇرسەن. قولۇڭ قانغا بويالغاندۇ! ؟ مەن بىرەر تال ئۆمۈچۈكنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويسام، سەن دەرھال كوتۇلدايسەن، مېنى سېنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق باتۇر ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىدۇ دەپ قالما، سەن چوقۇم بىرەر ھىيلە ئىشلەتتىڭ. بولمىسا ئۇلار مۇشۇنداق مۇرەڭگە ئۇرۇپ ماختايتتىمۇ؟ سەن قاراپتۇر، مەن سېنىڭ ھىيلە - مىكرىڭنى ئېچىۋېتىمەن.

بۇ چاغدا شورپا تەييار بولغانىدى. ئۇنىڭ پۇرىقى ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى. سانتىپا كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن كورىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ شىرە ئۈستىگە قويىدى - دە، شورپىنى ئۇسسۇشقا باشلىدى. سوقرات ئۆزىنىڭ ئىشتىھاسى بارلىقىنى بىلدۈرۈش ياكى بىلدۈرمەسلىك ھەققىدە ئويلاندى. شورپا ئىچىمەن دېسە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستەلنىڭ يېنىغا بېرىشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭا ئۇ شۆلگىيىنى يۇتۇپ، جىم ئولتۇرۇۋالدى.

سوقراتنىڭ كەيپى چاغ ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى، بۇنىڭغا ئۇلىشىپ يەنە ھەر خىل كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ چوقۇم يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. پىرسىپلىكلەر بىلەن بولغان بۇ ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىمىغان كىشىلەرنى باشقىلار ئاۋارە قىلمايتتى. ھازىر غەلىبىنى تەبرىكلەش ئەمدىلا باشلانغان بولۇپ، كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ھېلىقى خىزمەت كۆرسەتكەن ئادەمنى ئېسىگە ئالماي، ھەر كىم ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى كۆز -

① فىلىرسوفىيە (philersophie) يەلسەپە (philosophie) نىڭ خاتا ئوقۇلىشى. «فىلىرسوفىيە» بولسا ياسالما سۆز. «phib) نىڭ مەنىسى «ياخشى كۆرۈش»، (phobie) نىڭ مەنىسى «قورقۇش» دېگەنلىك بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا سانتىپا ئاچچىقى يامان ئايال بولۇپ، سوقرات ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن. شۇڭا ئۇ مۇشۇ كۈلكىلىك گەپنى توقىغان.

كۆز قىلىشماقتا. ئەمما ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە كىشىلەر باشقىلارنىڭ ھەممە شان - شەرەپنى ئۆز دەپتىرىگە يېزىۋالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا، كۆپچىلىك ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ چىقىشىدۇ، پەقەت ئۇلار بۇ موزدۇزنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ھەقىقىي قەھرىمان ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغاندىلا، كۆپچىلىك ئاندىن باشقىلارغا سەت تىللارنى ياغدۇرۇشقا باشلايدۇ. ئارچىبىيادىسنى ئېلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئانچە رازى ئەمەس. بىراق ئەمدى كۆپچىلىك ئۇنى «ئۇرۇشتا سەن غەلىبە قىلدىڭ، ئەمما دۈشمەننى بىر موزدۇز قوغلىۋەتتى!» دەپ مەسخىرە ئارىلاش مەدھىيىلىشىدۇ.

پۇتىغا كىرىپ كەتكەن تىكەن تېخىمۇ بەكرەك ئاغرىتىشقا باشلىدى. ئەگەر ئايىغىنى سېلىپ تىكەننى ئېلىۋەتمىسە قان زەھەرلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

- تاماق يېگەندە مۇنچىۋالا شالاپلىتىپ كەتمە، - دېدى ئۇ سەۋرسىزلىك بىلەن.

ئايالى شورپا قوشۇقىنى ئېغىزدىن چىقارمىغان پېتى توختاپ قالدى.

- مەن نېمە قىلىپتىمەن؟

- ھېچنېمە، - سوقرات چۆچۈپ كەتتى ۋە دەرھال، - مەن بىرنەرسىنى ئويلاۋاتاتتىم، - دەپ قوشۇمچە قىلدى.

سانتىپا ئاچچىقى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، كورىنى ئوچاق ئۈستىگە قويدى - دە، يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

سوقرات كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى. ئۇ ھولۇققىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتراپقا قورقۇمسىراپ نەزەر تاشلىدى. ھەمدە ساق پۇتى بىلەن سەكرەپ ئارقا تەرەپتىكى كارىۋىتىنىڭ قېشىغا باردى. سانتىپا ئۆيگە رومىلىنى ئالغىلى كىرگەندە ئۇنىڭ ئاسما تېرە كارىۋاتتا مىدىرلىماي ياتقىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە دەرھال كاللىسىغا «ئۇ ھەقىقەتەن بىتاپ ئوخشايدۇ» دېگەن ئوي كېلىپ، ئۇنىڭدىن سورىغۇسى كەلدى. چۈنكى سانتىپا ئېرىگە ناھايىتى سادىق ئىدى. ئەمما ئۇ تېخىمۇ ياخشى چارىنى ئويلاپ تېپىپ، ئۆيدىن غىڭ قىلماي چىقتى - دە، قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن بىللە تەبرىكلەش يىغىنىغا كەتتى.

سوقرات ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ياخشى ئۇخلىيالمىدى، ئويغانغان چېغىدا كۆڭلى ناھايىتى پەرىشان ئىدى. ئۇ ئايىغىنى سېلىۋەتكەن بولسىمۇ، تىكەننى تارتىپ چىقىرالمىغاچقا پۇتى بەك ئېششىپ كەتتى.

بۈگۈن ئەتىگەندە ئايالى خېلىلا ياۋاشلاپ قالغانىدى.

تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن، سانتىپا شەھەردىكى ھەممە كىشىنىڭ ئېرى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. چوقۇم كىشىلەر ئۇنىڭغا قايىل بولغۇدەك بىر ئىش يۈز بەرگەن بولسا كېرەك. سانتىپا ئېرىنىڭ پىرسىيىلىك پۈتكۈل سەپ ئەسكەرلەرگە تاقابىل تۇرالىغىنىغا ھەرقانداق قىلىپمۇ ئىشىنەلمەيتتى. «سوقرات يىغىلىشقا قاتناشقان كىشىلەرگە سوئال قويۇپ، ئۇلارنى تىل قىسىنچىلىققا قالدۇرالايدۇ» دەپ ئويلايتتى سانتىپا. «ئەمما پىرسىيىلىك ئەسكەرلەرنى پۈتكۈل سەپ بويىچە توختىتىپ قالالمايدۇ. ئۇنداقتا، زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ!؟»

ئۇ ئويلاۋېرىپ تېگىگە يېتەلمىدى. شۇڭا قويۇ سۈتنى كارىۋاتتا ياتقان سوقراتنىڭ قولىغا سۇندى.

سوقراتنىڭ زادىلا ئورنىدىن تۇرغۇسى يوق ئىدى.

- سېنىڭ كوچىغا چىققۇڭ كەلمىدىمۇ؟ - دەپ سورىدى سانتىپا.

سوقرات «كۆڭلۈم تارتمايدۇ» دەپ غۇتۇلدىدى.

ھېچكىم ئايالىنىڭ مۇلايىملىق بىلەن سورىغان سوئالىغا بۇنداق قوپال جاۋاب بەرمەيتتى. ئەمما سانتىپا ئۇنىڭ كىشىلەرگە كۆرۈنگۈسى يوق ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى - دە، سوقراتنىڭ قوپال جاۋابىنى ئاڭلىمىغانغا سالدى.

كىشىلەر ئەتىگەندە ھال سوراپ كېلىشكە باشلىدى.

بۇ بىرقانچە ياش باي ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئادەتتە بۇ ئۆيگە كېلىپ - كېتىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار ئىزچىل ھالدا سوقراتنى ئۇستاز دەپ بىلەتتى. ھەتتا ئۇ سۆزلىگەن چاغدا گوياكى بىرەر يېڭىلىقنى چۈشۈرۈپ قويماسلىققا تىرىشقاندەك تولۇق خاتىرىلىۋېلىشاتتى.

بۈگۈن ئۇلار ئۆيگە كىرىپلا، سوقراتقا پۈتكۈل ئافېنانىڭ ئۇنى مەدھىيىلەۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلىشتى ۋە بۇ پەلسەپە تارىخىدىكى زور ئىش (شۇڭا يەنىلا سانتىپانىڭ دېگىنى دۇرۇس

بولۇپ، بۇنى باشقا بىرنېمە دەپ ئەمەس، بەلكى «فىلىبىرسوفىيە» دەپ ئاتاش كېرەك)، سوقرات ئۇلۇغ كۆزەتكۈچىنىڭ ئۇلۇغ پائالىيەتچى بولالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، دېيىشتى.

سوقرات ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى، ئۇنىڭ هازىر ئادەتتىكىچە چاقچاقلارغىمۇ رايى يوق ئىدى. ئۇلار بەس - بەس بىلەن سۆزلەۋاتقان چاغدا، سوقرات ئۆزىنى گوياكى باشقىلار يىراقتىكى گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك، يىراق بىر يەردە كۆتۈرۈلگەن ئاسمان - زېمىننى تىترەتكۈدەك قاتتىق كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك هېس قىلدى. ئۇ پۈتكۈل شەهەرنىڭ، هەتتاكى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ كۈلكە ئاۋازى بولۇپ، ناهايىتى يىراقتىن ئاڭلىناتتى، بەلكى بارغانسېرى يېقىنلاپ توسقىلى بولمايدىغان هالدا يېقىنلاپ كېلىپ، بارلىق كىشىلەرنى، يولدا كېتىۋاتقانلار، بازاردىكى سودىگەرلەر ۋە سىياسىئونلار، دۇكانلاردىكى هۈنەرۋەنلەرنى ئۆز ئىچىگە تارتىۋاتاتتى.

— سىلەرنىڭ بۇ گەپلىرىڭلارنىڭ هەممىسى يالغان، — دېدى سوقرات تۇيۇقسىزلا قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، — مەن هېچنېمە قىلمىدىم.

ياشلار بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى:

— راست، بىزمۇ شۇنداق دېدۇق، چۈنكى بىز سىزدە مۇشۇنداق كۆزقاراشنىڭ بارلىقىنى بىلەتتۇق. ئۇن يىلدىن بۇيان سوقرات روهي جەهەتتە ئەڭ ئۇلۇغ تۆهپىلەرنى ياراتتى. ئەمما هېچكىم ئۇنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىدى. هازىر ئۇ بىر قېتىم غەلىبىلىك جەڭ قىلسا، پۈتكۈل ئافىنادا ئۇنىڭ گېپى بولۇۋاتىدۇ. سىلەر بۇنىڭ تولىمۇ يىرگىنىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر، دېدۇق، — دېدى.

سوقرات ئۇھ تارتتى.

«ئەمما مەن غەلىبىلىك جەڭ قىلغىنىم يوق، دۈشمەن ماڭا هۇجۇم قىلغاندا، مەن پەقەت ئۆزۈمنى قوغدىدىم، مەن بۇ ئۇرۇشقا قىزىقمايمەن، چۈنكى مەن قورال - ياراق سودىگىرى ئەمەس، بۇ ئەتراپتا ئۈزۈمزارلىقىممۇ يوق. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا ئۇرۇشىدىغانلىقىمنى زادىلا بىلمەيمەن. مەن شەهەر ئەتراپىدىن كەلگەن بىرقانچە كاللىسى سەگەك كىشىلەر بىلەن بىللە بولدۇم، ئۇلارمۇ بۇ ئۇرۇشقا قىزىقمايدىكەن. مەن قىلغاننى ئۇلارمۇ قىلدى، كۆپ بولغاندا مەن ئۇلاردىن سەل بالدۇرراق قىلغاندۇرمەن».

ئۇلار نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قېلىشتى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېيىشتى ئۇلار يەنە، — بۇنى بىزمۇ دېدۇق، سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىز ئۆزىنى قوغداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ سىزنىڭ جەڭدە غەلىبە قىلغانلىقىڭىزنىڭ سىرى. ئەپۇ قىلىڭ. بىز تەنتەربىيە سارىيىغا بارايلى، بىز دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتاتتۇق. پەقەت سىزدىن هال سوراپ كېلىش ئۈچۈن سۆهبەتنى ئۈزۈپ قويدۇق.

ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ، يول بويى مۇنازىرىلىشىپ مېڭىشتى.

سوقرات ئۈن - تىنسىز ياتاتتى. ئۇ بېشىنى ئىككى ئالقىنىنىڭ ئۈستىگە قويغان پېتى ئىستىن قارايغان تورۇستىن كۆز ئۈزمەيتتى.

ئۇ توغرا قىياس قىلغانىدى. قورقۇنچلۇق ئىش ئاخىر يۈز بەردى.

سانتىپا ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ كونا كۆڭلەكنى يامىغاچ، ئېرىگە پات - پات قاراپ قوياتتى.

ئۇ بىردىنلا:

— بۇنىڭ ئىچىدە زادى قانداق ئويۇن باردۇر-ھە! ؟ — دېدى پەس ئاۋاز بىلەن.

سوقرات چۆچۈپ كەتتى ۋە تەشۋىش ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىدى.

سانتىپا كۆپ جاپا چەككەن ئايال ئىدى. كۆكرىكى خۇددى ياغاچتەك تۈز بولۇپ، كۆزلىرى غەمكىن ۋە مەيۈس ئىدى. سوقرات ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ تالىپلىرى كەلگۈسىدە سوقرات ئۇ هەممە ئىلاهلارنى ئىنكار قىلغان ئەسكى بىر موزدۇزغۇ؟ دېيىشسە، سانتىپا يەنىلا سوقراتنى قوللايتتى. ئۇ سوقرات بىلەن بىللە كۆپ جاپا چەكتى، ئەمما ئەزەلدىن ئاغرىنىپ باقمىدى. هەتتا سوقرات ئاخشاملىرى پۇللۇق تالىپلىرىنىڭ يېنىدىن ئاچ قورساق يېنىپ كەلگەن چاغلاردىمۇ، ئوچاق ئۈستىدە ئايالى ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان بولكا بىلەن بىر پارچە چوشقا مېيىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى.

ئۇ ئۆزىدىن هەممە ئىشنى ئايالىمغا دەپ بېرەيمۇ دەپ سورىدى، ئەمما دەرهال «ئەگەر ھەقىقىي ئەهۋالنى ئۇنىڭغا دەپ بەرسەم، هېلى يەنە باشقا كىشىلەر كۆرگىلى كېلىپ، مېنىڭ

قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرىم ئۈستىدە سۆز ئاچسا، مەن سانتىپانى قارىتىپ تۇرۇپ يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولىمەن» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلغۇسى كەلمىدى، بولۇپمۇ ئايالى ھەققىدە ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يەنە ساختىلىق قىلىشقا كۆڭلى تارتمايتتى، چۈنكى سوقرات ئايالىنى ھۆرمەت قىلاتتى. شۇڭا ئۇ بۇ خىيالىنى تاشلاپ مۇنداق دېدى:

ـ تۈنۈگۈنكى سوغۇق پۇرچاق شورپىسى قورسىقىمنى كۆپتۈرۈۋەتتى...

سانتىپا ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ يالتىيىدە قاراپ قويدى.

ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئاشقان تاماقنى تۆكۈۋېتىشكە يول قويمايتتى. ئۇ پەقەت ئايالى سورىغان سوئالدىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى ئىدى. سانتىپا ئۇنىڭ ئىچىدە قانداقتۇر بىر جىنىنىڭ بارلىقىغا بارغانسېرى چوڭقۇر ئىشەندى. ئۇ نېمىشقا ئورنىدىن تۇرمايدۇ؟ دۇرۇس، ئۇ كۈندە دېگۈدەك كەچ يېتىپ ۋاخچە قوپاتتى. بىراق تۈنۈگۈن پالدۇرلا يېتىۋالدى. بۈگۈن ھەممە ئادەم غەلىبىنى تەبرىكلەش ھەلەكچىلىكى بىلەن بەنت، بازاردىكى دۇكانلارنىڭ ھەممىسى تاقىلىپتۇ. دۈشمەننى قوغلاپ كەتكەن ئاتلىق ئەسكەرلەرمۇ ئەتىگەن سائەت بەشتە قايتىپ كېلىشتى. كۆپچىلىك ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلىدى. سوقرات ئادەتتە تاماشا كۆرۈشكە ئامراق ئىدى. بۇنداق كۈنلەرگە يولۇققاندا، ھامان ئەتىگەندىن كەچ كىرگىچە ئويان ـ بۇيان چېپىپ يۈرۈپ كىشىلەر بىلەن بەس ـ مۇنازىرىلىشەتتى. بۈگۈن نېمىشقا ئورنىدىن تۇرمايدۇ؟

ئىشىكتە كىشىلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ، تۆت ئەمەلدار ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇپ سوقراتقا قاراشتى ۋە بىرسى ئەمەلدارلىق كىبىرى بولسىمۇ ئىنتايىن ئەدەپ ـ قائىدىلىك تەلەپپۇزدا، ئۆزىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن سوقراتنى ئاريوپاگقا①تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. سەركەردە ئارچىبىيادىس سوقراتنىڭ جەڭدە كۆرسەتكەن خىزمىتىنى تەقدىرلەش ھەققىدە تەكلىپ بېرىپتۇ.

كوچىدىن ئاڭلانغان كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى قوشنىلارنىڭ ئىشىك ئالدىغا توپلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

سوقرات يۈتۈن بەدىنىنىڭ قارا تەرگە چۆمگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىللە بىرنىشنى رەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتتىن چۈشۈشى، ھېچبولمىغاندا ئۆرە تۇرۇپ بىرقانچە ئېغىز رەھمەت سۆزلىرىنى ئېيتىپ، بۇ كىشىلەرنى ئىشىك ئالدىغا ئۇزىتىپ چىقىشى لازىملىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ شۇنىمۇ بىلەتتىكى، ئۆزى ئەڭ كۆپ بولغاندا، پەقەت ئىككى قەدەم ماڭالىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا ئۇلار ئۇنىڭ پۇتىنى كۆرىدۇ ـ دە، ھەممە ئىش ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شۇئان قۇلاقنى يارغۇدەك كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلىدۇ.

شۇڭا ئۇ ئورنىدىن تۇرمىدى، بەلكى ئۆرۈلۈپ يۈزىنى قاتتىق ياستۇق ئۈستىگە قويدى ـ دە، سەۋرسىزلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

ـ ماڭا ھېچقانداق تەقدىرلەشنىڭ كېرىكى يوق. سىلەر ئاريوپاگقا قايتىپ بېرىپ، مېنى «دوستلىرى بىلەن سائەت 11 دە ئۆيگە كېلىپ كۆپچىلىك قىزىقىدىغان بەزى پەلسەپە مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي مۇزاكىرىلىشىمىز دەپ كېلىشىپ قويۇپتۇ. شۇڭا بارالمايدىغانلىقىدىن ناھايىتى ئەپسۇسلاندى» دەپ قويۇڭلار. مەن ئەمەلدارلارنىڭ يىغىلىشىغا قاتنىشىشقا لايىق كەلمەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك ھېرىپ كەتتىم.

ئۇنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى قوشۇپ قويۇشىدىكى سەۋەب، ئۇ پەلسەپىنى مۇھايىزەت كۆڭلۈكى قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە ئۆزى ئاچچىقلانغانىدى. ئالدىنقى گەپنى قىلىشتا، قوپال پوزىتسىيە بىلەن ئەمەلدارلارنى تېززەك كەتكۈزۈۋېتىشنى مەقسەت قىلاتتى.

ئەمەلدارلار بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى. ئۇلار دەرھال بۇرۇلۇپ سىرتقا ماڭدى ۋە ئىشىك ئالدىغا توپلىنىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ پۇتىنى دەسسەپ ئۆتۈپ يۈرۈپ كېتىشتى.

ـ سېنىڭ ئەمەلدارلارنى بۇنچىۋالا كۆزگە ئىلماسلىقىڭنى نېمە ھەددىڭ!؟ قاراپتۇر، ئۇلار تاناۋىڭنى تارتمىسا، ـ دېدى ئايالى ئاچچىقى بىلەن ۋە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

سوقرات ئايالى يوق پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئېغىر گەۋدىسىنى تەسلىكتە ئۆرىدى ـ دە،

① ئاريوپاگ ـ تاغ ئىسمى، ئافىنا ئالىي سوتى شۇ يەرگە جايلاشقان.

كارىۋات قىرىدا ئولتۇرۇپ، ئىشىككە قارىدى ۋە يارىلانغان پۇتىدا ئېھتىيات بىلەن يەرنى دەسسەپ باقتى، ئەمما ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراپ تاشلىدى.

ئۇ يەنە قارا تەرگە چۆمۈپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى.

يېرىم سائەت ئۆتتى. سوقرات بىر پارچە كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. يارىدار پۇتىغا تېگىپ كەتمىسىلا، باشقا ھېچقانداق سېزىم يوق ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ دوستى ئانتىستانىس① كەلدى. ئۇ قىلىن پىلاشىنى يەشمەستىنلا كارىۋات بېشىغا يېقىن كېلىپ تۇردى ۋە ھاسىراپ يۆتىلىشكە باشلىدى. ئاندىن كېيىن ساقىلىنى تاتىلىغاچ سوقراتقا قارىدى.

ـ سەن تېخىچىلا ياتامسەن؟ مەن ئۆيدە پەقەت سانتىپالا بار مىكىن دەپتىمەن. مەن ئالايىتەن سېنى كۆرگىلى كەلدىم. ئېغىر زۇكام بولۇپ قاپتىمەن. شۇڭا تۈنۈگۈن كېلەلمىدىم.

ـ ئولتۇر، ـ دېدى سوقرات سوغۇققىنا.

ئانتىستانىس ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىن بىر دانە ئورۇندۇقنى ئەكېلىپ، سوقراتقا يېقىن ئولتۇردى.

ـ مەن بۈگۈن كەچقۇرۇن يەنە دەرس ئۆتۈشنى باشلايمەن، يەنە ئارقىغا سۈرەۋېرىشكە بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

ـ شۇنداق.

ـ مەن ئۇلارنىڭ كېلىش - كېلەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەيمەن. بۈگۈن غەلىبە تەبرىكلەش زىياپىتى بولىدىكەن. يولدا كېلىۋاتقىنىمدا خۇرستون دېگەن يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، مەن ئۇنىڭغا بۈگۈن كەچقۇرۇن ئالگېبرادىن دەرس ئۆتىمەن دېسەم، بەك خۇش بولۇپ كەتتى. مەن شېلىيومىڭنى كېيىپ كېلىۋەردىم، دېدىم. پروتېگولاس② قاتارلىقلار ئانتىستانىس ئورۇشتىن كېيىنكى بىرىنچى ئاخشامدا يەنە ئالگېبرا دەرسىنى ئۆتۈشكە باشلاپتۇ دەپ ئاڭلىسا، چوقۇم ئاچچىقىدىن سەكرەپ كېتىدىغان بولدى - دە.

سوقرات سەل - پەل قىيسايغان تامنى قولى بىلەن تىرەپ، ئۆزىنىڭ ئاسما كارىۋىتىنى يېنىك تەۋرىنەتتى، ئۇنىڭ پولتىيىپ چىققان بىر جۈپ كۆزى ئانتىستانىسقا تىكىلگەنىدى.

ـ سەن يەنە كىملەرنى ئۇچراتتىڭ!؟

ـ خېلى كۆپ.

سوقراتنىڭ ئىمانى ئۇچتى. ئۇ ئوڭدىسىغا يېتىپ تورۇسقا قارىدى. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئانتىستانىسقا ئېيتايمۇ؟ ئۇ بۇ دوستىغا ئىشىنەتتى. سوقرات ئەزەلدىن ئوقۇش پۇلى ئالمايتتى. شۇڭا ئانتىستانىس بىلەن ھېچقانداق پايدا - زىيان توقۇنۇشى يوق ئىدى. بەلكىم بۇ ئاۋارىچىلىقنى ئۇنىڭغا ئېيتىش زۆرۈردۇر.

ئانتىستانىس بەزىدە نۇر چاقناپ تۇرىدىغان كۆزى بىلەن دوستىغا قىزىقسىنىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىردىنلا مۇنداق دېدى:

ـ ھېلىقى گىئودىياس كىمنى③ كۆرسە ئۇنىڭغا سېنى «دۈشمىنىنى كۆرۈپلا تىكىۋېتىپتۇ. بەك ئالدىراپ قېچىپ نىشاندىن ئادىشىپ، ئالدى تەرەپكە قاراپ كېتىپتۇ» دەپتۇ. مۇشۇ سۆز ئۈچۈن بىرقانچە يىگىتلەر ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇشۇپتۇ...

سوقرات بېشىنى بىردىنلا بۇراپ، خاپا ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى.

ـ يالغان گەپ، ـ دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن. ئۇ دۈشمەنلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىۋالسا، ئۆزىگە تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى تېپىۋالىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

سوقرات تۈنۈگۈن كەچتىن تارتىپ تاڭ سۈزۈلگىچە خىيال سۈرۈپ، بۇ ئىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى بىر تەجرىبە دېيىشكە بولامدۇ - يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلاندى ھەمدە ئۇ كىشىلەرنىڭ قانچىلىك ھالدا يېنىكلىك بىلەن ئىشىنىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى. يىگىرمە يىلدىن بۇيان مەن ئىزچىل ھالدا ھەممە يەردە تىنچلىقپەرۋەرلىكنى تەشۋىق قىلىپ كەلدىم، ئەمما بىرەر پىتنە - ئىغۋا سۆز چىقسىلا، ھەتتا ئوقۇغۇچىلىرىممۇ مېنى ئۇرۇشپەرەس ۋەھاكازالار دەپ قارىشىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلماسلىق كېرەك

① ئانتىستانىس (مىلادىدىن ئىلگىرى 368 ـ 444 يىللاردا ياشىغان، سوقراتنىڭ تالىپى. يۇناندىكى بىر ئىلمىي ئېقىمنىڭ ئىجادچىسى).
② پروتېگولاس (مىلادىدىن ئىلگىرى 415 ـ 485 ـ يىللار) يۇناندىكى بىر ئىلمىي ئېقىمنىڭ ئاساسىي ۋەكىلى، سوقراتنىڭ مۇنازىرىدىكى دۈشمىنى. ئۇنىڭ «ئىنسان ـ ھەممە مەۋجۇداتنىڭ ئۆلچىمى» دېگەن ئاتاقلىق سۆزى بار.
③ گىئودىياس (مىلادىدىن ئىلگىرى 375 ـ 483 ـ يىللار) يۇنان ئېقىمىدىكى پەيلاسوپ، سوقراتنىڭ مۇنازىرىدىكى دۈشمىنى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھەرقانداق ھەقىقەتنى بىلىش مۇمكىنچىلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ.

ئىدى. ناھايىتى ئىنچىكە، ھازىر تىنچلىقپەرۋەرلىكنى نەس باسقان بولدى. ئورۇشتا يېڭىلسە، ھەتتا يوقىرىدىكى كىشىلەرمۇ بىر مەھەل تىنچلىقپەرۋەر بولۇشۇۋالىدۇ؛ ئورۇشتا يەڭسە، تۆۋەندىكى كىشىلەرمۇ ئورۇشنىڭ ھىمايىچىلىرىگە ئايلىنىدۇ. ھېچبولمىغاندا بىر مەزگىل شۇنداق بولىدۇ. بۇ ئىش تاكى ئۇلار غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىلچە پەرقسىز ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىۋالغۇچە شۇنداق بولىدۇ. بولمايدۇ، ھازىر تىنچلىقپەرۋەرلىك قىلىپ باش كۆتەرگىلى بولمايدۇ.

كوچىدىن ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاتلىق كىشى ئىشىك ئالدىدا ئېتىنى توختاتتى. ئارچىبىيادىس يېنىڭ قەدەملەر بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ئەتىگەنلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن. ئانتىتانىس، سېنىڭ پەلسەپە ئىشىڭ يېقىندىن بېرى قانداق بولۇۋاتىدۇ!؟ ئۇلارنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ،— دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا،— سوقرات، ئارىيوپاگىتكى ھېلىقى كىشىلەر سېنىڭ جاۋابىڭنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خاپا بولۇپ سەكرەپ كېتىشتى. مەن ئەسلى ساڭا شەرەپ گۈل چەمبىرىكى تاقاشنى تەكلىپ قىلغاندىم، كېيىن چاقچاق قىلىپ سېنى ئەللىك تاياق ئورۇشقا ئۆزگەرتتىم. بۇ تەكلىپ ئۇلارنى تېخىمۇ تېرىكتۇرۇۋەتتى. چۈنكى ئۇلار كۆڭلىدە شۇنداق ئويلايتتى. ئەمما سەن چوقۇم مەن بىلەن بىللە بار، ئىككىمىز مېڭىپ بارىمىز.

سوقرات ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۇ ئارچىبىيادىس بىلەن ناھايىتى چىقىشاتتى. ئىككىسى دائىم بىللە ھاراق ئىچەتتى. ئۇنىڭ ئىرادەپ كېلىشتىكى مۇددىئاسى ياخشى ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئارىيوپاگىنى مەسخىرە قىلىش بىلەنلا توختاپ قالمايتتى. ئەگەر ئاشۇ ئوي بىلەنلا كەلگەن بولسا، يەنىلا ھۆرمەت قىلىش، قوللاش زۆرۈر ئىدى.

سوقرات ئۆزىنىڭ ئاسما كارىۋىتىنى داۋاملىق تەۋرىتەتتى. ئاخىرىدا ئۇ توختاپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئالدىراقسانلىق گويا كى ئۆتكۈنچى شامالغا ئوخشاش، ئادەمنى ھارغۇزۇۋېتىدۇ، ئۆلتۈرۇ.

ئارچىبىيادىس قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئورۇندۇقنى تارتىپ كارىۋات يېنىدا ئولتۇردى. ئۇ ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى، سانتىپاغا ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلدى. سانتىپا بۇ چاغدا ئاشخانا ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ، ھۆل قوللىرىنى كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە سۈرتۈۋاتاتتى.

— سىلەر پەيلاسوپلار ھەقىقەتەن كۆلكىلىك ئادەملەركەنسىلەر،— دېدى ئارچىبىيادىس شەل - پەل سەۋرسىزلىك بىلەن،— بەلكىم سەن مېنىڭ غەلىبىلىك جەڭ قىلىشىمغا ياردەم بەرگىنىڭگە پۇشايمان قىلغاندۇرسەن. ئانتىتانىس سېنىڭ سەمىڭگە ساپتىغۇ!؟ سەۋەبلىرى كۆپ بولسىمۇ، يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

— بىز ھېلىقى ئالگېبىرا ئۈستىدە سۆزلەشتۇق،— دېدى ئانتىتانىس ئالدىراپ، ئارقىدىنلا يەنە يۆتىلىشكە باشلىدى.

ئارچىبىيادىس خىرقىراپ كۈلدى.

— مەن خېلى بۇرۇنلا مۇشۇنى ئويلىغان. دېمەكچى بولغىنىم، بۇنداق ئىش ئۈچۈن داۋراڭ كۆتۈرمىسەڭمۇ بولۇۋېرىدۇ، توغرىمۇ؟ بوپتۇ، مېنىڭ قارىشىمچە، بۇنى باتۇرلۇق دەپ ئاتاش كېرەك. سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار بويىچە ئالاھىدە بىر ئىش قىلمايلى. بىراق شەرەپ گۈل چەمبىرىكى ئېلىش قانداق ئالاھىدە ئىش بولسۇن! سەن قېرى، چىشىڭنى چىشلەپ مۇشۇ قېتىم ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قوبۇل قىلغىن. ئاغرىققا بىردەم چىدىساڭ بولمىدىمۇ!؟ بۇ ئىش تۈگىسە ئىككىمىز بېرىپ رومكا سوقۇشتۇرىمىز...

ئۇ سوقراتنىڭ يوغان گەۋدىسىنىڭ ئاسما كارىۋاتتا تېخىمۇ بەكرەك تەۋرىنىۋاتقانلىقىغا قىزىقىپ قارىدى.

سوقرات ئەپچىل چارە ئويلاپ، ئىشەنچلىك سەۋەبتىن بىرنى تېپىپ چىقتى. ئۇ پۈتۈمنى تۈنۈگۈن كەچتە ياكى بۈگۈن ئەتىگەندە قايرىۋالدىم دېسە، ياكى مەسىلەن، ئەسكەرلەر مېنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ كېلىپ يەرگە قويغان چاغدا ئېھتىياتسىزلىقتىن ھوشۇقمنى چىقىرىۋاپتىمەن دېسە بولىۋېرەتتى. بەلكى بۇنداق دېسە ئارزاق پەلسەپە پۈرىقىمۇ چىقاتتى. چۈنكى بۇ بىر كىشىنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن چاغدا ئۆزىنى ئوڭايلا زەخمىلەندۈرۈۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

ئۇ ئاسما كارىۋاتنىڭ تەۋرىنىشى توختىماي تۇرۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى ۋە ئوڭ قولى بىلەن يالىڭاچ سول مۈرىسىنى ئۇۋۇلاپ، دۇدۇقلاپ مۇنداق دېدى:

— ئىش مۇنداق ئىدى، مېنىڭ پۇتۇم...

ئۇ ئۆي ئىچىگە ئەنسىزلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى، چۈنكى هازىر بۇ ئىش ئۇچۇن راستىنلا يالغان گەپ قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ بۇ ھەقتە گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالغانىدى. ئەمما بۇ گەپ ئاغزىدىن چىقىشى بىلەنلا ئاشخانا ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان سانتىپانى كۆرۈپ قالدى.

سوقرات گېلىغا بىرنەرسە تىقىلغاندەك بولۇپ توختاپ قالدى. ئۇ بىردىنلا بۇ ھېكايىنى توقۇپ چىقىشتىن يالتايدى. ئۇنىڭ پۇتى قايرىلىپ كەتكىنى يوق.

ئاسما كارىۋات تەۋرەشتىن توختىدى.

— ئاڭلاپ تۇر، ئارچىبىيادىس! — دېدى سوقرات بىردىنلا روھلىنىپ، ھەمدە ئىنتايىن ئېنىق تەلەپپۇزدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ ئىشتا باتۇرلۇق ئۈستىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. مەن جەڭ باشلىنىشى بىلەنلا، يەنى بىرىنچى تۇركۇمدىكى پىرسىيىلىكلەرنى كۆرۈپلا قاچتىم، يۈنىلىشمۇ خاتا ئەمەس، ئارقىغا قاراپ قاچتىم. قېچىپ كېتىۋېتىپ بىر چاتقاللىققا كىرىپ قاپتىمەن. بىر چاغدا پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كېتىپ يۈگۈرەلمەي قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن پۇتۇمنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي شەمشەر ئوينىتىپ ساراڭلارچە چاپقىلى تۇردۇم. ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىدىن نەچچىسىنى چېپىپ تاشلىغىلى تاس قاپتىمەن. قورقىنىدىن ساراسىمگە چۈشۈپ، پىرسىيىلىكلەرنى بۆكتۈرمىگە ئۇچراتتۇق دەپقالسۇن دەپ، باشقا ئەترەتلەرنىڭ نامىنى ھەدەپ توۋلىغىلى تۇردۇم. بۇمۇ بىر ئەخمەقلىق، چۈنكى ئۇلار يۇنان تىلىنى بىلمەيدۇ - دە، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارمۇ ئوخشاشلا خېلى جىددىيلەشتى. ئاخىرىدا ئۇلار بۇ چۇقان - سۈرەنگە چىدىماي قالدى. سەۋەب، ئۇلارمۇ ئالغا بېسىش يولىدا چوقۇم قاتتىق چارچىغان - دە. پىرسىيىلىكلەر بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشىدى، ئۈستىگە ئاتلىق ئەسكەرلىرىمىز باستۇرۇپ كەلدى. ھەقىقىي ئەھۋال مانا شۇ...

ئۆينىڭ ئىچى بىرقانچە دەقىقە جىمجىتلىققا چۆكتى. ئارچىبىيادىس مىدىر - سىدىر قىلماي سوقراتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئانتىستانىس ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇۋېلىپ يۆتىلىشكە باشلىدى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇ ناھايىتى تەبىئىي ھالدا يۆتەلدى. سانتىپا تۇرغان ئاشخانا ئۆي ئىشىكىدىن قۇلاقنى يارغۇدەك كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئانتىستانىس ئالدى بىلەن ئېغىز ئېچىپ:

— ئىش مۇنداق ئىكەن، سەن ئەلۋەتتە ئارىيوپاگقا بارالمايسەن، ئاقساقلاپ تۇرۇپ پەلەمپەيمۇ پەلەمپەي سەكرەپ چىقىپ، شەرەپ گۈل چەمبىرىكى ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ تېخىمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇنى مەن بىلمەن، — دېدى.

ئارچىبىيادىس ئورۇندۇققا يۆلىنىپ، قاپقىنى تۈرگەن ھالدا كارىۋاتتىكى پەيلاسوپنى كۆزىتىۋاتاتتى. مەيلى سوقرات ياكى ئانتىستانىس بولسۇن، ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا قارىمىدى.

ئارچىبىيادىس قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇردى - دە، ئىككى قولى بىلەن تىزىنى تۇتتى. ئۇنىڭ ئورۇق، بالىلارچە يۈزى سەل - پەل تارتىشىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى ياكى نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— سەن نېمىشقا باشقا يەردە يارىلاندىم دېمەيسەن، — دەپ سورىدى ئۇ.

— چۈنكى پۇتۇمغا بىر تال يوغان تىكەن كىرىپ كەتتى، — دېدى سوقرات قوپاللا قىلىپ.

— ھە، شۇنىڭ ئۈچۈنلىما؟ — دېدى ئارچىبىيادىس، — مەن ئۇقتۇم...

ئۇ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، كارىۋات يېنىغا باردى.

— ناھايىتى ئەپسۇس. مەن ئۆزۈمنىڭ ھېلىقى شەرەپ گۈل چەمبىرىكىمنى ئالغاچ كەلمەپتىمەن، ئۇنى مۇھاپىزەتچىگە بېرىپ قويۇپتىمەن. بولمىسا ھازىر ساڭا قالدۇرۇپ كېتەتتىم. سەن مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنگىن، مېنىڭ قارىشىمچە، سەن ھەقىقەتەن قەھرىمان ئىكەنسەن. مەن ھېچكىمنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ سەن بايا ئېيتقان گەپلەرنى دېگىنىنى كۆرۈپ باقمىغان...

ئۇ تېز قەدەملەر بىلەن مېڭىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

كېيىن سانتىپا سوقراتنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ، تىكەننى سۇغۇرغان چاغدا، خاپا ھالدا مۇنداق دېدى:

— قان زەھەرلىنىشكە تاسلا قاپتۇ.

— ھەر ھالدا، — دېدى جاۋابەن پەيلاسوپ.

(خەنزۇچە «چەت ئەل ئەدەبىياتى» پەسىللىك ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى).

# مۇھەببەت ـ بىر خىل راھەت ۋە ھۇزۇر دېمەكتۇر

ئوشۇ (ھىندىستان)
مۇختار مەخسۇت تەرجىمىسى

بىر ئادەم موھتاج بولماستىن، بەلكى سۆيۈش پەللىسىگە ئۆتكەندە، بۇ ئۇنىڭ پىششىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا بۇ ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ئۆزىدىكى نەرسىلەرنى باشقىلارغا بېغىشلايدۇ ۋە ئۇلارنىمۇ تەڭ بەھرىمەن قىلىدۇ. مۇھەببەت بىلەن موھتاجلىقنىڭ كۆزلەيدىغىنى تامامەن ئوخشىمايدۇ، موھتاجلىق قانداق قىلسام كۆپرەك ئېرىشىمەن دېگەننى ئويلايدۇ، مۇھەببەت بولسا، ئۆزۈمدىكى نەرسىلەرنى قانداق قىلسام كۆپرەك بېغىشلايمەن، قانداق قىلسام تەمەسىز ۋە مىننەتسىز بېغىشلايمەن دېگەننى تەكىتلەيدۇ. مانا بۇ ـ ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگىنى.

مۇھەببەت ـ بىر خىل راھەت ۋە ھۇزۇر دېمەكتۇر. ئۇ مەنىلەرگە ئىنتايىن باي كېلىدۇ، ھاياتىڭىزنى تەكرار ـ تەكرار يارىتىدۇ، لېكىن سىز ئۇنىڭ ئۇچۇن نېمە قىلىپ بېرىشنى بىلەلمەيسىز، شۇڭا باشقىلارنىمۇ بەھرىمەن قىلىشنى ئويلايسىز. قەلبىڭىزگە سىغماي قالغان ناخشىلارنى تىڭشايدىغان ئادەمنىڭ بار ـ يوقلۇقىدىن قەتئىينەزەر، ئېيتماي زادى تۇرالمايسىز، ھەتتا ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالالماي ئۇسسۇل ئويناپ كېتىسىز.

بەلكىم باشقىلار مۇھەببەتكە ئىگە بولغان بولۇشى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن سىز ھامان ئۇنىڭ دولقۇنلىنىپ، ئۇرغۇپ تېشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز، دەريالار ھەرگىزمۇ سىزنى دەپ ئاقمايدۇ، سىزنىڭ بار ـ يوقلۇقىڭىز بىلەن ئۇنىڭ پەرۋايى ـ پەلەك، ئۇ ھەرگىزمۇ سىزنىڭ چاڭقىغانلىقىڭىز ئۇچۇنلا، ئېتىزلارنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكى ئۇچۇنلا ئاقمايدۇ. ئۇ پەقەت ئۆز يولى بىلەن ئېقىپ ئۆتىدۇ. شۇ پۇرسەتتە بەلكىم سىز ئۇسسۇزلۇقىڭىزنى قاندۇرۇۋېلىشىڭىز ۋە ياكى قۇرۇق تەلمۈرۈپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. بۇ ئۆزىڭىزگە باغلىق ئىش. دەريالار ھەرگىزمۇ سىزنىڭ رايىڭىزغا بېقىپ ئاقمايدۇ، سىز ئۇنىڭ بىلەن ئېتىزلىرىڭىزنى سۇغۇرۇۋالسىڭىز ياكى چاڭقاقلىقىڭىزنى قاندۇرۇۋالسىڭىز، بۇنى بىر تاسادىپىيلىق دېيىشكىلا بولىدۇ.

قەلبىڭىزدە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بولمايدىكەن، سىز خۇددى قەلەندەرگە ئوخشاش ئۇنى باشقىلاردىن تەلەپ قىلىسىز، باشقىلارمۇ سىزنىڭ ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئاتا قىلىشىڭىزنى كۈتىدۇ، بىرسى ـ بىرسىدىن مۇھەببەت سوراۋاتقان ئىككى قەلەندەر تەلمۈرۈشكەن ھالدا بىرسى ـ بىرسىگە قوللىرىنى ئۇزىتىشىپ قالىدۇ... ئاخىرقى ھېسابتا ھەر ئىككىلىسى مەغلۇپ بولغانلىقلىرىنى، بىرسى ـ بىرسىگە ئالدانغانلىقىنى چۈشىنىدۇ.

ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىش، قەلبىدە سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ زەررىچىسىمۇ بولمىغان بەزى كىشىلەر ئىشقى ـ مۇھەببەت ئوتىدا ئۆرتىنىپ يۈرىدۇ، دەل ئۇلارنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت دېگەن نەرسە بولمىغانلىقى ئۇچۇنلا، ئۇلارمۇ باشقىلارغا مۇھەببەت ئاتا قىلالمايدۇ. يېتىلمىگەن ئادەم ھامان ئىككىنچى بىر يېتىلمىگەن ئادەم بىلەن سۆيۈشۈپ قالىدۇ، چۈنكى پەقەت مۇشۇلارلا بىر ـ بىرسىنىڭ تىلىنى چۈشىنىدۇ، يېتىلگەن ئادەم بولسا چوقۇم يېتىلگەن ئادەمنى سۆيىدۇ.

ئالدى بىلەن سىز پىشىپ ـ يېتىلىشىڭىز كېرەك، بۇ مۇھەببەتنىڭ مۇھىم ئاساسى. شۇندىلا سىزمۇ پىشىپ يېتىلگەن جورىنى ئىزدەيسىز، پىشىپ يېتىلمىگەن ئادەم سىزنى ھەرگىزمۇ مەھلىيا قىلالمايدۇ. ئالايلۇق، سىز يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ تۇرۇپ ھەرگىزمۇ ئىككى ياشلىق بوۋاقنىڭ ئىشقى ئوتىدا كۆيۈپ يۈرمەيسىز، بۇنداق بولۇشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. سىز پىسخىك جەھەتتىن، مەنىۋى جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن ئادەم بولسىڭىز بىر بوۋاقنى ياخشى كۆرۈپ قالمايسىز، بۇنىڭ ئىنتايىن بىمەنە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسىز.

ئەمەلىيەتتە پىشىپ يېتىلگەن ئادەملەر مۇھەببەت سەۋدالىقىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، ئۇلار سۆيگۈ ئىچىدە يېتىلىدۇ،

سەۋدايىلىق ئۇلارغا خاس ئەمەس. پەقەت پىشىپ يېتىلمىگەن كىشىلەرلا ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا مۇھەببەت قايىنىمىغا غەرق بولىدۇ، كۆڭۈل توختىتىپ، مۇستەھكەم دەسسەپ تۇرالمايدۇ. بىرەر ئايالنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىدۇ، بىرەر ئەرنى ئۇچراتسىلا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويىدۇ، بۇنداق ئادەملەر كىشىلەرنىڭ ئايىغىغا باش قويۇشقا، ئۆملەشكە ھەرقاچان تەييار تۇرىدۇ، ئۇلار ئومۇرتقىسى يوقتەكلا لىڭشىپ تۇرىدۇ، ئەۋرىشىمدەك ئېگىلىدۇ، مۇستەقىللىقى بولمايدۇ.

پىشىپ يېتىلگەن ئادەملەر بولسا مۇستەقىل ياشاشتەك مۇكەممەللىككە يەتكەن بولىدۇ، ئۇلار باشقىلارغا مۇھەببەتنى بېغىشلىغاندا، ھېچقانداق شەرت تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇلار ئۆز مۇھەببىتىنىڭ مەقبۇل بولغانلىقىدىن مىننەتدار بولىدۇ، سىزگە تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

پىشىپ يېتىلگەن ئىككى ئادەم بىرسى - بىرسىنى ياخشى كۆرگەندە، ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە گۈزەل ھادىسە بارلىققا كېلىدۇ. گەرچە ئۇلار خۇددى بىر ئادەمدەك ئىجىل ۋە يېقىن بولۇپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز شەخسىيەتلىرىنى ھەرگىزمۇ يوقىتىپ قويمايدۇ، تولۇق مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىۋېرىدۇ، شەخسىيەتلىكى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئۇلار مۇھەببەتلىشىۋاتقان چاغدا، بىرسى - بىرسىگە ھۆنەر ئىشلەتمەيدۇ، دىپلوماتىك ۋاسىتە قوللانمايدۇ، بىرسى - بىرسىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنمايدۇ، بەلكى بىرسى - بىرسىنى تېخىمۇ ئەركىن قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئۆزىڭىز سۆيگەن ئادەمنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇشقا قانداقمۇ كۆڭلىڭىز ئۇنايدۇ؟

سىز ئۆيىڭىزگە قايتىپ بېرىپ، ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ھايات بېغىڭىزدا سۆيگۈ گۈللىرى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىپ، جاھانغا خۇش پۇراق چاچىدۇ، سىز سۆيگۈڭىزنى باشقىلارغا ئاتا قىلالايسىز. ھېچنېمىسى يوق ئادەم باشقىلارغىمۇ ھېچنېمە بېغىشلىيالمايدۇ. بېغىشلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز مەلۇم نەرسىگە نائىل بولۇشىڭىز كېرەك.

بەلكىم كېيىنچە سىز ئۆزىڭىز موھتاج بولغان مۇناسىۋەتلەرنى ئۇنتۇپ، ئۆز مەۋجۇتلۇقىڭىز ئۈستىدە، يەنى روھىيىتىڭىزنى تېخىمۇ پاك، سەزگۈر قىلىش ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتۇرۇشقا باشلىشىڭىز مۇمكىن. سىز ئۆزىڭىزنىڭ مەلۇم بىر مۇكەممەللىككە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلغانسىرى، قەلبىڭىزدە سۆيگۈنىڭمۇ شۇنچە تېز يېتىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

ئۇ ئېتىراپ قىلىنىشقا، چۈشىنىشكە موھتاج ئەمەس. ئۇنىڭغا ئىسپاتنامە تارقىتىپ بېرىش ھاجەتسىز، ئۇنى ھېچكىم تېتىپ باقمىسىمۇ بولىدۇ. باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى تاسادىپىيلىقتىن ئىبارەت. بۇ مۇھەببەت ئۈچۈن ئانچە مۇھىم نەرسە ئەمەس. مۇھەببەت ئۆز يولى بىلەن خۇددى دەريادەك ئېقىۋېرىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئېقىش جەريانىدىلا سىز بەخت ۋە خۇشاللىق ھېس قىلىسىز.. ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئېقىشى جەريانىدا، سىزدىكى كۈچ - قۇدرەتمۇ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

سىز ھېچكىم يوق بىر قۇرۇق ئۆيدە ئولتۇرغان بولسىڭىز، كۈچ - قۇدرىتىڭىز ئۇرغۇپ، سۆيگۈ - مۇھەببىتىڭىز پۈتۈن ئۆينى قاپلىغان بولسا، سىزگە تەشەككۈر ئېيتىدىغان ئادەممۇ بولمايدۇ. لېكىن سىزدىكى كۈچ - قۇدرەت ئۆز نۇرىنى چېچىۋېرىدۇ، مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋېرىدۇ.. شۇندىمۇ سىز ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلىۋېرىسىز، خۇددى شامال خۇش پۇراقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىسىمۇ، گۈل خۇش ھىدىنى تارقىتالىغانلىقى بىلەن ئۆزىنى بەختلىك سانىغانغا ئوخشاش.

مۇرتلىرىمنىڭ بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر مەن ھامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىمەن. مەن ھەرگىزمۇ ئۇلارغا بېقىنىپ ياشىمايمەن. مەنمۇ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇلارنى مەندىن مۇستەقىل ياشىسىكەن، دەيمەن.

مەن سىلەرگە ئەركىنلىك بېرىمەن، سىلەرنى ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ئاجىزلاشتۇرۇشنى خالىمايمەن، مەن سىلەرنىڭ پەقەت ئۆزۈڭلارگىلا ئوخشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىلەر مەندىن مۇستەقىل تۇرالىغان چاغدىلا، مېنى چىن دىلىڭلاردىن سۆيىدىغان بولىسىلەر.

مەن سىلەرنى سۆيىمەن، مەن سىلەرنى سۆيۈشكە مەجبۇر، مەن سىلەرنى سۆيمەسلىكتىن يوق، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، سىلەر يېنىمدا بولمىساڭلارمۇ مەن يەنىلا سىلەرنى سۆيۈۋېرىمەن، مېنىڭ مۇھەببىتىم پۈتۈن زالغا تولۇپ تاشىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. مەن بۇ دەرەخلەرنى، بۇ قۇشلارنى ئەبەدىلئەبەد سۆيىمەن، ئۇلار بۇ ئالەمدىن يوقىلىپ كەتسىمۇ، ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىم يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ، يەنىلا دەريادەك دولقۇنلىنىپ ئېقىۋېرىدۇ.

# باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلىگىلى بولامدۇ؟

ـ ئابلاجان ئۇمىدىيارغا ئوچۇق خەت

ئەزىزى

ئابلاجان!

بۇلتۇر مەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ سانىنى كۆرۈۋېتىپ سىزنىڭ «نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ دۇنياغا تارقىلىشى ۋە خەلقئارادىكى نەۋائىيشۇناسلىق» دېگەن ماۋزۇدىكى «ماقالىڭىز» نى كۆرۈپ تولىمۇ ئەجەبلەنگەنىدىم. چۈنكى بۇ ماقالە مېنىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «تۇتاشتۇرۇپ دىللارنى دىلغا» دېگەن ماقالەمدىن ئەينەن «ئۆزلەشتۈرۈلۈپ» ئارقىلىق «يېزىلغان» بولۇپ، ئاز ـ تولا بولسىمۇ ئىجادىي ئىزنا يوق ئىدى. مەن سىزنى مەن پايدىلانغان مەنبەدىن پايدىلاندىمىكىن دەي دېسەم، سىزنىڭ «ماقالىڭىز» دا سىز ئاساسلانغان ھېچقانداق مەنبە ئەسكەرتىلمىگەنىدى. سىزگىمۇ ئايانكى، ھەرقانداق بىر ئىزدىنىش مۇئەييەن پاكىت ۋە ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغان بولىدۇ. ئاساسى بولمىغان ھەرقانداق ئىزدىنىش ۋە ئۇچۇر كىشىلەرنى قايىل قىلالمايدۇ.

مەن سىزنىڭ «ماقالىڭىز» نى ئۇنتۇپ كېتىش ئۆتكۈلى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ قۇربى يەتمەيدىغان ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن قىلغان ئىش بولسا كېرەك دەپ قاراپ، بولدى قىلغاندىم. يېقىندا «مۇنبەر» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا بۇ ماقالىنى يەنە كۆرۈپ قالدىم ـ دە، ئەمدى يەنە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، سىزگە بۇ خەتنى يېزىش قارارىغا كەلدىم. سىزنىڭ «مۇنبەر» ژۇرنىلىدىكى «ماقالىڭىز» غا گەرچە «ئاپتور بۇ ماقالىنى 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك نەۋائىيشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، يىغىن جەريانىدا ئىگىلىگەن يېڭى ئۇچۇرلار ئاساسىدا يازدى» دەپ ئەسكەرتىش بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن سىزنىڭ قانداق ئۇسۇللار بىلەن قايسى مەنبەلەردىن ئۇچۇر ئىگىلىگەنلىكىڭىز ھەققىدە ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك ھېچقانداق مەلۇمات يوق. «ئەسىرىڭىز» نىڭ ئافغانىستاندىكى نەۋائىيشۇناسلىققا ئائىت قىسمىدا «بىز ئىگىلىگەن چەكلىك ماتېرىياللارغا» دېگەن سۆزدىن كېيىن ئىزاھات بېرىپ، مېنىڭ «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن يۇقىرىقى ماقالەم ئەسكەرتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن سىزنىڭ مېنىڭ ماقالەمدىن سىتات ئالغانلىقىڭىز ياكى ئىجادىي پايدىلانغانلىقىڭىزنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەن بۇ نۇقتىنى، كۆچۈرمىچىلىك قىلمىشىنى ئوقۇرمەنلەردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن ئەتەي قىلىنغان ئىش دەپ چۈشەندىم. لېكىن ھەرقانداق سەگەك ئوقۇرمەن سىز ئىزاھ بەرگەن نۇقتا بىلەن مېنىڭ ماقالەمدىكى مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسىلا، بۇنىڭ ئۇپئوچۇق كۆچۈرمىچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ.

ئابلاجان، سىز ئۆز ماقالىڭىزنى كۆچۈرۈپ «قۇراشتۇرۇش» جەريانىدا، چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بىر قىسىم نۇقتىلارنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىپسىز. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى، يەنە كېلىپ مېنى ئالداشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇپ قاپسىز.

ئابلاجان، مەن ئۆزۈم يازغان ھەربىر ئەسەرگە قابىلىيىتىم ۋە ئىمكانىيىتىم يار بەرگەن دائىرىدە جاۋابكارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن. شۇڭا يۇقىرىقى ماقالەمدە ئۆزۈم ئاساسلانغان مەنبە ۋە ئۇچۇرلارنى تولۇق ئەسكەرتىپ ئۆتكەنمەن ھەم بۇنى ئىلىم يولىدىكى ئىزدىنىشنىڭ ئەقەللىي شەرتى دەپ قارايمەن.

مېنىڭ نامىم بىلەن ئېلان قىلىنغان ھەربىر ئەسەر ئىگىدارچىلىق نۇقتىسىدىن پەقەت ماڭىلا تەئەللۇق. ئۇنى باشقىلارنىڭ خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلىشى ماڭا قىلىنغان بىر ھاقارەت ھېسابلىنىدۇ. شۇ نۇقتىدىن سىزگە بۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەگەر سىز مېنىڭ بۇ يازغانلىرىمغا قايىل بولمىسىڭىز، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا دەلىل ـ ئىسپاتلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويسىڭىز بولىدۇ.

ھەرقانداق بىر مېھنەت ھالاللىق ئۈستىگە قۇرۇلغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولىدۇ. مەن سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىزدىنىشلىرىڭىزگە ئەستايىدىللىق، سەمىمىيلىك ۋە ئۇتۇق تىلەيمەن.

# ئاشىن ئالماس رېستورانى











ئاشىن ئالماس رېستورانى تىجارەت باشلىغان بەش يىلدىن بۇيان،
بدارلارغا قىزغىن، ئەلا مۇلازىمەت قىلىشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ،
دا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، باج ۋە سەھىيە ئورۇنلىرىنىڭ
كىلمە ـ تۈزۈملىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، تىجارەتنى قانۇنلۇق ئاساستا
ەقىي قىلدۇردى ھەم ئىش ئورنىدىن قالغانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ،
مئىيەت مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

بىر قېتىمدا 300 كىشىلىك مېھماننى ئۈزۈتىشقا بولىدىغان، ئايرىم
ملىرى بار بۇ رېستوران ھەر خىل توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، دوستلار
برىشىش ۋە چايلارنى ئۆتكۈزۈشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. 200 كىشىدىن
تۇق مېھمان چاقىرغانلارغا ئاق ئالتۇنلۇق ئالماس ئۈزۈكتىن بىرى
ۇغا قىلىنىدۇ. توي ئۆتكۈزگۈچىلەرگە باغاق ھەقسىز تەمىنلىنىدۇ.

جۇشقۇن ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە قىزىقارلىق سەنئەت نومۇرلىرىدىن زوق
مپ، تەملىك ئۇيغۇر تائاملىرى ۋە ھەر خىل تېتىملىق قورۇمىلاردىن
زەتلىنىڭ!

دىرېكتور: توختى ئابدۇللا

ئورنى: شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇت يولى لىيۇشەن بازىرى 25—17—A
نۇر (شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇت قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا يېنىدا)

ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 4360725، يانفون: 13999103479



# ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان
# شىنجاڭ قاتناش مەكتىپى



شىنجاڭ قاتناش مەكتەپ، شىنجاڭ قاتناش تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ بىرى
لۇپ، ئۇ رايونىمىزدىكى بىردىنبىر تاشيول قاتناش قۇرۇلۇشى ۋە تاشيول قاتناش ترانسپورت كەسپى بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرىنى
بىيىلەشنى ئاساس قىلغان دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق كەسپىي تېخنىكوم مەكتەپ، ھازىر بۇ مەكتەپتە 4140 نەپەردىن ئوشۇق ئوقۇغۇچى
ر بولۇپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ئىلغار ۋە تولۇق بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە.

بۇ مەكتەپ ئۇزۇن يىللىق مەكتەپ باشقۇرۇش جەريانىدا ھەر خىل كەسپلەر بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئىشچىلار تېخنىكومى، ئالىي
سپىي تېخنىكوم، تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرسلارنىڭ ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش، ھەر خىل قىسقا كۇرسلاردا تەربىيلەش قاتارلىق كۆپ
لاملىق، كۆپ شەكىللىك مەكتەپ باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مەكتەپ ھەر خىل بازار ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلەپ، ھەر خىل
لار ئارقىلىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە «مەكتەپ
تتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ
قا ئورۇنلىشىش خىزمىتىدە
ار كوللېكتىپ» دېگەن
رەپلىك نامنى ساقلاپ
لمەكتە. مەكتەپ مۇھىتىنىڭ
زەللىكى، ئېسىل مەكتەپ
ئىلى، ئەلا مۇلازىمىتى بىلەن
تونوم رايون دەرىجىلىك
ەدەنىيەتلىك ئورۇن» ۋە
ھەر تەرىپىدىن «باغچىلاش
ن مەكتەپ» دېگەن شەرەپ
ك نامغا ئېرىشكەن.

ئاپتونوم رايوننىڭ «دۆ
لىك كەسپىي تېخنىكا
ھارىتىنى باھالاپ بېكىتىش
ستنچى پونكىتى» بۇ مەكتەپكە
سىس قىلىنغان بولۇپ،
توموبىل شوپۇرلۇقى،
رېمونتچىلىقى ۋە تاشيول
قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ
ئۆلچەش قاتارلىق 15 تۈر
بويىچە تېخنىكلىق تەربىيلەش
ھەمدە باھالاپ بېكىتىش
خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالغان.

بۇ مەكتەپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ مەكتەپكە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشىنى، شۇنداقلا دۆلەت ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بولغان قاتناش ساھەسىدە ئىگىلىك تىكلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش ئىشلىرى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشىنى قارشى ئالىدۇ.



ئىنتىپاقلىشىپ ئىرىشىپ ئىلگىرىلەۋاتقان مەكتەپ
رەھبەرلىك كوللېكتىپى


مەكتەپ ئادرېسى: شىنجاڭ مىچۈەن شەھىرى دوستلۇق يولى 22 - نومۇر
مەكتەپ تور ئادرېسى: Http//www. xjjt. edu. cn پوچتا نومۇرى: 831401
ھەقسىز مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 2233 - 893 - 800
ئالاقىلىشىش تېلېفونى:
مەكتەپ رەھبەرلىكى: 0991 - 6866501
ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى: 6861343 0991 - 6861415
چوڭلار مائارىپى ئوقۇتۇش ئىشخانىسى: 0991 - 6861427